# «چەت ئەلدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر»نىڭ
# قىسقىچە مەزمۇنى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — جوڭگولۇقلارنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى ۋە نۇقتىئىينەزەرلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى. ئۇلار دۇنيانىڭ ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە باشقا ھەر خىل قىممەت قارىشىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ نەزىرى بىلەن (باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تاڭغان نۇقتىئىينەزىرى بىلەن ئەمەس) كۆزىتىدىغان بولدى.

جوڭگولۇقلارنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتى ماددىي مەدەنىيەتكىلا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەتكىمۇ ئېھتىياجلىق. چۈنكى، ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجنىلا قوغلىشىپ، نۇقتىئىينەزەر، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىغان مىللەت يەنىلا قالاق مىللەت ھېسابلىنىدۇ!

قەدىمكىلەر: «ئوقۇدۇم مەن تۈمەنمىڭ كىتاب، بولۇپ قۇرلىرىدا جاھان كەزگەندەك!» دېگەنىدى. بۇ ئەقلىيە سۆزگە: «باشقا ئەلنىڭ ياغىچى، ساپانغا ساپاق بولۇر!» دېگەن چوڭقۇر ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. ئۇ كىشىلەرنى «تۈمەنمىڭ كىتاب ئوقۇپ»لا قالماستىن، بەلكى «قۇرلىرىدا جاھان كېزىش»كە، «كىتاب» دېگىنى ئەمەلدە كۆرستىشكە ئۈندەيدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن «باشقا ئەلنىڭ ياغىچى» دىن ئۆزىمىزنىڭ «ساپان»لىرىغا «ساپاق» ياسىغلى بولىدۇ!

ئاپتور كۆپ يىللاردىن بېرى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم مۇھەررىر. ئۇ 2001 — يىلى 11 — ئايدىن 2002 — يىلى 9 — ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستاندا، غەربىي ئاسىيادىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋە شەرقىي

ئاسىيادىكى ياپونىيىدە ئارقا — ئارقىدىن زىيارەتتە بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ ئىلگىرى — ئاخىر بولۇپ، قازاقىستاندىكى ئالما ئاتا شەھىرىدە، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە، مەدىنە ۋە جىددە شەھەرلىرىدە، شۇنىڭدەك ياپونىنىڭ خوككايدو ئارىلىدىكى ساپوررو، ئوتارو، فۇرۇبىرا، شاكوتان، چىۋىس ۋە ئابۇتا قاتارلىق شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل زىيارەتتە بولدى.

«چەت ئەلدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» — ئاپتورنىڭ «يەتتىسۇدىكى كۈنلەرۋە تۈنلەر»، «ھىجازدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر»، «خوككايدودىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» قاتارلىق ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن «ساياھەت ئەدەبىياتى» خاراكتېرىدىكى ئەسىرىدۇر.

«يەتتىسۇدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» — ئاپتورنىڭ 2001 — يىلى 11 — ئايدا قەدىمكى چاغلاردا «يەتتىسۇ» دەپ ئاتالغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان زىيارەت خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ.

«ھىجازدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» — ئاپتورنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدىكى مەككە، مەدىنە ۋە جىددە شەھەرلىرى جايلاشقان ھىجازدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان.

«خوككايدودىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» دە ئاپتور ئاۋۋال ھازىرقى ياپونىيىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى مەلۇم قىزىق نۇقتىلارنى ئۇدۇلدىن بايان قىلغان، ئاندىن ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل ئارال — خوككايدونىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى ۋە بۇ يەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆرپ — ئادەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە سېزىمىغا ئاساسەن يان تەرەپتىن بايان قىلغان.

ئابدۇۋەلى ئەلى

# چەت ئەلدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر

— چەت ئەلگە چىققان بىر ساياھەتچىنىڭ خاتىرىسىدىن

# كىرىش سۆز

مەن ئەللىك ئۈچ ياشقا تولغان، قىرانلىق يېشىغا ئۇلاشقان ۋاقتىمدا ۋەتەندىن چېگرا ئاتلاپ چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشىمغا توغرا كەلدى. ئويلاپ كۆرسەم، مۇشۇ ئەللىك ئۈچ يىل ئىچىدە ئەللىك ئۈچ ياز، ئەللىك ئۈچ قىشنى ۋە جەمئىي ئون توققۇز مىڭ ئۈچ يۈزقىرىق بەش كۈن بىلەن يەنە شۇنىڭغا تەڭ مىقداردىكى تۈنلەرنى ۋەتەن قوينىدا يۈرۈپ ئۆزىتىپ قويۇپتىمەن!

ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، خۇشۇت ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى مۇھەممەت تۇردى ئىسىملىك بىر ياش بالىنى بىزنىڭ مەكتىپىمىز (ھازىرقى باغراش ناھىيىسى ساغاننۇر يېزىلىق 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) گە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلدى. ئۇ جۇغى كىچىكرەك، ئورۇق، ئاق پىشماق بىر يىگىت ئىدى.

مۇھەممەت تۇردى مۇئەللىم تۇنجى قېتىملىق دەرسىدە دوسكىغا بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسىنى ئېسىپ قويۇپ، خەرىتىدىن بىزگە دۇنيادىكى يەتتە قىتئە، تۆت ئوكيانىنى ۋە مەشھۇر جايلارنى يەنە دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئورنىنى، ئەتراپىمىزدىكى قوشنا ئەللەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، بىز ھەر قېتىمقى دەرستە سىنىپتا ئولتۇرۇپلا پۈتۈن دۇنيانى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ چىقالايدىغان بولدۇق!

بىر كۈنى مەن سىنىپتا ئولتۇرۇپ، دۇنيا خەرىتىسىگە قاراپ خىيال سۈرگىنىمدىن تەنەپپۇس ۋاقتىنىڭ قانداق توشۇپ قالغانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپقا قانداق كىرگەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. بېشىمغا ئاستا تەگكەن شاپىلاقتىن چۆچۈپ قارىسام، ئوقۇتقۇچى مېنى «دوسكىغا چىق!» دەپ بۇيرۇۋاتقانىكەن!

— سەن نېمىگە مۇنداق هاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچى مېنىڭدىن، — هاڭۋاقتى بولۇپ قالمىغىن يەنە!

— مۇئەللىم، مۇئەللىم! — دەپ تەڭلا چۇرقىراشتى باشقا ساۋاقداشلىرىم، — ئۇ هازىر چەت ئەلدە ساياهەت قىلىۋاتىدۇ!

— شۇنداقمۇ تېخى؟! — دەپ سورىدى مېنىڭدىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ جاۋابىغا قىزىققان ئوقۇتقۇچۇم، — هە، ساياهىتىڭ كۆڭۈللۈك بولۇۋاتامدۇ؟

مەن جاۋاب بېرەلمەي بولغۇچىلىك، هېلىم سەمەت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم:

— مەن ئۇنىڭغا: «ئەخمىقانە خىياللاردا بولما، كېيىن ئېيتىمەنكى، سەن ئۇنداق يىراق يەرلەرگە ئۆمرۈڭدە بارالمايسەن!» دېدىم! —دېدى ۋارقىراپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا، ئوقۇتقۇچىم مۇھەممەت نۇردىنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى — دە ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق دېمە! مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسىچۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇنجى قېتىم چەت ئەللەردە ساياهەت قىلغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالامدۇ، تېخى! چۈنكى هاياتتىكى ئىشلارغا كېيىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ! — دېدى.

مەن ساۋاقدىشىم هېلىم سەمەتنىڭ ئېيتقان هېلىقى سۆزىگە قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى: «ئۇ قانداقلارچە مېنىڭ كەلگۈسى ئىشىمغا كېيىن بىر نېمە دەيدىكىنە؟!» دەپ ئويلىدىم. بىراق، قاتتىق ئاچچىقىم كەلگەنلىكتىن هېچنېمە دېيەلمىدىم. پەقەتلا: «كەلگۈسىدە چوڭ بولۇپ،

جىق پۇل تېپىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئۆزۈمنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام!» دەپ نىيەت قىلدىم.

مېنىڭ بۇ بالىلارچە خىيالىمنىڭ قىرىق بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۆزۈممۇ ئويلىمىغانىكەنمەن. ھەقىقەتەن، ھاياتنىكى ئىشلارغا ئالدىن ـ ئالا كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدىكەن ...

# بىرىنچى قىسىم

## يەتتىسۇدىكى كۆنلەر ۋە تۆنلەر

# دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈش

مەن ئەتىگەن سائەت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) 8:00 دە دۆلىتىمىز چېگرىسىدىكى xxx ئېغىزىدا مېنى ئۈزۈتۈپ چىققان رىھىم ۋە ئىلھام دېگەن ئىككى ئىنىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتىمنى بېجىرىش ئۈچۈن تاموژنا زالىغا كىرىپ كەتتىم. بۇ چاغدا، چېگرىدىن چىقىدىغانلار ئالدىراقچان زال ئىچىدە ئۇزۇن بىر قاتار ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇشقانىكەن.

تاموژنا خادىملىرى ھەر بىر كىشىنىڭ پاسپورتىنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ، زادى مەسىلە يوق ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن پاسپورتقا «تاق!» قىلىپ تامغا ئۇراتتى — دە، گېزەكتىكىسىنى چاقىراتتى. سائەت 9:00 لاردا ماڭا نۆۋەت كەلدى. مەن خاتىرجەم ھالدا پاسپورتۇمنى يېنىمدىن چىقىرىپ، تەكشۈرگۈچى خادىمنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

چېگرا خادىملىرى ئىنتايىن ھوشيار، ئىنتايىن ئېھتىياتچان، ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قاتتىق، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھوشيار كۆزلىرىدىن ھەر قانداق شۈبھىلىك نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. چېگرا خادىمى مېنىڭ پاسپورتۇمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پاسپورتتىكى تۈرلۈك مەلۇماتلارنى

ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا بىر — بىرلەپ كىرگۈزۈپ، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئاندىن مېنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— نەگە بارىسىز؟

— ئالمائاتاغا بارىمەن.

— نېمىشقا؟

— تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن.

— تۇغقىنىڭىز كىم؟

— ماھمۇت.

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئاشپەزلىك قىلىدۇ.

— ئۇ سىزگە قانداق تۇغقان بولىدۇ؟

— ئۇ مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم بولىدۇ.

تەكشۈرگۈچى ئۆزىنىڭ سورىغان سوئالىغا مېنىڭ قىلچىمۇ ھودۇقماستىن، بىمالال بېرىۋاتقان جاۋابىمنى ئاڭلاپ، پاسپورتۇمنى كومپيۇتېردىكى مەلۇماتلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قايتا سېلىشتۇرۇپ، ئاخىر پاسپورتۇمغا «تاق!» قىلىپ تامغا باستى — دە، ماڭا: «ئەمدى چېگرىدىن چىقسىڭىز بولىدۇ!» دېدى. مەن قول سومكامنى كۆتۈرۈپ، ئېغىزدىن ئەمدىلا ئۆتۈشۈمگە بىر ھەربىي كېلىپ، مېنى ياندىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى بۇيرۇدى ۋە قولۇمدىن پاسپورتۇمنى ئېلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئالاھەزەل سائەت 10:00 لاردا، ئۈچ ھەربىي مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، مېنى ياندىكى بىر ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇدى. مەن ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ قارىۋېدىم. ئۆينىڭ ئىچىدە ئاددى سافا ۋە پاكار شىرە قويۇقلۇق ئىكەن. ئۇلار ماڭا قول سومكامدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شىرە ئۈستىگە تۆكۈشكە بۇيرۇدى. قول سومكامدا لۇڭگە، سوپۇن، چىش

چوتكىسى، چىش پاستىسى، كۆرۈشكا، زۇكام دورىسى، ئۆت ياللۇغى دورىسى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار سومكامنى تەپسىلىي ئاختۇرۇپ، گۇمانلىق نەرسىلەرنى بايقىمىغاندىن كېيىن، ھېلىقى دورىلارنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ نېمە» دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا: «نېمە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۈستىدە يېزىقلىق تۇرمامدۇ؟» دەپ سوغۇققىنا جاۋاب بەردىم.

ئۇلار ئاخىر ماڭا: «شىرە ئۈستىدىكى نەرسىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ، ماشىنىغا چىقسىڭىز بولىدۇ!» دېدى. مەن نەرسە كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، پاسپورتۇمنى ئېلىپ قارشى تەرەپنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا ئاپىرىپ قويىدىغان ئاپتوۋۇزغا ئون يۈەن تۆلەپ بېلەت ئالغاندىن كېيىن، بىر رۇس ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، بۇ چاغدا سائەت دەل 00 : 10 بولغانىدى! مەن ئولتۇرغان ئاپتوۋۇز ئەمدىلا قوزغىلاي دېۋىدى، بىر ھەربىي يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ، شوپۇرغا توختاشنى بۇيرۇدى ۋە ئاپتوبۇسقا چىقىپ مېنىڭدىن پاسپورتۇمنى چىقىرىشىمنى ۋە مېنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن يەنىلا خاتىرجەم ھالدا يېنىمدىن بىمالال پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ھېلىقى ھەربىيگە ئۇزاتتىم. ئۇ پاسپورتۇمنى ئېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. توپتوغرا قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە، ھېلىقى ھەربىي قېشىمغا كېلىپ، پاسپورتۇمنى قولۇمغا بەردى ۋە «كەچۈرۈڭ، سىزنى مالال قىلىپ قويدۇق!» دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پاسپورتۇمنى ئۈچ قېتىم قايتا - قايتا تەكشۈرگىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويالامسىز؟» دەپ سورىدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەچۈرۈڭ، بىز سىزنى باشقا بىرسىگە ئوخشىتىپ قويۇپتىمىز، — دېدى ھېلىقى ھەربىي سوئالىمغا جاۋابەن.

— مەن سىلەر ئىزدىگەن ئادەمگە ئوخشامدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدىم كۆلۈپ تۇرۇپ.

— ياق، ئوخشىمايدىكەنسىز. بىراق، ئىسمىڭىز ئوخشىشىپ كېتىدىكەن!

— ئىسمىمدىكى خەنزۇچە خەتلەر ئوخشىشىپ كېتەمدىكەن؟

— ئىسمىڭىزدىكى خەنزۇچە خەتلەر ئوخشىشى كەتمىسىمۇ، ئەمما، ئاھاڭداشلىق جەھەتتە ئوخشىشى كېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئادەتتە دۆلەت ئىچىدە پۇقرالارنىڭ ئىسمىدىكى خەنزۇچە خەتلەردىن بىرەرسى ئوخشاشماي قالسىمۇ، — دېدىم مەن يەنىلا كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىرەر ئىشنى بېجىرىش زادىلا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىسمىمدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئاھاڭداشلىقى تۈپەيلىدىن مەن قانداقسىگە سىلەر ئىزدىگەن ئادەم بولۇپ قالغىدەكمەن؟

— شۇڭا «ئوخشىتىپ قاپتۇق» دېدىمغۇ؟ ۋاي ـ ۋۇي، سىز خەنزۇچىنى ئاجايىپ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز — غۇ نېمە خىزمەت قىلىسىز؟

— مەن مەدەنىيەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىمەن.

— پېشقەدەم يولداش ئىكەنسىز. بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنگەن بولسىڭىز؟ — دەپ ئۆلتىجا قىلدى مېنىڭدىن ئۇ، — ئالدىڭىزدا كۆپ ئۆزرىلىكمىز!

— مەنغۇ چۈشىنىمەن، بىراق، سىزمۇ مېنى چۈشەنگەن بولسىڭىز! — دېدىم مەن كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىز بىر بىرىمىزنى كۆپرەك چۈشەنگەن بولساق، بايىقىدەك ئاۋارىچىلىقلار كۆپ سادىر بولمىغان بولاتتى!

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋابەن:

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان! — دېۋىدى، ئىككىمىز تەڭلا كۆلۈشۈپ كەتتۇق!

مەن بۇ چاغدا سائىتىمگە قارىسام سائەت 11 گە 10 مىنۇتلا قاپتۇ. قارشى تەرەپ چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا مەن ئۇشۇق پاراڭ قىلماستىن ماشىنىغا چىقتىم — دە، قارشى تەرەپ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يۈرۈپ كەتتىم. مەن كېتىۋېتىپ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ۋەتىنىمنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا ئاخىرقى قېتىم قارىغىنىمدا خۇددى بارسا - كەلمەس يولغا كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ كۆڭلۈم بىردىنلا بۇزۇلدى، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى.

بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ چېگرا قاراۋۇلغا يېتىپ كەلدۇق. چېگرادا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر داۋام قىلغان ئاشۇ چاغلاردىكى جىددىي ھالەتتىن ھازىر ئەسەر قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئاشۇ بەختسىز يىللارنىڭ ئىزنالىرى بولغان ئاكوپ، بىلىنداۋلارنىڭ ئىزلىرى، چېگرىدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتكۈچىلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن توك قويۇپ بېرىلگەن ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىكەنلىك سىم تورلارنى ياقىلىتىپ يىگىرمە مېتىر كەڭلىكتە باشتىن - ئاياق تىراكتور بىلەن ھەيدەپ تاشلانغان ئېھتىيات لىنىيىسى ۋە ئېگىز كۆزىتىش ۋىشكىلىرى ھازىرمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

چېگرىدىن مېنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەمراھىم xxx قارشى تەرەپنىڭ 1 - قاراۋۇلنىڭ قولىغا ئازاراق پۇل تىققاندىن كېيىن، بىز قارشى تەرەپنىڭ تاموژنىسىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدۇق. قاراۋۇلنىڭ بىزگە بەرگەن يېشىل كارتىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويۇپ، تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتى ئۆتەش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇردۇق. بۇ چاغدا، مېنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ھېلىقى ھەمراھىم xxx ماڭا: «ھېلىقى كۆك كارتىنى مەھكەم ساقلاڭ، كېيىن چېگرىدىن چىقىشتا ئاشۇ كارتا بولمىسا، ئۇشۇق شتىراف (جەرىمانە) تۆلەپ كېتىسىز!» دەپ جېكىلىدى.

بىز قارشى تەرەپ تاموژنا خادىمى تارقاتقان بىر ۋاراق جەدۋەلنى تولدۇرۇشقا باشلىدۇق. بۇ جەدۋەلنىڭ نامى رۇسچە: «دىكلاراتسىيە» دەپ ئاتىلىدىكەن: ئۇيغۇرچە «ئىلتىماسنامە»، خەنزۇچە «شېنباۋدەن» دېيىلىدىكەن. مەن دىكلاراتسىيىگە چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەن پۇل، فوتو ئاپپارات، ئۈنئالغۇ، ھەر خىل قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ ئېنىق مىقدارىنى تولدۇردۇم. ھەمراھىم xxx دىكلاراتسىيىنى تولدۇرۇشتىن ئىلگىرى مېنى: «يېنىڭىزدىكى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئېلېكترىك بۇيۇملارنى چوقۇم تولۇق، ئېنىق تولدۇرۇڭ، بولمىسا، ناھەق شتراف (جەرىمانە) تۆلەپ كېتىسىز!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانلىقتىن، مەن ئېلىپ ماڭغان پۇل - پىچەك، نەرسە - كېرەكلىرىمنىمۇ ئېنىق، تولۇق تولدۇردۇم.

دىكلاراتسىيىنى تولدۇرۇپ بولۇپ، قائىدە بويىچە مەن چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىمنى بېجىرىش ئۈچۈن تۇرغان كىشىلەرنىڭ كەينىدە ئۆچىرەتتە تىزىلىپ تۇردۇم. تاموژنا زالىدا چېگرىدىن ئۆتۈش ئېغىزى ئاران بىرلا ئىكەن! كىشىلەر بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالدىغا سۈرىلىپ تۇراتتى. سائىتىمگە قارىسام، ئىشتىن چۈشىدىغانغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. شۇڭا، سەۋر - تاقەت بىلەن نۆۋەت كۈتمەكتىن باشقا ئامال بولمىدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىش ئۇنۇمىنىڭ ئاستىلىقى دۆلىتىمىزدىكىنىمۇ ئارقىدا ئىكەن! ئون بەش — يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بىر قېتىم «تاق، تاق!» قىلىپ ئۇرۇلغان تامغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ ئاۋاز بىر ئادەمنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىمنىڭ تاماملانغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى! مەن تاقەتسىزلەنگەنلىكىمدىن ئۆز - ئۆزۈمگە: «بۇلارنىڭ ئىش ئۇنۇمى نېمىدېگەن ئاستا!» دەپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن.

— بۇ دۆلەتتە ئىش ئۇنۇمى مانا مۇشۇنداق ئاستا! — دېدى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ يېنىمدا تۇرغان بىر ۋەتەندىشىم مېنىڭ

بايىقى سۆزۈمگە جاۋابەن. سالاپىتىدىن ئۇنىڭ بىلىملىك كىشى
ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن
كېيىن، سوتسىيالىستىك قازاقىستان بىراقلا كاپىتالىستىك
قازاقىستانغا ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ دۆلەتنىڭ
باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىمۇ ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا
كەلدى. ئەسلىدىكى بىر قاتار سوتسىيالىستىك باشقۇرۇش
تۈزۈملىرى پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلاندى، كاپىتالىستىك
باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تېخى پۈتۈنلەي مۇكەممەللىشىپ
كەتمىدى. ھەقىقى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە بۇنداق يالقاۋلىققا
مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ! شۇنداقلا ھەقىقى كاپىتالىستىك
تۈزۈمدىمۇ بۇنداق يالقاۋلىققا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە!
شۇڭا، ھازىرقى قازاقىستاندا ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەننىڭ،
ئىشچان بىلەن يالقاۋنىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئانچە پەرقى
بولمىغاچقا، ئىشنى ئاخساتقۇچىلار بىلەن كىمنىڭ كارى بولسۇن
دەيسىز! پىكىر قىلىسىڭىز ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. نە دۆلەتنىڭ
ئوبرازى، نە «كۆزنەك ئوبرازى» دېگەنلەر بۇ ئەلدە نۆلگە تەڭ!
...

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئەمما،
ئۇندىمىدىم.

چەت ئەللىك بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن مەن بۇ يەردە
قازاقىستاننىڭ «سوتسىيالىزم» دىن «كاپىتالىزم» غا ئۆزگىرىپ
كەتكەنلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە ھېچقانداق باھا بەرمەكچى
ئەمەسمەن! ھەتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاسمىنىدا، جۈملىدىن
قازاقىستان ئاسمىنىدا يەتمىش يىل لەپىلدىگەن قىزىل بايراقنىڭ
ئاخىر يەرگە چۈشكەنلىكى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ جۈملىدىن
قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئۈستىدە
سىياسىي مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمۇ ئەمەسمەن. چۈنكى، ھەر بىر
دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۆزلىرى

تاللىۋېلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ مەن بۇنداق تاللاش ھوقۇقى تولۇق ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

مەن بىر جۇڭگولۇق ساياھەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن قازاقىستاندا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنى ئەينەن، ئوبيېكتىپ، ھېچقانداق غەرەزسىز ھالدا ئوقۇرمەنلەرگە بايان قىلىپ بەرمەكچىمەن، خالاس!

مەن ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت ئاڭلاپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندىم.

مەن پاسپورتۇم بىلەن دېكلاراتسىيىنى يېنىمدىن چىقىرىپ ئۇزاتتىم. دېرىزىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ياش بىر پاگرانچىك پاسپورتۇمنى قولىغا ئېلىپ، ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كەتتى-دە، ئاندىن ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا بىر ھازا سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، ماڭا:

— بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇر، — دېدى قوپاللىق بىلەن قولىنى شىلتىپ.

مەن نائىلاج بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردۇم. بۇ چاغدا يەنە بىر پاگرانچىك دەرھال يېنىمدا پەيدا بولدى. مېنىڭ ھەمراھىم xxx «جىددىيلەشمەڭ!» دېگەندەك قىلىپ قولۇمنى قىسىپ قويدى.

مەن قازاقىستان تاموژنىسىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر بىلەن تاموژنا خادىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇردۇم. بەزىلەر رەسمىيەتلىرىنى ناھايىتى تېز بېجىرىپ تاموژنىدىن ھەش-پەش دېگۈچىلىك ئارىلىقتا ئۆتۈپ بولدى. يەنە بەزىلەر بولسا، بايىقى ئاستا سۈرئەت بىلەن بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالدىغا سۈرۈلۈپ تۇراتتى. تاموژنا خادىملىرى ئاجايىپ پارىخور، مۇتقا زەھەر يوتۇشتىن يانمايدىغان تولىمۇ يۈزى قېلىن ئادەملەر ئىكەن! ئۇلار تاموژنىدىن ئۆتىدىغان ھەر بىر ئادەمدىن قىلچىمۇ تەپتارتماستىن پۇل تەلەپ قىلىشاتتى. مەن بۇ خەقنىڭ پۇلغا تولىمۇ ھېرىسمەن

ئاچ كۆز خەق ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە قولۇمنىڭ دۈمبىسىنى چىشلەپلا قالدىم! ئالدىمدا ئۆچۈرەتتە تۇرغان بەزى «ئەقىللىق» كىشلەر تاموژنىدىن ئوڭۇشلۇق، تېزرەك ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن پاسپورت ئىچىگە ئون دوللارلىق، يىگىرمە دوللارلىق، ھەتتا ئەللىك، يۈز دوللارلىق تىزىلارنى قىستۇرۇپ تاموژنا خادىملىرىغا بېرىۋاتاتتى. تاموژنا خادىملىرى پاسپورت ئىچىگە قىستۇرۇلغۇق پۇللارنى قىلچىمۇ ئويالماستىن چۆنتىكىگە سېلىۋالاتتى — دە، پاسپورتنى تۇزۇكمۇ تەكشۇرمەستىنلا ھېلىقى «ئەقىللىقلەر»نى تاموژنىدىن ئۆتكۈزىۋېتىشەتتى! بىراق، ئىشنىڭ يولىنى ئۇقمىغان ماڭا ئوخشاش «نادان» كىشلەر بولسا بىر تەرەپتە كۆزىنى پارقىرىتىشىپ قاراپ قېلىشاتتى.

بىر چاغلاردا، مېنىڭ ھەمراھىم xxx ھېلىقى تاموژنا خادىمىنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋېدى، ئۇ:

— ئۇنداق بولسا، بىر ئادەمگە 800 تەڭگىدىن جەمئىي 1600 تەڭگە بەرسەڭ، سېنى ۋە بۇ ئادىمىڭنى چېگرىدىن ئۆتكۈزىمەن! بولمىسا، چېگرىدىن ئۆتكۈزمەيمەن! — دېدى.

ھەمراھىم دەرھال يېنىدىن 800 تەڭگىنى چىقىرىپ ھېلىقى تاموژنا خادىمىغا بەردى — دە، ئۆزى تاموژنىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى!

ئۇ تاموژنىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ماڭا: «ھەرگىز پۇل بەرمەڭ!» دەپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى تاموژنا خادىمى بىلەن يەنە بىر ھازاغىچە سودىلاشتى.

قازاقىستاندا رۇبلى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن «تەڭگە» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇل ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى رۇبلىسىنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. 17 قازاقىستان تەڭگىسى بىر يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ ئىدى. دېمەك، 1600 قازاقىستان تەڭگىسى

تەخمىنەن 90 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ ياكى تەخمىنەن 10.60 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ، دېگەنلىك بولىدۇ!

ئاخىر، ئۇلار كام قىسمىنى يەنە بىر قېتىمدا تولدۇرۇپ بېرىدىغان بولۇشۇپ، سودىدا پۈتۈشتى. شۇنداق قىلىپ بىز تاموژنىدىن مىڭبىر جاپادا ئاران ئۆتۈۋالدۇق. بۇ چاغدا سائەت 12 گە بەش مىنۇت قالغانىدى!

مەن تاكسى ماشىنىلىرى توختايدىغان مەيدانغا كېتىۋېتىپ، ھەمراھىمدىن بايىقى ئىشلارنى سورىدىم. ئۇ ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى:

— بۇرۇنقى چاغلاردا بىز تاموژنىدىن ئۆتكەندە ئۇلار ھەرگىز پۇل ئالمايتتى، — دېدى ئۇ بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ، — بىراق، چېگرىدىن ئۆتىدىغانلار ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكتىن، «پۇل بەرسەم مېنى ئىتتىك ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ» دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ چېگرىدىن قانۇنلۇق ئۆتۈۋالغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماستىن، پاگرانچىك (قاراۋۇلخانا خادىملىرى)، تاموژنا خادىملىرىغا پۇل تىقىش ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكىلەرنى پۇلغا يامان ئۆگىتىپ قويۇشتى.

— شۇنداق، — دەپ دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستىقلىدىم، — ئەسلىدە بۇ دۇنيادا ئەسكى ئىشلار يوق ئىدى. ئەمما، ياخشى ئادەملەر بىر - بىرىگە يول قويۇشۇۋەرگەندىن كېيىن، ئەسكى ئىشلار كۆپىيىشكە باشلىغان!

— شۇنداقمۇ دەيلۇق. بىراق، پاگرانچىكلار بىلەن تاموژنا خادىملارمۇ ئەسلىدە ياخشى ئادەملەر ئىدىغۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سىز — بىزگە ئوخشاش تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېگرىدىن ئۆتىدىغانلارمۇ ياخشى ئادەملەر ئىدىغۇ؟ ئەجىبا، ھازىر ئادەملەر نېمە ئانداق بىر - بىرىگە قارا قويىدىغان بولۇشۇپ كېتىشكەندۇ؟

— بۇ گەپنى بەك ئوبدان سورىدىڭىز! — دېدىم مەن سەل

ئۆيلىنىشۋالغاندىن كېيىن، — قاششاق، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا باياشاتچىلىق ئىچىدە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىسمۇ، ئەمما، قورسىقى تويغۇدەك، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم كىيىش دەرىجىسىگە يېتىشنى ئۇڭاي دەپ بىلىشىدۇ. كىشىلەردە شەكىللەنگەن بۇنداق ئىككى خىل پىسخىك ھالەتكە نامراتلىق، قاششاقلىقنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان! چۈنكى، قاششاقلىق، نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتتا ماددى قاششاقلىق بىلەن مەنىۋى قاششاقلىق خۇددى قوشكېزەك بولۇپ تۇغۇلغان بىر جۈپ بالىغا ئوخشايدۇ!

ئۇ مېنىڭ ئوخشىتىشىمنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى - دە، بايىقى ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى:

— پاگرانچىكلار ۋە تاموژنىدا ئىشلەيدىغانلار ئوچۇقتىن ئوچۇق پارا سورىشىدۇ. يەنە تېخى ئۇلار ئۇچۇن ئاز پۇل ئازلىق قىلمايدۇ، كۆپ پۇل كۆپلىك قىلمايدۇ! ئەڭ كۆپ بولغاندا ئەللىك، يۈز، بەش يۈز دوللار پارا سورىشىدۇ. دىكلاراتسىيىگە يېزىلغان پۇلنى سانىغاندا بىر قىسىم پۇلنى كۆزنىڭىزگە قارىتىپ تۇرۇپ سوقىۋالىدۇ.

— ئۇلار پارا ئالغان پۇللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن قىزىقىپ، — كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمامدۇ؟

— ئۇلار ئالغان پارىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ چۆنتىكىگە سالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغان باشلىقلىرىنىڭ چۆنتىكىگە سالىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان بىلەن بىكار. ئۇنى سورايدىغان كىم بار دەيسىز؟ بۇ ئەلنىڭ شەھەرلىرىدە باشقا باي دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى گېدىيىشىپ يۈرىشىدۇ. پەقەت بىزلا خۇددى ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەردەك بويۇن قىسىپ يۈرىمىز!

بىز ئەسلىدە بۇ يەردە قانۇنلۇق تىجارەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ، شۇڭا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىزگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى . . .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ قويدى — دە، ئاندىن ئۈنچىقمىدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىزنىڭكىلەرنىڭ قاتتىق ئېھتىياتچانلىقىغا ئىچىمدە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، شۇنداقلا قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ پۇلغا قاتتىق ھېرىسمەنلىكىدىنمۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم . . .

بىز تاكسى ماشىنىلىرى توختايدىغان مەيدانغا يېتىپ كېلە- كەلمەيلا ئۇيغۇر، قازاق، رۇس تاكسىچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. ئۇلار مىڭبىر چارە - ئاماللار بىلەن بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇشقا قىزىقتۇراتتى. ئاخىر بىز يەركەتلىك ملشات ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر تاكسىچى بىلەن پۈتۈشۈپ، ئۇنىڭ ماشىنىسىدا قەدىمي يەتتىسۇ ۋادىسىنىڭ مەركىزى بولغان ئالمائاتا شەھرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇزاقتىن بېرى بىر بېرىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان گۈزەل يەتتىسۇ ۋادىسىغا ئاخىر قەدەم باستىم!

## «يەركەت جامەسنى ئاخر كۆردۈم!»

كەچكۈز پەسلى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ باغرىغا جايلاشقان يەتتىسۇ ۋادىسى ئالتۇن كۈزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە چۈمكەلگەنىدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى چوڭ شەھىرى ھېسابلىنىدىغان ئالمائاتا شەھىرىگە بارىدىغان تۈز ۋە كەڭ ئاسفالت يول داغدام، ئوچۇق بولۇپ، يولدا بىز ئولتۇرغان ماشىنىدىن باشقا ماشىنا يوق دېيەرلىك ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى كۆز يەتكۈسىز تۈزلەڭلىك بولۇپ، تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت - چۆپلىرى ئەلۋەك، سۈيى مول ئېكىنزارلىق ئىدى. يىراق، ئېتىزلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى تېرىلماي ئاق تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، يىراق تاغ باغرىدىكى يايلاقلاردا ئاندا - ساندا قوي - كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. مەن ماشىنىدا كېتىۋېتىپ پايانسىز يەتتىسۇ ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى «تۇران قوشىقى» نى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن نەمۇنە قالغان بۇ «تۇران قوشىقى» دا گۈزەل تۇران ۋادىسىنىڭ قەدىمكى سەلتەنەتلىك مەنزىرىسى مۇنداق ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەنىدى:

تۇران دەرياسى چوغاي تېغىنىڭ
باغرىنى بويلاپ ئويناپ ئاقىدۇ.
ئاسمان گۈمبىزى بارگاھسىمان،

چەكسىز دالىلارنى قاپلاپ ياتىدۇ.

كۆرۈنەر كۆپكۆك پايانسىز ئاسمان،
دالىلار كەڭرى كۆز سالساڭ قايان.
ئەسكەندە شامال ئۇتلار ئەگسە باش،
سانسىز قوي، كالا بولىدۇ ئايان . . .

بىراق، مەن كۆز ئالدىمدىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ مەنزىرىلەر ئىچىدىن مەشھۇر «تۇران قوشـــقـــى» دا تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئۇچرىتالماي، بوينۇمنى سوزۇپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم ـ دە، «قېنى ئاشۇ قوي كالىلارنى چۆكۈرىدىغان قېلىن، بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر؟ قېنى ئاشۇ پەقەت شامال ئەسكەندىلا ئاندىن ئـايان بـولـىدىغان سـانسىز قوي ـ كالىلار؟ . . . » دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەپ كەتكىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

— رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ سۆزۈمگە قوشۇمچە قىلدى يەركەتلىك تاكسى شوپۇرى ئىلشات مېنى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنىپ، — ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇ يەرلەردە ئوت ـ چۆپلەر ھەقىقەتەن بولۇق ئۆسىدىكەن. بىنەم ـ ئېتىزلاردا كىشىلەر پات ـ پاتلا ئۇنتۇپ قالىدىغان ساپان ـ بوقۇسا ياكى كەتمەن ـ ئاماچلار ئۇچ ـ تۆت كۈنلا تالادا قالسا، ھۆل يېغىنىنىڭ دەستىدە يەردىن ئۆسۈپ چىققان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاستىدا كۆرۈنمەي قالار ئىكەن!

— . . .

تاكسىنىڭ ئىچى بىر پەس جىمجىتلىق ئىچىدە چۆمدى.

— موللىكا، بۇ يەرلەر قانداق قىلىپ، «يەتتىسۇ ۋادىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ — دەپ سورىدى مېنىڭدىن ھەمراھىم xxx ئارىلىقتىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ.

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاڭلاشنى خالىساڭلار، مەن قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قولىقىمىز سىزدە، قېنى مەرھەمەت قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭ! — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا.

— «يەتتىسۇ ۋادىسى» دېگىنىمىز، — دەپ سۆزۈمنى باشلىدىم مەن سەل - پەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — تارىخىي - جۇغراپىيىۋى نام. ئۇ — غەربىي شىمالىي تەڭرى تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، تارىختا: «كاتتا دېڭىز» دەپ ئاتالغان ھازىرقى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يەتتە تارام سۇ — يەتتە دەرياني كۆرسىتىدۇ. ئاقباش تەڭرى تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان مۇشۇ يەتتە تارام دەريا سۈيىدىن سۇ ئىچىپ كۆكەرگەن پايانسىز كەڭ مۇنبەت ۋادا — تارىختا «يەتتىسۇ ۋادىسى» دەپ ئاتالغان. بۈگۈنكى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرى دەل ئاشۇ مۇنبەت يەتتىسۇ ۋادىسىدا قۇرۇلغان! بۇ يەتتىسۇ: ئىلى، ئاقسۇ، چۇ، كۆكسۇ، قارا تال - لەپشى ۋە تەنتەك قاتارلىق يەتتە ئەزىم دەريانىڭ ئومۇمىي نامىدۇر! . . .

— . . . .

بىز ئولتۇرغان تاكسى تۇپتۇز كەتكەن كەڭرى داغدام ئاسفالىت يولىدا سائەتتىگە 140 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قۇشلارنىڭ گرانىت تاشتىن ئويۇپ ياسالغان ھەيكەللىرى كەينى - كەينىدىن كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇردى. يول ياقىسىدا تۇرغان بۈركۈت، ئاققو، ئار قار، كېيىك، يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ تۇرلۇك قىياپەتتىكى تاش ھەيكەللىرى كىشىگە خۇددى تىرىكتەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

يول ياقىسىدىكى بۇ مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ قاراپ قالغانلىقىمنى كۆرگەن تاكسى شوپۇرى ئولشات مېنىڭدىن:

— موللىكا، سىلەردىمۇ مۇشۇنداق ھەيكەللەر بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇكاموي، نەدىكىنى دەيسىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى مېنىڭ ھەمراھىم xxx مەن ئېغىز ئاچقۇچە دەررۇ، — بىزدە ساپلا سۇڭ ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجىيلەرنىڭ ھەيكىلىنى ئۇچرىتىسىز!

مەن ئۈندىمىدىم. تاكسى شوپۇرى ئىلشات بۇ گەپنى چۈشەندىمۇ، چۈشەنمىدىمۇ بىلمىدىم، ئەيتاۋۇر ئۇمۇ گەپ قىلمىدى.

تاكسىنىڭ ئىچى يەنىلا سۈكۈنات ئىچىگە چۆمدى. ئالمائاتاغا بارىدىغان يول بەك كەڭ، بەك تۈز ئىدى. يولنىڭ بەزى بۆلەكلىرى ھەتتا زامانىۋى كۆرەشچى ئايروپىلانلار قونالايدىغان ۋە ئۇچالايدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەنىدى. ئىلشاتنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇنداق يول بۆلەكلىرىنىڭ يېنىدىلا يەر ئاستىغا ئايروپىلان ئىسكىلاتلىرىمۇ لايىھىلىنىپ ياسالغانىكەن. ئەمما، بىز ئۇنى زادىلا سېزەلمىدۇق. بۇ يولدا كېتىۋاتقان ۋە كېلىۋاتقان ماشىنىلار ناھايىتى ئاز ئىدى. پۈتۈن 400 كىلومېتىر مۇساپىدە بىزگە ئاران 12 ماشىنا ئۇچرىدى. بىز تاكى ئالمائاتا ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ماشىنىلار بىردىنلا كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئاسماندا ئاندا ـ ساندا ئۈزۈپ يۈرگەن پاختىدەك ئاپپاق بۇلۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھاۋا بەك ئوچۇق، بەك سۈزۈك ئىدى. بۇ يەردە ئىللىق كۈز تېخى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئەتراپ كۈز مەنزىرىسى ئىچىگە چۆمگەنىدى. پۈتۈن ئاسمان زەڭگەر تۈسكە كىرگەن بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلايتتى. مەن مول ـ ھوسۇل مەۋسۇمى بولغان ئالتۇن كۈزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، قويۇق مەھەللە ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىمىزنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

— بۇ يەر قەيەر؟ — دەپ سورىدىم ھەيرانلىق نەزىرىمنى شوپۇر ئىلشاتقا ئاغدۇرۇپ، — ئېزىپ كېتىپ غۇلجىغا كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟

مەن كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالغانىدىم. رەتلىك، كەڭرى ۋە تۈپتۈز كوچىلار، گۈزەرلەردە ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن خۇددى ئۆزىڭىزنى گۈزەل غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشلەپكە بازىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىڭىز. سودىدا پۇتۇشەلمەي بىر-بىرىگە ھەزىلە - چاقچاق قىلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تەلەپپۇزلىرى خۇددى گەپتان غۇلجىلىقلاردىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيتتى. چاھار بازارچى سودىگەرلەرنىڭ، رەستە ئارىلاپ ئۆز مېلىنى ماختىشىپ ۋارقىرىشىۋاتقان ۋاپۇرۇشلارنىڭ سودا - سېتىق قىلىشىۋاتقان چاغدىكى ئەستايىدىللىقى بىر تىيىننىڭ ئۇستىدە تىك تۇرۇشىدىغان تىرىشچان غۇلجىلىقلاردىن ئازراقمۇ قېلىشمايتتى.

— يەركەتكە كەلدۇق! — دېدى تاكسى شوپۇرى ئىلشات خۇشخۇيلۇق بىلەن، — قانداق موللىكا، بىزنىڭ يەركەنت سىلەردىكى غۇلجىغا ئوخشامدىكەن؟

— ۋاي ئوخشىمامدىغان؟! مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مەن ئۆزۈمنى خۇددى غۇلجىغا كېلىپ قالغاندەكلا ھېس قىلماقتىمەن! — دېدىم جاۋابەن.

— بىراق، يەركەتنىڭ تەرەققىياتى سىلەردىكى غۇلجىنىڭ تەرەققىياتىغا يەتمەيدۇ — دە! — دېدى ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئەپقېچىپ، — بۇ يەردىكى ھالەت ئىلگىرىكى ئىزىدا توختاپ قالغان، ئىلگىرىلەش بولمىدى. شۇڭا، يەركەتنى قانداقمۇ سىلەردىكى غۇلجىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن؟!

يەركەتنى مەن پەقەت مەشھۇر «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» دىنلا بىلىشكە باشلىغانىدىم. شۇڭا «يەركەت زادى قانداق يەر بولغىيتى، بىر كۆرۈپ باقسام ...» دېگەن خىيال ئۆزۈن يىللاردىن بېرى مېنى چۇلغىۋالغانىدى. نىھايەت، بۈگۈن مۇشۇ

تاپىنىڭ ئۆزىدە، مەن پەقەت «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» دىن بىلەلىگەن ئاشۇ قەدىمىي يەركەتنى تاماشا قىلىپ كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدىم! شۇڭا، مەن ئىلشاتنىڭ بايىقى سۆزىگە ئۇدۇل جاۋاب بەرمەستىن «مېنى يەركەت مەدرىسىگە ئاپارغان بولسىڭىز؟» دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ئىلشات «ماقۇل!» دېگىنىچە دەرھال رولنى قايرىدى — دە، بىزنى ئۇدۇل يەركەت مەدرىسىگە ئېلىپ ماڭدى.

بىز كۆتەرمە قىلىپ سېلىنغان بىر قەۋەتلىك كۆك خىش ئۆيلەردىن ھاسىل بولغان بىر نەچچە كوچىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەركەت شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چاھار سۇ مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق (بىراق، ھازىر بۇ مەيدان چاھار سۇ دەپ ئاتالمايدىكەن). مەيداننىڭ شەرقىي - جەنۇب تەرىپىدە قاناتلىرىنى خۇددى لاچىندەك يېيىپ تۇرغان، بالىخانىلىق، ياغاچ — تاش، خىش قۇرۇلمىلىق كاتتا بىر ئىسلام ئىمارىتى بىلەن بىر ئىسلام مۇنارى ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ شەرق ئىسلام پاسونى بىلەن جۇڭگو پاسونىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ۋە ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەت ئىدى!

بىز تاكسىدىن چۈشۈپ، مەدرىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولدۇق. بىراق، مەدرىسىنىڭ ئىشىك - دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسى تاقاپ قويۇلغانىكەن! بىز ئايلىنىپ مەدرىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى كىچىك بىر مەسچىدنىڭ ئالدىغا كەلسەك، يەركەت مەسچىدنىڭ ئىمامغالى دېگەن قازاق ئىمامى ئالدىمىزغا ئۇچرىدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— مەن جۇڭگو پۇقراسى، — دەپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردۇم، — ۋەتەندىكى چېغىمدا، يەركەت مەدرىسىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن ماڭا بۇ مەشھۇر مەدرىسىنى كۆرۈش نېسىپ بوپتۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەدرىسىنىڭ

ئىچىنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ باقسام؟

— جوق، ھازىر مۇمكىن بولمايدى، — دېدى قازاق ئىمامى ئىمامغالى مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىپ، — سىرتتىن كۆرۈشكە بولادى!

— تەخسىر، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلىش مۇمكىنمىكىن؟

— بول مادرىسا ھازىر قازاق تارىخى موزىيغا ئۆزگىرىپ كېتكەن. قازاقىستان ھۆكۈمىتى بول مادرىسىنى رېمونت قىلغۇزۇپجاتىر. سوغان، ھازىر كىرىشكە بولمايدى!

— تەخسىر، سىز قازاق تارىخ مۇزىيىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن يەركەت مەدرىسىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

— مەن بۇل مەسچىدكە جاڭادان ئىمام بولغانمېن. يەركەت مادرىسىنىڭ قاشان جاسالغانلىقىدىن قابارىم جوق!

— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، رەھمەت سىزگە! سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىپ قويدۇق! — دېدىم — دە، تاكسى شوپۇرى ئىلشاتقا «ماڭايلى!» دەپ ئىشارەت قىلدىم.

بىز ئېغىر ھېس ـ تۇيغۇ ئىچىدە يەركەت مەدرىسىدىن ئايرىلدۇق ـ دە، ئالمائاتا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

— موللىكا، يەركەت مەدرىسىنىڭ تارىخىغا زادى قانچە يىل بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى رولدا ئولتۇرغان ئىلشات ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— بۇ يىل يەركەت مەدرىسىنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا ساقمۇ — ساق 120 يىل بولدى، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭ سوئالىغا. بۇ چاغدا مەن تېخى بايىقى مەيۈسلۈك، پەرىشانلىق ئىلكىدىن قۇتۇلالمىغاندىم.

— ئاتام رەھمەتلىك: «يەركەت مەدرىسىنى بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىنا قىلغان» دەيدىغان، راست شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلشات رولنى چوڭ يولغا بۇراپ تۇرۇپ.

— ئاتىڭىز رەھمەتلىك شۇنداق دېگەن بولسا، ناھايىتى توغرا دەپتۇ، — دېدىم مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلىنىپ، — بەركەت مەدرىسىنى بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى بولغان «كۆچ — كۆچ»تە ئىلى دىيارىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققان ۋېلىباي يولداش ئوغلى دېگەن مەشھۇر غۇلجىلىق باي سودىگەر ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىنا قىلدۇرغان.

— موللىكا، ئالمائاتاغا يەنە 200 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول بار. شۇڭا، — دېدى ۋەتەندىشىم xxx ماڭا، — شۇڭا، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن، مۇشۇ «كۆچ - كۆچ» ھەققىدە بىر سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن. ۋەتەندىكى چېغىمدا قېرىلاردىن: «كۆچ - كۆچ» ھەققىدە كۆپ ئاڭلايدىغان. بۇ زادى قانداق بولغان ئىش؟

— موللىكا، مېنىڭمۇ ئاشۇ «كۆچ - كۆچ» ۋەقەسىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىر ئاڭلىغىم بار ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئالتىنچى بوۋاممۇ ئاشۇ «كۆچ - كۆچ»تە ئىلىنىڭ قاينۇق دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ چىققانىكەن، — دېدى رولدا ئولتۇرغان ئىلشاتمۇ ھەمراھىمىزنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ.

— بولىدۇ يىگىتلەر، ئەگەر ئاڭلاشنى خالىساڭلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. بىراق، ئۇكام ئىلشات، — دېدىم چاقچاق قىلىپ، — قۇلىقىڭىز مەندە بولسىمۇ، كۆزىڭىز يولدا، قولىڭىز رولدا بولسۇن جۇمۇ! . . .

— ھا، ھا! . . . چاتاق يوق موللىكا، چاتاق بار يەردە بىز يوق! . . .

— ھا، ھا! . . .

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بىز ئولتۇرغان تاكسى يول ياقىسىدىكى قويۇق ئۇيغۇر مەھەللە - كەنتلىرىنى ئارىلاپ، ئالمائاتا تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى.

— بۇنىڭدىن 130 يىل مۇقەددەم ، — دەپ سوزۇمنى باشلىدىم مەن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — چاررۇسىيە هۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى گوزەل ئىلى دىيارىنى بېسىۋالدى. ئون يىل ئۆتۈپ 1880 ـ يىلىغا كەلگەندە، مانجۇ هۆكۈمىتى بىلەن توزگەن كېلىشىم بويىچە، چاررۇسىيە هۆكۈمىتى تۆۋەنكى ئىلىنى — يەنى هازىر بىز كېتىۋاتقان مۇشۇ كەڭ زېمىننى يۇتۇۋېلىش هېساۋىغا يۇقىرىقى ئىلىنى — ۋەتىنىمىزنىڭ هازىرقى ئىلى دىيارىنى مانجۇ هۆكۈمىتىگە «قايتۇرۇپ» بەردى. بىراق، ئۇ يەردىكى ئاهالىنى قورقىتىپ مەجبۇريي يوسۇندا تۆۋەنكى ئىلىغا — يەنى هازىرقى يەركەت، چېلەك، پەنجىم، كەتمەن ۋە سۇلتان قورغان — هازىرقى ئالمائاتا قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈپ كەتتى. ئالاھەزەل 1884 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۇقىرىقى ئىلىدىن هازىر بىز «يەتتىسۇ» دەۋاتقان تۆۋەنكى ئىلىغا جەمئىي 9575 تۇتۇن، 45 مىڭ 373 جان ئادەم مەجبۇريي كۆچۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، يەتتىسۇدا قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن كەتمەننى هېسابقا ئالمىغاندا، يەركەت، ئاقسۇ ( كىچىك ئاقسۇ، چوڭ ئاقسۇ ـ دولاتا) ، سەككىز ئون ۋە بايانقازاق، چارىن، مالىباي، بايسېيىت، ماساقباي، قاينۇق، قورام، ئاسى، ئونئۆي، كېيىكباي، قارا تۇرۇق، قاراسۇ، ساز، جارىلقاپ، ماناپ، تاشتقارا، تەشكەنباي، پالتىباي قاتارلىق مەشهۇر ئۇيغۇر يۇرتلىرى پەيدا بولدى. كېيىنكى چاغلاردا، چاررۇسىيە مەئمۇرلىرى ئىلى دىيارىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەن بۇ ئون مىڭ تۇتۇن ئۇيغۇرنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش ئۇچۇن، يەركەت، ئاقسۇ ـ چارىن، مالىباي، قورام ۋە قاراسۇ قاتارلىق بەش بولۇس ـ رايوننى تەسىس قىلدى. سىلەردىكى رايون — بىزدىكى ناهىيىگە تەڭ بولىدىغۇ دەيمەن؟

— دەپ سورىدىم مەن قىلشاتتىن.

بۇ چاغدا قىلشات مىنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ بېشىنى

لىڭشتىپ قويدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— يۇقىرىدا ئېيتقان بەش بولۇس - رايونغا ئەسلىدىكى كەتمەن رايونى قوشۇلۇپ، — يەتتىسۇدا جەمئىي ئالتە ئۇيغۇر بولۇس - رايونى بارلىققا كەلدى.

تۇنجى تۇركۇمدە يۇقىرىقى ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۈسەك دەرياسى بىلەن قورغاس دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھازىرقى يەركەت شەھىرىمۇ دەل ئاشۇ تۇنجى تۇركۇمدە ئىلى دىيارىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغاندى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، يەتتىسۇ ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 500 مىڭغا يەتكەنىدى . . .

— بىزنىڭ يەركەت شەھىرىمىزنىڭ مۇنداقمۇ تارىخى باردەك! — دېدى تاكسى شوپۇرى ئۇلشات مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، — ئاتام رەھمەتلىكتىن ئاتا — بوۋىلىرىمىزنىڭ يەركەتكە ئاشۇ قېتىملىق «كۆچ - كۆچ» تە كۆچۈپ چىققانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما بۇ تارىخنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ھازىر «ئۈسەك ناخشىلىرى» دەپ ئاتالغان «كۆچ — كۆچ ناخشىلىرى» مۇ دەل ئاشۇ قېتىملىق پاجىئەلىك «كۆچ - كۆچ» نىڭ جانلىق شاھىدىدۇر، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ.

— ئاتام رەھمەتلىك «ئۈسەك ناخشىلىرى» نى كۆپ ئوقۇيدىغان، بىراق، مەن بۇ ناخشىلاردا مۇنچىلىك سىرلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى زادى چۈشەنمەي كەپتىكەنمەن!

— «ئۈسەك ناخشىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» دا ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا يۇقىرىقى ئىلى دىيارىدىن مەجبۇرەن كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان -

ياشلىق پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى ئەينەن ۋە ناھايىتى ئوبرازلىق سۆرەتلەپ بېرىلگەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— موللىكا، ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — دەپ سۆزۈمنى تەستىقلىدى ھەمراھىم xxx مۇ، — مەن ۋەتەندىن چىققاندا، «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» ئېلىنغان قاپلىق ئۈنئالغۇ لىنتىسىدىن بىرنى ئېلىۋالغان. ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدا قويۇپ ئاڭلىغاچ ماڭامدۇق!

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى ھەممىمىزگە بەك ياقتى. شۇڭا، دەرھال ماقۇل بولۇۋېدۇق، ئۇ قول سومكىسىدىن «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» ئېلىنغان قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ، تاكسى شوپۇرى دىلشاتقا سۇندى.

دىلشات قاپلىق ئۈنئالغۇنى ماشىنىدىكى ئۈنئالغۇنىڭ كورۇپكىسىغا سېلىپ، كونۇپكىسىنى بېسىپ قويىۋېدى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە ياڭراق ئەمما مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئېيتىلغان «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» جاراڭلىق ئاۋازدا ياڭراشقا باشلىدى:

ئاق خان بىلەن قارا خان،
ئىنتىماق ئىكەن باشتا.
كۆچمەكنى خىيال ئەيلەپ،
سال باغلىدۇق قاشتا.

كۆچ - كۆچ بولۇپ قوزغالدۇق،
قالدى باغۇ — بوستانلار.
ئانا يۇرتتىن ئايرىلدۇق،
يۇرەكتە زەرداپ قانلار.

كۆچ - كۆچ دېسە بىلمەيدۇ،

كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

ئۇنىئالغۇياڭراتقۇسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان «كۆچ - كۆچ» ناخشىلىرىنىڭ ئېغىر ئەمما ياڭراق ناخشا ساداسى ئىچىدە بىز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قاپتۇق. شەرق تەرەپتىكى سۆيۈملۈك ۋەتەن بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كەينىمىزدە قېلىۋاتاتتى. «كۆچ - كۆچ ناخشىلىرى» دىن مەن ئىلى خەلقىنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان ئىشقى - مۇھەببىتى، ئۇلارنىڭ شۇ ئەزىم ماكانغا تۆكۈلگەن كىندىك قانلىرى، ئانا يۇرتنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئوغۇز سۈتتەك ئاق سۈيى، ئانا زېمىننى يورۇتقان ئىللىق قۇياش نۇرى ۋە ھالال مېھنەت تەرلىرىنى بۇ زېمىنغا تۆككەن ئاشۇ ئىلى ئەمگەكچىلىرىنىڭ گېگانت سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

راست، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى زامانىنىڭ تارلىقىدىن ئاشۇ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول ئەلۋەك ئىلى دىيارىنى تاشلاپ، ئەزەلدىن بېرىپ كۆرمىگەن، ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەلھال، ئاشۇ بەختسىز ئىلى تارانچىلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر - خوتەن، ئاقسۇ دىيارلىرىدىن ئىلى ۋادىسىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، تاغ ئاتلاپ ئىلى دىيارىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە بۇ يەرلەرنى ئېچىپ گۈللەندۈرگەنىدى. يۈز يىل ئۆتۈپ 1880- يىلغا كەلگەندە، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ۋە جۇدالىق بۇ ئەلدىكى خەلقنىڭ پېشانىسىغا تەقدىرى ئەزەل بولۇپ پۈتۈلگەندەكلا ئۇلارنىڭ «تارانچى» دەپ ئاتالغان كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭمۇ

بېشىغا كەلگەنىدى. . .
بىز ئۈنئالغۇدىن ياڭراق ئاڭلىنىۋاتقان «كۆچ - كۆچ» ناخشىلىرىنىڭ پىغانلىق ساداسى ئىچىدە، چوڭ يول ياقىسىغا جايلاشقان بۆك قارىياغاچلىق ئارىسىدىكى ئۇيغۇر مەھەللە - كەنتلىرىنى ئارىلاپ توختىماي ئۆتۈپ كەتتۇق . . .
ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ يول ياقىسىدىكى پەنجىم، چۇنجى، چېلەك قاتارلىق يۇرت - ئاۋدانلار كەينىمىزدە قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. بىراق، مەن بۇ يەردىكى خەلققە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم: گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ناچارلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، يەر زېمىنى ناھايىتى كەڭ، ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يەنىلا يۇقىرى، خەلقى تەرتىپلىك، ئىنتىزاملىق ئىكەن.
ئالمائاتاغا يېقىن قالغانسېرى، يولدا ئاپتوموبىللار كۆپەيگىلى تۇردى. بىز داغدام ئاسفالىت يولدا تېز كېتىۋاتىمىز. نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمايمەن. بىر چاغلاردا رولدا ئولتۇرغان دىلشات تۇيۇقسىزدىن ماشىنىنى قاتتىق تورمۇز قىلىپ توختاتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم — دە، بېشىمنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىرىپ قارىسام، ئالدىمىزدا كىچىك ماشىنىلار قاتار توختاپ كېتىپتۇ. «قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ - دە، — دېدىم ئىچىمدە، — ئەمدى قاراڭغۇدا قالىدىغان بولدۇق! نەس باستى، دېگەن مانا شۇ — دە! . . .»
ھەمراھىم xxx تاكسىدىن چۈشۈپ ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ قاراپ بېقىپ، بىردەمدە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن «نېمە ئىش يۈز بېرىپتۇ؟» دەپ سورىۋېدىم. ئۇ: «چوڭ ئىش يۈز بەرمەپتۇ!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەسلىدە مۇنداق بىر ئىش ئىكەن: ئاغزىدا ئاسلىنىنى چىشلىۋالغان بىر

مۇشۇك ئاسلانلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ سالماق قەدەملىرى بىلەن ئالدىرىماي، تېنىمەي يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۇۋاتقانىكەن. كەينىدىكى ئەگەشتۇرۇپ ماڭغان ئاسلانلىرى قېچىپ بىر ئىزىدا تۇرماپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. «قاراڭ ماۋۇ ئىشنىڭ قىزىقلىقىنى، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ خەق ئالجىپ قالغانمۇ نېمە؟! بىر پۈچقاق مۇشۇككە يول بېرىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! ھېلىغۇ بىر پۈچقاق مۇشۇككەن، ئۇنى ھەتتا يۈزى بولغاندىمۇ، بىزدىكى خەقلەرنىڭ پەرۋايى پەلەك! يولۇمنى توستى، دېگەن باھانە بىلەن ماشىنىنى توختاتماي، باستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىشىدۇ!...» ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە ئۇ گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئالدى تەرەپكە بىر قارىۋېتىپ ئورنىغا ئولتۇردى.

بىر كەملەردە ئالدىمىزدىكى ئاپتوموبىللار يۈرۈشكە باشلىدى، يول ئېچىلدى، ماشىنىلار ئۇياق ـ بۇياققا غۇرقىراپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئالمائاتاغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. مەن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە قارىغاچ بايىقى قىزىق ئىشنى ئويلاپ ماڭدىم. قاچانلاردىدۇر ئوقۇغىنىم ئېسىمدە قالماپتۇ. ھازىرقى زامان ھىندىستان دۆلىتىنىڭ ئاتىسى گەندىنىڭ: «مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىكەنلىكىگە ياكى ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە، بۇ جەمئىيەتنىڭ ھايۋاناتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قاراش كېرەك!» دېگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. شۇنداق، ھايۋاناتلارنى ئاسراش ئېغى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە، بۇنداق مەدەنىيەت ئوقۇمى ئىنسانلارنىڭ ھايۋاناتلارنى ئۆز ئېچىگە ئالغان بارلىق مەۋجۇداتلارغا بولغان تومتاق، دەبدەبىلىك چۈشەنچىسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، ئۇ قىلمىش بىلەن تەربىيىلىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇنى ئىگىلىيەلىگەن كىشىگە زور نەپ يەتكۈزىدۇ.

شۇڭا، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان ھەر قانداق بىر كىشى باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشتىن ھەرگىز باش تارتماسلىقى كېرەك. چۈنكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇچۇن مەدەنىيەتنىڭ يەتتە ئۇلۇشى بىر تۈرلۈك بېزەك بولۇپ سانالسا، ئىككى ئۇلۇشى ھەققى قىزىقىش ھېسابلىنىدۇ. پەقەت بىر ئۇلۇشىلا ھەقىقى بىلىم ھېسابلىنىدۇ . . .

# ئىللىق ئالمائاتا

كەچ سائەت 4:00 تە بىز ئالمائاتا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئالمائاتا كوچىلىرى كەڭ، دەل ـ دەرەخلىك، ئاۋات چىرايلىق شەھەر ئىكەن. شەھەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 70% — 60% نى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالمائاتانىڭ «ئورمانلىقتىكى شەھەر» دېگەن مەشھۇر نامى بار ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى بىر مەزگىل ئىچىدە ئالمائاتا ئىزچىل تۇردە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەندى. مۇھىتنى بۇلغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زاۋۇت ـ فابرىكىلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى چەت رايونلارغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى پايتەختنى ئاستانە (ئىلگىرىكى ئاقموللا شەھىرى) گە كۆچۈرگەندىن كېيىن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى، قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلاپتۇ.

تاكسى شوپۇرى ۋلشات مەن بەرگەن ئادرېس بويىچە مېنى ئۇدۇل xxx كوچىسىدىكى بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆي ئىگىسى زۇلخۇمارخانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى

خوجەخمەت ئاكا تولىمۇ قىزغىن، مېھماندوست كىچىك پېئىل ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار: «ماھمۇت ئۇستامنىڭ خىتايدىن ئاكىسى كەپتۇ» دېيىشىپ، مېنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى. قازاقىستاندا ۋەتىنىمىز جۇڭگونى «خىتاي» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئاتالغۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانماستىن ئىلگىرىلا رۇسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، رۇسچىغا قەدىمكى زاماندا ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان قاراخىتايلارنىڭ مىللەت نامىدىن ئۆزلەشكەن ئىكەن.

مەن قازاقىستاننى ئالمائاتاغا كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن پەيدىنپەي چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئالمائاتاغا كىرگەندە كۆزۈمگە ئەڭ دەسلەپتە چېلىقىقىنى قىزىل رەڭلىك ئورغاق - بولقىلىق بايراق — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى بولماستىن، بەلكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بۆرىنىڭ باش رەسمى چۈشۈرۈلگەن ھاۋا رەڭ بايرىقى — پەقەت بۆرىنىڭ باش رەسمىنىڭ ئورنىنى ئالتۇن رەڭلىك قۇياشنىڭ رەسمى ئالغان — قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى بولدى. مېنىڭچە 20 — ئەسىردىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ خۇددى 20 - ئەسىردىكى رۇسىيە فىدراتسىيىسى بېسىپ ئۆتكەن يولنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ يولنى غايەت زور بىر نۆلگە — چەمبىرەككە ئوخشىتىش مۇمكىن: كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىدىكى قازاق دالاسى — سوتسىيالىستىك قازاقىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى — كاپىتالىستىك قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى . . .

يەنى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 74 يىل سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، كاپىتالىزم بۇ زېمىندا تىرىلدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى غايەت بىر يۇمىلاق چەمبەرنى بويلاپ دەۋر قىلىپ ئايلانغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىدىكى نۇقتىسىغا قايتىپ كەلدى!

1922 ـ يىلى 30 ـ دېكابىردا، رۇسىيە فېدىراتسىيىسى، جەنۇبىي كاۋكاز فېدىراتسىيىسى، تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى، ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن سوۋېت سوتسىيالىستىك سويۇزلار رېسپوبلىكىسى ھاسىل بولغانىدى. بۇ غايەت زور گەۋدە قىسقارتىلىپ «س س س ر» دەپ ئاتالدى (بىزدە ئادەت بويىچە «سوۋېت ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى) . كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور سوۋېت ئىمپېرىيىسى بولۇپ دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلىشىپ كەلگەن «بەشيىللىقلار پىلانى» ئارقىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ دۇنيا بويىچە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. ھالبۇكى، ئەسلىدە تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ھېسابلىنىدىغان قازاقستانمۇ كېيىنچە ئۆز ئالدىغا «قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى» نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

قازاقستان سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم لاگېرى دۇنيادا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى چوڭ خەلقئارا دۈشمەن كۈچ بولغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

نىھايەت، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە يۈز بەرگەن ئاشۇ بىر قېتىملىق كەسكىن ئۆزگىرىشتە بۇنداق دۈشمەنلىك ھالەت ئاخىر بۇزۇلۇپ تاشلاندى: 1991 ـ يىلى 24

ئاۋغۇست كۈنى، گورباچېۋ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىدىن ئىستىپا بەردى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. 1991 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست كۈنى «س س س ر» ئاسمىنىدا 74 يىل لەپىلدىگەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئورغاق ـ بولقىلىق قىزىل بايرىقى بايراق خادىسىدىن جىمجىتلا چۈشۈرۈۋېتىلدى.

1991 ـ يىل دېكابىردا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى.

شۇ يىلى مۇستەقىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى ۋە تارىختىكى كۆكتۈرۈك ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھاۋارەڭ بايرىقىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقى قىلىپ تاللىدى.

يۇقىرىقىلار ھەممىگە ئايان بولغان ئىشلار بولسىمۇ، مەن بۇ يەردە ئەسلى تېمىدىن چەتنەپ بۇ تارىخنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتىم. ئەمدى ئەسلىدىكى سۆزۈمگە كېلىمەن.

مەن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە سالاملىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مېنى ماھمۇتنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقاچقا، كارۋاتتىكى يوتقان ـ كۆرپە، پراستىنا، ياستۇق قاپلىرىنى پۈتۈنلەي يېڭىدىن ئالماشتۇرۇپ تەييارلاپ قويغانىكەن.

ئالمائاتانىڭ شۇ كۈندىكى تېمپېراتۇرى 16 سىلسىيە گرادۇس بولۇپ، خۇددى مېھماندوست ئالمائاتالىقلارنىڭ چىرايىدەكلا ئىللىق ئىدى...

## «ۋەتەندىشىم، خوش كەلدىڭىزمۇ»

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت بولغاچقا، ئالمائاتا شەھىرى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە سىياسىي جەھەتتىكى مەركەزلىك سوپىتى بىلەن خەلقئاراغا مەشھۇر چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانماستىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە شەھەرنىڭ رەتلىك، تۈرلۈك مۇئەسسەسە ـ مەنقۇلاتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ زامانىۋى چوڭ شەھەرلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەنىكەن. قازاقىستان ھۆكۈمىتى پايتەختىنى ئالمائاتادىن ئاستانىغا يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى باشلانغان نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە توختاپ قاپتۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى. ئالمائاتا ۋاقتى سائەت 5:10 ئۆتكەندە، ئۆي ئىگىسى خوجائەخمەت ئاكا مېنى ئويغاتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە، ئۆي ئىگىسى بىلەن بىللە زوھۇرلۇق يېدۇق

ئەتىگەندە، ئىدارە — جەمئىيەتلەر ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇت پولىتسىيىگە پاسپورتۇمنى ئۆزارتىش ئۈچۈن ۋىزا قويدۇرغىلى ئېلىپ كەتتى. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ساۋۇت موللا

ئابدۇۋ ئەپەندى، ئابلىز غاپۇرۇۋ ئەپەندى ۋە ھەسەنجان ئاكا، ۋاھاب ھاجىلار مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ئاتايىتەن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ئۇلار بىلەن سالام - سائەت قىلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىرتنى ئايلىنىپ كىرمەكچى بولۇپ، بىللە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى جۇمھۇرىيەت مەيدانىغا كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇلار ماڭا ھەمرا بولۇپ، ئالمائاتا شەھىرىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىنى، مەشھۇر جايلىرىنى كۆرسەتتى. . .

ئالمائاتادا ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىش شۇ بولدىكى، بىرسى، ئادەملىرى تولىمۇ ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق ئىكەن. مەيلى خىزمەتچىسى بولسۇن، مەيلى زىيالىيسى ۋە ياكى ئىش - ئوقەتچىلىرى بولسۇن ياكى ئاددى ئاھالىسى بولسۇن، ھەممىسى ئادەمگە ناھايىتى سىپىلىق - سىپايە، ئەدەب - سۈلكەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش، تاشقى قىياپىتىگە تولىمۇ دىققەت قىلىدىكەن. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، مونچىغا كىرىپ پاكىز يۇيۇنۇپ، رەتلىك كىيىنىپ ئاندىن داستىخانغا جەم بولۇپ تاماق يەيدىكەن. ھەر جۈمە كۈنىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزىغا داخىل بولۇش بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر پائالىيەت ھېسابلىنىدىكەن؛ يەنە بىرسى، ئالمائاتالىقلار ئاددى - ساددا، تېجەشلىك، كىچىك پېئىل ئىكەن. ئۇلار تاپقان پۇلىنى بىزدىكىدەك ئۆي زىننەتلەشكە سەرىپ قىلماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشىدىكەن. مەن چۈشكەن قورۇنىڭ خوجايىنى خوجاخمەت ئاكىنىڭ قورۇسى ئەسلىدە بىر نېمىسنىڭ قورۇسى ئىكەن. بۇ قورۇ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۆيلىرى تۇرمۇشقا تولىمۇ قولايلىق، پاكىزە، ئازادە، ئېگىز ۋە يورۇق ئىكەن، ئاستى -

ئۈستى تاختايلىق بولۇپ، چېدىر شەكلىدە يېپىلغانىكەن.

مەن ئالمائاتالىقلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتىگە قايىل بولغىنىمدىن هاڭ ـ تاڭ قالدىم. ئۇلار هەر بىر ۋاق تاماقنىڭ داستىخىنىنى شۇنداق تۈجۈپىلەپ تەييارلايدىكەنكى، هەر قېتىم ئۇلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغىنىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى ياۋروپاچە رېستورانلاردا ئولتۇرغاندەك هېس قىلىپ قالدىم. بىراق، ئۇلارنىڭ داستىخىنىدا بىزدە بولىدىغان رېستوران ئىسراپچىلىقى قەتئىي يوق ئىكەن! ئۇلار بىر ۋاق تاماق داستىخىنىنى تەييارلاشنى بىر تۈرلۈك سىترولۇق سەنئەت دەپ قارايدىكەن. داستىخانغا يۇقىرىسى ناندىن، تۆۋىنى چايغىچىلىك بولغان نازۇ ـ نېمەتلەردىن هەر خىل ۋارىنا ـ مۇراببالار، قەن ـ كېزەك، هۆل ـ قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە، سۈت ـ قايماق، پىشلاق سارماي، هەر خىل ئىسىق ـ سوغۇق قورۇمىلار، قويۇق ـ سويۇق غىزالارنىڭ هەممىسى تولۇق كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىدىكەن. تاماق ۋاقتىدا داستىخاندا ئورۇنسىز كۈلكە ـ چاقچاق، غەيۋەت ـ شىكايەت بولمايدىكەن، هەتتا شالاپ ـ شۇلۇپ قىلىپ تاماق يېگەن ئاۋازلارمۇ قەتئىي ئاڭلانمايدىكەن، مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، «بۇمۇ بىز ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل داستىخان مەدەنىيىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۆز ئىچىمدە. ياۋروپالىقلار ئاسىيالىقلارنى مازاق قىلىپ: «ئاسىيالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى مودا قوغلىشىدىغان مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا، ئاسىيالىقلار پۇل تاپسا مودا بولىدىغان نەرسىلەرگە خەجلەشكە ئامراق كېلىدۇ» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن، نېمىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە ياخشى ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق

بولغان قىممەتلىك بايلىقتۇر. ھەر بىر كىشى مۇشۇنداق ياخشى ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنى باشقىلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىدە يېتىلدۇرۇش مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. بۇ ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا بىز مۇشۇنداق قىلىپ كەلمىدۇقمۇ؟

## مەن كۆرگەن ئالمائاتا

مەن ئالمائاتاغا كېلىپ بىر ـ ئىككى كۈن دېمىمنى ئالغاندىن كېيىن، بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇت بىلەن ئالمائاتا شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلاندىم. شەھەر كوچىلىرى سوۋېت دەۋرىدە رۇس ئىنژېنېرلىرى تەرىپىدىن كەڭ قىلىپ لايىھىلەنگەن بولغاچقا، ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدۇرىدىكەن. ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمانپەلەك ئېگىز قەد كۆتۈرگەن بىنالار ئارىسىدىكى تار ـ قىستاڭ، بۇرۇختۇملۇق ۋە ئىس ـ تۈتەكلىك ھالەت بۇ يەردە قەتئىي يوق ئىكەن. ئالمائاتادا ئېگىز بىنالارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ئەمەس. جۇمھۇرىيەت مەيدانىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان دۆلەتلىك مېھمانخانىمۇ ئاران 28 قەۋەت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە بىردىنبىر ئېگىز بىنا ھېسابلىنىدىكەن. قويۇق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدا تۆت ـ بەش قەۋەتلىك بىنالار ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىكەن، ھەممىلا يەر ياپ ـ يېشىللىق! مۇبادا، سىز مېنىڭدىن ـ ئالمائاتا توغرىلىق نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىمنى سورىسىڭىز، مەن: «يېشىللىق، يېشىل ئالمائاتا!» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مەن ئالمائاتاغا كەلگەن چېغىمدا بۇ يەر ئالتۇن كۈز پەسلىدە تۇرىۋاتقان بولغاچقا، ياپ ـ يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ شەھەرگە كىرىپلا، ئۆزۈمنى خۇددى ئورمان دېڭىزى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندەك ھېس قىلغانىدىم.

مۇبادا، شۇ چاغدا شەھەرنى ئايروپىلان بىلەن ئۈستىدىن كۆرگەن بولسام، شەھەر كوچىلىرى كۆككە بوي تارتقان سەرۋى ـ شەمشادلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقتىن، بەلكىم ياپ ـ يېشىل ئورمانلىقتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولاتتىمىكىن ـ تاڭ؟

ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان مىكرو رايونلار (بىزدە «ئاھالە ئولتۇراق مەھەللىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ) دىكى ھەر بىر بىنا ئارىلىقى تولىمۇ كەڭ بولغاننىڭ ئۈستىگە، قويۇق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن بۇنداق يۇقىرى نىسبەتلىك ئورمان بىلەن قاپلىنىش ھالىتىنىڭ پۈتۈن ئالمائاتا شەھىرىنىڭ ھاۋاسىنىڭ ھەمىشەم يېڭى ۋە ساپ بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان «يېشىل ئۆپكە»لىك رولىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئالمائاتا كوچىلىرىدا كىچىك ماشىنىلار خۇددى ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدەكلا ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. قاتناش تىقىنچىلىقى بۇ يەردىمۇ خۇددى ئۈرۈمچىدىكىدەكلا ئېغىر ئىكەن. بىراق، مەن ئالمائاتادا ئۈرۈمچىدىكىدەك قاتناش زوراۋانلىقىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم. ئالمائاتانىڭ شوپۇرلىرى تولىمۇ قائىدە ـ ئەدەبلىك ماشىنا ھەيدەيدىكەن ۋە ئادەمگە يول بېرىدىكەن. بىراق، ئۈرۈمچىدە ئادەم ماشىنىلارغا يول بېرىدۇ. ھەتتا كوچىنىڭ پىيادىلەر ئۆتۈشكە بولىدىغان ئالا ـ بالداق سىزىقى بار قىسمىغا كەلگەندە، پىيادىلەرنىڭ ئاشۇ ئالا ـ بالداق سىزىقتىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، سۈرئەتنى قەتئىي ئاستىلاتماي ئادەم ئۈستىگە توغرىدىن ـ توغرا باستۇرۇپ كېلىۋېرىدۇ. شۇڭا، مەن بەزىدە: «بىزدە ئادەمنىڭ ئەتىۋارى يوقمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم مەن ئۈرۈمچى نەنمېن ئەتراپىدا كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇپ، كوچىنىڭ ئالا ـ بالداق سىزىق بۆلۈكىدىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسى

ئىچىدە ئاران ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئىچىدە چوڭ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئولتۇرغان قارا رەڭلىك بىر «خانتاجى» پىكاپ ئالدىمغا كېلىپلا «چىررىدە!» قىلىپ چىرقىراپ قاتتىق تورمۇزلىدى — دە، شوپۇرى بېشىنى ئەينەكتىن چىقىرىپ: «ھەي سىڭكو، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ!» دەپ تىللاپ كەتكەندى.

بىراق، ئالمائاتادا بۇنداق قاتناش زوراۋانلىقى قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، ماشىنىلارنىڭ پىيادە ئادەمگە يول بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ ـ ھەۋەس قالدىم!

## ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئەركىن بازار ـ بارا خولكا

مەن ۋەتەندىشىم ۋاھاپ ھاجى بىلەن بىللە ئالمائاتا شەھىرىدىكى باراخولكا بازىرىنى كۆردۈم. باراخولكا بازىرى ئالمائاتا شەھىرىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىدىكى سۇلتان قورغان رايونىغا جايلاشقان مەشھۇر ئەركىن بازارنىڭ نامى.

ۋاھاپ ھاجىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، «باراخولكا» ـ رۇسچە سۆز بولۇپ «پىت بازىرى» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ بازار ئەسلىدە كونا ـ يېڭى، ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى ساتىدىغان كىچىك بىر بازار بولۇپ، جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىياغا سودا ـ سېتىق قىلغىلى چىققان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەھيا قىلىنغانىكەن.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ـ قازاقىستان ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئالاقىدار كېلىشىملەرگە ئاساسەن، ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئېغىزلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىۋېتىلىشكە باشلىدى. 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ ئالمائاتاغا تۇغقان يوقلاش، سودا قىلىش ئۈچۈن بارغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار بۇ يەرنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇشۇ يەردە ئەركىن بازار ئاچقانىكەن. 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ بازار

بىردىنلا كېڭىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇلگۇجە مال ۋە پارچە مال ساتىدىغان مەركىزى بازارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. «باراخولكا بازىرى» نىڭ هازىرقى كۆلىمى ئۇرۇمچىدىكى «خۇالىڭ بازىرى» دىنمۇ بىر هەسسە چوڭ ئىكەن (گەرچە «خۇالىڭ بازىرى» دەك ئۈنچىۋىلا زامانىۋى بولمىسىمۇ). سودىغا ئېپى بار ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئاچقان بۇ «باراخولكا بازىرى» نىڭ كېيىنكى چاغلاردا پۈتۈن قازاقىستان، هەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيىنى باهاسى ئەرزان، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى تۈرلۈك ماللار بىلەن تەمىنلەيدىغان هاياتىي كۈچكە ئىگە مەشهۇر مەركىزىي بازار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن بولغىيتتى؟!

«باراخولكا بازىرى» دا كانتېينىرى بار سودىگەرلەرنىڭ سانى 20 ـ 30 مىڭدىن ئاشىدىكەن. «كانتېينىر» — رۇسچە سۆز بولۇپ، «مال ساندۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ ئۇيغۇرچە «دۇكان» دېگەنلىك بولىدىكەن. هەر بىر كانتېينىرنىڭ يىللىق ئىجارە هەققى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن. بۇ تېخى كانتېينىر خوجايىنىنىڭ بازار باشقۇرۇش تارماقلىرىغا هەر كۈنى تۆلەيدىغان 600 تەڭگە يەر هەققى بىلەن هەر ئايدا تۆلەيدىغان 10 مىڭ تەڭگە مىقداردىكى باج ـ سېلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن.

بازارنىڭ ئىشىكىدە قازاقىستان دۆلەتلىك بانكىنىڭ ئامېرىكا دوللىرى، خەلق پۇلى ۋە قازاقىستان تەڭگىسىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش قىممىتى هەققىدىكى ئېلانى ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭدا «بىر ئامېرىكا دوللىرى 150 قازاقىستان تەڭگىسىگە تەڭ؛ بىر يۈەن رېنمىن بى 17 قازاقىستان تەڭگىسىگە تەڭ» دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ.

ۋاهاب هاجى بىلەن بىللە كىچىك ماشىنا بىلەن «باراخولكا بازىرى» غا خېلى ئەتىگەن كەلدۇق، دەپ ئويلىغان بولساقمۇ،

ئەمما، كىچىك ماشىنا قويىدىغان مەيدان ئاللىقاچان قالمىغانىكەن. بىز مىڭبىر تەسلىكتە بازارنىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈپ، بىر بوش جاينى تاپقاندىن كېيىن، ساقچىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران ماشىنىنى ساقلاشقا بېرىپ، بازارغا كىردۇق. بۇ چاغدا «باراخولكا بازىرى» ئاللىقاچان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىكەن.

مەن بازار ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ، ئىككى قولىدا بىر نەچچە بولاقنى كۆتۈرۈپ ئاران كېتىۋاتقان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر ئايالنىڭ قىستىلىپ پەلەمپەيدىن چىقالماي تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئىتتىك بېرىپ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە چىقىرىپ قويدۇم.

— رەھمەت ئەپەندى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سىز بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسىز.

— خانىم، كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن، — دەپ كۈلدۈم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ تۇرۇپ، — شۇنداق، مەن بۇ يەرلىك ئەمەس. بۈگۈن ئەجەپ جىق سودا ـ سېتىق قىلىپسىزغۇ؟

شۇنداق قىلىپ، مەن ھېلىقى ناتونۇش خانىم بىلەن بازار ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر پەس پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر ئايلىق مائاشىدىن توك پۇلى، گاز سۇ ھەققى، تېلېفون ھەققى (ئالمائاتا شەھىرىنىڭ ئايلىق تېلېفون ھەققى سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئېلىنىدىكەن. شەھەر ئىچى تېلېفونى ئومۇمىيۈزلۈك 300 تەڭگە ئىكەن)، ئۆي ئىجارىسى قاتارلىق خىراجەتلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشقان قىسمىنى ئاساسەن يېمەك ـ ئىچمەككە سەرپ قىلىدىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ

سەپيۈڭلۈقتىن خەۋىرى بولغاچقا، كىيىدىغان كىيىم ـ كېچىكنى بازاردىن سېتىۋالماي، ئۆزى تىكىپ كىيىدىكەن. بۈگۈن «باراخولكا بازىرى» غا ئەرزان جۇڭگو رەختلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. مەن ئۇنىڭدىن: «جۇڭگو ماللىرىنىڭ سۈپىتى قانداق؟» دەپ سورىسام. ئۇ ماڭا: «ئالدىنقى يىللاردا جۇڭگو ماللىرىنىڭ ساختىسى، ناچارلىرى كۆپ ئىدى. ھازىر خېلى ئازايدى...» ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى: «1982 ـ يىلى كۈزدە، مەن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغانىدىم. ئۈچامدىكى بۇ پوپايكىنى شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى داشىزى ماگىزىنىدىن ئالغانىدىم. ھازىرغا قەدەر كىيىۋاتىمەن. تېخى كونىراي دېگىنى يوق. شۇ چاغلاردا جۇڭگو مېلىنىڭ سۈپىتى نېمە دېگەن ياخشى ئىدى — ھە! بىراق، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جۇڭگولۇق «قويمىچىلار»، ماركىسى ساختا، سۈپىتى ناچار ماللارنى ئالمائاتادا تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقتىن، نەزەردىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا، سوۋېت دۆلىتى پارچىلىنىپ، رۇبلى بىر كېچىدىلا كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغاچقا، تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن قىيىن ئىدى. يېمەي ـ ئىچمەي ئاران يىغقان پۇلغا يولدىشىمغا بىر خۇرۇم پەلتۇ ئېلىپ بەرگەنىدىم. ئۈچىسىغا نەچچە قېتىم ساپا ـ ساپمايلا تىكىشىدىن يىرتىلىپ، چېكىدىن ئاجراپ كەتتى. جۇڭگولۇق «قويمىچىلار»، چاپانلارنىڭ ئىچىگە ئەسكى مازلارنى تىقىپ «مامۇق چاپان»، دەپ سېتىپ بىزنى ئالدىدى. ئوغلۇمغا «ئادىداس»، مايكا ـ تروسكلارنى ئېلىپ بېرىۋېدىم. بىر ئىككى قېتىم كىيە ـ كەيمەيلا رەڭگى ئۆڭۈپ، سەتلا بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇ چاغلاردا «جۇڭگو مېلى»، ئەسكى ـ تۈسكى ماللارنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋارلارغا بولغان كۆز ـ قارىشى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

جۇڭگو مىلىنىڭ تەسىرى ئەنە شۇنداق يامان بولغاچقا، خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا بەزىلەر تا ھازىرغا قەدەر «جۇڭگو مىلى»، دىسە، خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ! مانا ھازىر بۇنداق ساختا، ناچار ماللار ئازايدى. ئۇنىڭ ئورنىنى سۇپەتلىك، ئەرزان جۇڭگو ماللىرى ئىگىلەشكە باشلىدى . . . »

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ۋاھاب ھاجى بىلەن بىللە ھەر خىل ماللارنى كۆرگەچ داۋاملىق بازار ئارىلىدۇق.

بازاردىكى مالنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، مال باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى (يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىچكىرىسىدە ئىشلەنگەن سۈپىتى ناچار ساختا جۇڭگو ماللىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىپ، جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆككەنلىكى ئۈچۈن، مەن بۇ ماللارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە بىر نەرسە دىيەلمەيمەن) نى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. بۇ يەردە جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدە ئىشلەنگەن بوغماق چاپاننى 40 ـ 50 يۈەن خەلق پۇلىغا ئالغىلى بولىدىكەن. سۈپىتى بىر قەدەر ئالىي بولغان دېرىزە پەردىلىكنىڭ بىر مېترىنى بەش ـ ئالتە يۈەنگە ئالغىلى بولىدىكەن، ۋاھاب ھاجىنىڭ ئېيتىشىچە، سۈپەت جەھەتتە ئوپئوخشاش بولغان مۇشۇ خىلدىكى رۇسىيە رەختى ۋېنجۇ رەختىگە قارىغاندا يەتتە ـ سەككىز ھەسسە قىممەت تۇرىدىكەن.

ئېھتىمال بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، بازارغا كەلگەن كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇ قايناق بازار مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، مەن ۋەتىنىمدىكى قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى، سىرىق بويا بازىرى، خانئېرىق بازىرى ۋە خوتەن ـ ئىلچى . . . بازىرىدىكى ئاشۇ ئاۋات بازار مەنزىرىلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدىم.

تۆمۈردىن ياسالغان بۇ كانتېنىر ـ دۇكانلار خۇددى سەرەڭگە قېپىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە زىچ يانداشتۇرۇپ قاتار

تىزئۆيتىلگەنىكەن. ئوت ئاپتى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالمائاتانىڭ قىشلىق تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 30 C قا چۈشكەن ئەڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدىمۇ كانتېينېرلاردا ئوت قالغىلى رۇخسەت قىلمايدىكەن.

بازاردا تىجارەت قىلىۋاتقان جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن چىققان غۇلجىلىق، ئۈرۈمچىلىك، ئاتۇشلۇق، قەشقەرلىك، خوتەنلىك ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىققان جېجياڭلىق، خېنەنلىك، گۇاڭدۇڭلۇق، فۇجيەنلىك، شاڭخەيلىك، بېيجىڭلىق ۋە تيەنجىنلىك تىجارەتچى خەنزۇلارمۇ كۆپ ئىكەن.

باراخولكا بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە جۇڭگو - قازاقىستان شىرىكچىلىكىدىكى «يالىيەن بازىرى» مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتتى. «يالىيەن بازىرى» ئۈچ قەۋەتلىك بازار بولۇپ، ئىچىدە جېجياڭلىق سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بازاردا رۇسچىغا ئۇستا، خەنزۇچىنى ئوقۇيدىغان قازاق قىزلىرى ئۇلارغا ياللىنىپ پىركازچىكلىق قىلىۋېتىپتۇ.

باراخولكا بازىرىدا تىجارەت قىلىۋاتقان خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ ئارىسىدا (ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ بار) بىر قىسمىنىڭ قولىدا يېشىل كارتا بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قازاقىستاندا قىسقا مۇددەت تۇرۇشقا رۇخسەت ئالغان چاھار بازارچى سودىگەرلەر ئىكەن. «يېشىل كارتا» قازاقىستاندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ئىكەن.

ئىلگىرى، باراخولكىدا سودا قىلىدىغانلار ئاز بولغاچقا، پۇل تاپماقمۇ ئوڭاي ئىكەن. ۋاھاپ ھاجىنىڭ باراخولكىدا بەش - ئالتە يەردە كانتېينېرى بولغان ئىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باراخولكىدا كانتېينېرى بار شىنجاڭلىق ئۇيغۇر سودىگەرلىرى 3000 دىن ئاشار ئىكەن. سودىغا ماھىر،

ئىشچان، زېرەك ئۇيغۇرلار لىق مال قاچىلانغان ئېغىر قاپلارنى يۈدۈپ، چاھار بازارچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇن چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بۇ مەركىزى بازارنى ئاخىر قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، رەھىمسىز بازار رىقابىتى ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىسىدا، ئۇلار بۇ بازاردىن ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقىرىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنداق بازار رىقابىتىنىڭ دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈشتە مەن ئۇيغۇرلاردا قەدەم ئەييامدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزدىن باشقا مۇۋاپىق سۆزنى تاپالمىدىم . . .

## ئابابىنىڭ ھەيكىلى ئاستىدىكى سۆھبەت

مەن ئالمائاتادىكى كۈنلەردە، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىمى، پروفېسسور ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى بىلەن بىللە بولدۇم. ئۇ چېچى ئاقارغان، بويى بىر مېتىر يەتمىش تۆت سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، يېشى ئاتمىشلاردا بار بىر مويسپىت ئىكەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى ھەققىدە بىر ئەسەر تەييارلاۋاتقانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك قازاقىستان زىيالىيلىرى خروششېۋ، بېرژنېۋ، گورباچېۋ دەۋرلىرىنىمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر ھەتتا، سوۋېت دۆلىتىنىڭ قانداق پارچىلانغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكى جۇڭگونى كۆرگەن، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەرنى، ھەتتا ھەربىي توقۇنۇشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگو زېمىندا ئارقا ئارقىدىن يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى چوڭقۇر تارىخىي سېلىشتۇرما ھېسسىياتقا ئىگە، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلالايدىغان ئالىم ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ مېنى تراللېبوس بىلەن ئالمائاتادىكى جۇمھۇرىيەت مەيدانىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا

جايلاشقان ئاباي خاتىرە سارىيىغا ئېلىپ كەلدى. مەن قازاق خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ئاباي قونانباينىڭ برونزا ھەيكىلى ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆز خەلقىنى نادانلىق، خۇراپاتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان بۇ بۈيۈك قازاق مۇتەپەككۇرگە سوكۇت بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۈم. ئۇ چوڭقۇر تەپەككۇرگە چۆمگەن ئويچان كۆزلىرى بىلەن يۇقىرىدىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى ۋە: «نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق خەلقىمىزنى ئەسىرلەردىن بېرى ئاڭقاۋلىقتا چىرماپ كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ زەنجىردۇر. نادانلىق، خۇراپاتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈش — سىلەرگە باقىي قالدى! . . . » دەۋاتقاندەك قىلاتتى . . .

ئابايىنىڭ بىرونزا ھەيكىلى ئاستىدا رۇسچە ھەرىپلەر ئويۇلغان بىر قارا گىرانىت تاش ئابىدە ئورنىتىلغانىدى.

مەن ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندىدىن: «ئابىدىگە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا: «بۇ ئابىدىدە قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، شائىر، يازغۇچى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئاباي قونانباي مىلادى 1845 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ شەمەي ئوبلاستىغا قاراشلىق چىڭغىس تېغى ۋادىسىدا دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 1904 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن، دەپ يېزىلىپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى ۋە مېنىڭدىن: «سىز ئابايىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇغانمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئابايىنىڭ 1890 ـ يىلىدىن 1898 ـ يىلىغىچە يازغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇغانىدىم. بىزدە ئۇنىڭ جىلىل مۇھەممەد تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشىر قىلىنىدى» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم، ئۇ: «سىز بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئوقۇپ، قانداق ھېسسىياتقا كەلدىڭىز؟» دەپ سورىدى.

— بۇ سۆزلەردە ئابايىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپەۋى ئوي - پىكىرلىرى، ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ سۆزلەر خۇددى كېچىدە چاقنىغان يورۇق يۇلتۇزدەك، تا ھېلىغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق! — دېدىم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، ئاباي قونانباي ئۇلۇغ پەيلاسوپ، — دېدى ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى ئابايىنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ، — ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئابايىنىڭ قازاقلارنىڭلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپلا قالماي، بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئابايىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مەنىۋى ساپاسىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ناچار ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاۋاتقاندەك، ئۇلارنى ياخشىلىققا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلمەي قالمايدۇ!

— ئىنتايىن بەلەن گەپ قىلدىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋەتلىدىم، — مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئابايىنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ھېلىھەممۇ يالغۇز قازاقلار ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بىر ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ.

— سىزگە ئابايىنىڭ ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان ھېكمەتلىك سۆزى قايسى؟ — دەپ سورىدى مېنىڭدىن ئۇ.

— ماڭا ئابايىنىڭ قازاق مەنمەنچىلىكىنى قاتتىق سۆكۈپ: «باشقىلارنى ياراتمايسەن، ئۆزۈڭ ھېچنېمىنى قىلالمايسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ئەسلىسى مۇنداقتۇ، دەيمەن، — دەپ ئۇ ئابايىنىڭ سۆزىنى يادقا ئوقۇشقا باشلىدى:

«... بىزدىن باشقا ئۇلۇسلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ئۇرغان. دۇنيادا بىزلا ئەڭ ياخشى، تەڭداشسىز ئۇلۇس، دەپ

ئويلاپ، باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈپ يۈرگەن ئىكەنمىز. ئەمدى قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىمايدىغان زىرائىتى، يېتىشتۈرمەيدىغان مېۋىسى، قولىدىن كەلمەيدىغان ھۈنىرى يوق ئىكەن. سودىگەرلىرىنىڭمۇ بارمايدىغان يېرى يوق ئىكەن. بىز ئورۇسقا بېقىنمايدىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلار قازاقنىڭ ئۆلۈكىنىڭ كېپەنلىكىدىن تارتىپ، تىرىكلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. قازاقنىڭ دادىسى بالىسىغا بېرىشكە كۆزى قىيمايدىغان ماللارنى ئۇيغۇرلار يېغىشتۇرۇپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىپ تۇردى. بىز ئورۇسقا بېقىنغاندىن كېيىنمۇ، ئورۇسنىڭ ھۈنەرلىرىنى بىزگە قارىغاندا ئۇلار كۆپرەك ئۆگىنىۋالدى. چوڭ بايلار، چوڭ موللىلارمۇ، ئەپچىللىكمۇ، گۈزەللىكمۇ، سىپايىلىقمۇ ھەممىسى شۇلاردا. قارىسام، ئازغىنە تاماق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بايلىرىغا بىرىمىز مەدىكار، بىرىمىز غالچا. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىمىزنىمۇ «بۇ بېساتلارنى سېنى پاسكىنا ئايىقىدا بولغىسۇن دەپ سېلىپ قويمىغان، چىق، دەپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدىكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ پېيىگە چۈشمەي، يامانلىق قىلماي، ئىشنىڭ ئېپىگە چۈشۈپ، ھۈنەر ئۆگىنىپ، مال - دۇنيا يىغىپ، روناق تاپقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمدى ھېلىقى ماختانغان، خۇشال بولغان، مەنمەنچىلىك قىلىپ كۈلگەن سۆزلىرىمىز نەدە قالدى؟!»①

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلىغاندەك قىلىپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم - يۇ، ئەمما، ئۈندىمىدىم.

بىز ئاباي خاتىرە سارىيى ئالدىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، قازاقىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە كەلدۇق. بۇ ئالدى شىمالغا قارىتىپ سېلىنغان

---

① «ئاباينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 4 — 5 - بەتلەر.

تۆت قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك سىرىق بىنا ئىكەن. ئۇنىڭغا ئىگىز پەلەمپەيلەر بىلەن چىققىلى بولىدىكەن. بىنانىڭ ئالدىدىكى سەرۋى قامەتلىك ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان مەيداندا رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى پۇشكىن، قازاق خەلقىنىڭ تارىخچىسى چوقان ۋەلىخانوۋ قاتارلىقلارنىڭ برونزا ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ساۋۇت موللا ئابدوۋ مېنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، سۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يەتتە تەرەپلىك بىر فونتان كۆلچىكىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئىلى، ئاقسۇ، چۇ، كۆكسۇ، قارا تال، لەپشى ۋە تەنتەك دەريالىرىنىڭ نامى ئويۇلغان بۇ فونتان كۆلچىكىنىڭ ئەتراپىدا قاتار ئورنىتىلغان 12 مۆچەلنىڭ برونزا ھەيكىلى بار ئىكەن. بىز بۇ ھەيكەللەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ساۋۇت موللا ئابدوۋ ئەپەندى مېنى قازاقىستاننىڭ مەشھۇر تارىخچىسى سەئىد ۋاققاسوۋ ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان، ياشىغان ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بۇ ئۆي بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتىدە بولۇپ، تېمىغا: «بۇ ئۆيدە سەئىد ۋاققاسوۋ 1984 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان ۋە ياشىغان» دەپ تاشقا ئويۇپ قويۇلۇپتۇ. مەن قازاقىستان خەلقىنىڭ ئىلىم ـ پەننى سۆيىدىغان، ئازاراقلا تۆھپىسى بارلىكى كىشىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندىم، بىزدىمۇ ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما، تۆھپىكار ئىلىم ـ پەن ئەربابلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇنداق خاتىرە ئۆيى تەسىس قىلىپ، خاتىرە ھەيكىلى ئورنىتىلىدىغان ئادەت تېخى ئومۇميۈزلۈك ئەمەس. شۇڭا، بىز باشقىلارنىڭ ئىلىم ـ پەننى سۆيۈش، قەدىرلەش روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئۆزۈم قىزىققان مەسىلىلەر ھەققىدە پروفېسسور

ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى بىلەن كەڭتاشا سۆھبەتلەشتىم. سۆھبەت داۋامىدا، مەن ئۇنىڭدىن سوۋېت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە قازاقىستاننىڭ هازىرقى هالىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئالىملارغا خاس ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— لېنىن بۈيۈك سىياسىئون بولۇشقا مۇناسىپ، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ يېپيېڭى بىر دەۋرنى بەرپا قىلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇلۇغ بىر سىياسىئون بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بېتىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

بىراق، لېنىنمۇ خاتالىق سادىر قىلغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ دىنغا قوللانغان سىياسىتى پۈتۈنلەي خاتا ئىدى. سوۋېت دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن، بىز سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مۇتلەق مەخپىي ئارخىپلىرىدىن لېنىننىڭ 1921 - يىلى يازغان بىر پارچە خېتىنى كۆردۇق. بۇ خەتتە، لېنىن: «بولشېۋىكلارغا قارشى چىققان پوپ ۋە موللىلارنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەرگەنىكەن. سوۋېت دۆلىتىدە كېيىنكى چاغلاردا دىنغا زەربە بېرىش ۋە دىننى چەكلەشمۇ لېنىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ستالىن بۇ خاتا سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، چېركاۋ - مەسچىتلەرنى پارتىلىتىپ، ۋەيران قىلىۋەتكەچكە، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق رەنجىتكەنىدى. بىزدە جۈمە كۈنى مەسچىتكە بارىدىغان ئادەت بار. شۇڭا، سوۋېت ھۆكۈمىتى پۇقرالارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى.

دىنى مەسىلە ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە. ھازىر قازاقىستاندىكى 75% ئاھالە دەرىجىسى ئوخشاشمىغان ھالدا ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە چىن كۆڭلىدىن دىنغا ئىشىنىدىغانلار 10% گىمۇ يەتمەيدۇ! مانا مەن ئۆزۈمنى ئالىدىغان بولسام، ئادەتتىكى دىنغا ئىشىنىدىغانلار قاتارىغا كىرىمەن. ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرىغا، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان جۈمە نامىزىغا ۋە ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان مېيىت نامازلىرىغا قاتنىشىپ قويىمەن. بۇنىڭلىق بىلەن مېنى دىنغا يۈزدە - يۈز ئىشىنىدۇ، دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ھازىر ئىككى ھېيت نامىزى — خەلقىنىڭ بايرىمىغا، يۇقرالارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەممىمىز تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىچىلىكىدە بىر - بىرىمىزنى ھەپتە - ھەپتە كۆرمەي يۈرىمىز. ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان جۈمە نامىزىدىلا بىر - بىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. مۇبادا، جۈمە نامىزىغا قاتنىشىشنى چەكلىسە، روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت نامىزىغا قاتنىشىشنىمۇ چەكلىسە، ئۇ چاغدا يۇقرالار نارازى بولمامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، دىنىي خادىملارمۇ تەربىيە خىزمىتىنى ئاتقۇرغۇچىلاردۇر. بۈگۈنكى قازاقىستاندا كومپارتىيە ئاغدۇرۇلۇپ يوق بولدى. ماركسىزم - لېنىنىزم ئەمەلدىن قالدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىقاد قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىرقى ياشلار ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ھېچكىمگىمۇ قايىل ئەمەس. ئېتىقاد بولمىسا، قانداق بولىدۇ؟ ئادەم ۋاكۇئۇم - بوشلۇقتا ياشاش مۇمكىنمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى ياشلار كومسوموللار ئىتتىپاقىدا تەربىيە ئالاتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم قالمىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلدى. ئۇلار تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىپ، بازار ئارىلاپ، قاۋاق مارىلاپ، دىسكو ئويناپ يۈرىدىغان بولدى. ئېتىقاد بولمىسا،

ئارزۇ ـ ئىستەك بولمايدۇ، ھەرىكەت بولمايدۇ، ئىستىقبالمۇ بولمايدۇ.

ستالىن سادىر قىلغان خاتالىق لېنىننىڭكىدىن ئېغىر. ستالىننىڭ ئېغىر خاتالىقى ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى تازىلاشتا ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىشتە كۆرۈلىدۇ. ستالىننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ھەددى ـ ھېسابسىز. شۇڭا، ئۇ خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ نەپرىتىگە قېلىپ، تۆكۈرۈپ تاشلاندى.

خروششوۋنىڭ ستالىننىڭ شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا قارشى تۇرغانلىقى توغرا بولدى. بىراق، ئۇ ئەجرى شامالغا كەتكەن ئىسلاھاتچى.

گورباچېۋ ئىنتايىن يارىماس بىر ئادەم. ئۇ سوۋېت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىش، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

سوۋېت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى بىر قېتىملىق ئەڭ كەسكىن بولغان غايەت زور ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزگە بىر تالاي مەسىلىلەرنى، چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان بىر تالاي مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنى بىردىنلا سوتسىيالىزمدىن كاپىتالىزمغا باشلاپ كىردى. مەن بۇ يەردە سوتسىيالىزم ياخشىمۇ، كاپىتالىزم ياخشىمۇ، دەپ باھالىماقچى ئەمەسمەن. بىراق، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا سوۋېت دۆلىتىدە يۈز بەرگەن ئاشۇ قېتىملىق زور ئۆزگىرىشتە مەيلى رۇسىيىدە بولسۇن، مەيلى قازاقىستاندا بولسۇن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كەسكىن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى پولاتتەك پاكىت! ئەلۋەتتە بۇ ئۆزگىرىشتە بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەرمۇ بار. ئەمما، ئۇلار ئاز ساندىكى ھوقۇقدارلار، تىكىنخورلار، قويمىچىلار

بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى قازاقىستاندىكى يېڭى ئېكسپىلاتاتورسىنىپ — بۇرژۇئازىيىنى بارلىققا كەلتۈردى . . .

شۇنداق، پروفېسسور ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلىرى ئالمائاتادىكى مەن ئۇچراشقان، سۆھبەتلەشكەن ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭمۇ ئورتاق يۈرەك ساداسى ئىكەن. چۈنكى، سوۋېت دۆلىتى مەيلى قانداق بولسۇن، 20 مىليون كۋادرات كىلومېتىر سوۋېت تۇپرىقىدا 70 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى، ھەمدە نۇرغۇنلىغان قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ تارىخىي پاكىت بولۇپ، ھەر قانداق ئادەم بۇ پاكىتلارنى يوپيوشۇرتىمەن دەپمۇ ھەرگىز يوشۇرتالمەيدۇ. ھەتتا، كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى پەنجىم، چېلەك، يەركەت ۋە ئالمائاتا قاتارلىق جايلارنى ئارىلىغاندا، سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدىكى بەزى بەلگە نىشانلارنى كۆردۈم. سوۋېت دۆلىتى دەۋرىدىكى ئاشۇ بەلگە - نىشانلارنىڭ قازاقىستاندا تا ھېلىغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، مېنىڭچە، خەلقىنىڭ «كونىلىقنى ئەسلەش» پسىخىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ سوۋېت دەۋرىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېلىھەممۇ سېغىنىشلىق ھېسسىياتى ئىچىدە ئەسلەيدىغانلىقىنى، سوۋېت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا ۋەتىنىمىزدىن ئالمائاتاغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خالىدە ئاپپاينىڭ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەنلىرى مېنىڭدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى.

خالىدە ئاپپاي ئوقۇتقۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان زىيالىي بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تولىمۇ قايىل بولدۇم.

بىر كۈنى، مەن خالىدە ئاپپاينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم.

ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ھەسەنجان ئاكىسىنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇ، ئاتا سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— بىز ھازىر ھايات ياشاۋاتقانلار، — دېدى غالىدە ئاپپاي يولدىشى ھەسەنجان ئاكىسىنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشۇ سوۋېت دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزغان ھەتتا قۇربان بولۇپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمىز. سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە مەيلى رۇسىيە بولسۇن ياكى قازاقىستاندا بولسۇن، كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، مۆلايىم، بىر - بىرىگە كۆيۈمچان، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئىدى. سوۋېت دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، مەيلى رۇسىيە جەمئىيىتى بولسۇن، ياكى قازاقىستان جەمئىيىتى بولسۇن، ئىككى قۇتۇپقا ئىنتايىن بۆلۈنمەكتە، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى كەيپىياتى قاتتىق بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۆزىڭىزمۇ دىققەت قىلغان بولسىڭىز كېرەك. ئاھالىنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىردىنلا بېيىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا تۇرىدىغان يېڭى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى شەكىللەندۈردى. ئاھالىنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر يوقسۇللۇق ئىچىدە جان تالاشماقتا. ئاھالىنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بىلەن نامراتلار تەبىقىسى ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ھاللىقلار تەبىقىسى دەپ ئاتالماقتا.

— غالىدە ئاپپاي، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ، سىز ئۆزىڭىز بىلەن ھەسەنجان ئاكا ئىككىڭلارنى قايسى تەبىقىگە مەنسۇپ، دەپ ھېسابلايسىز؟

ئۇ يولدىشى ھەسەنجان ئاكىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن،

— بىز ھاللىقلار تەبىقىسىگە كىرسەك، كېرەك! —

دېۋىدى، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ھەسەنجان ئاكىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ «ئوۋدى» ماركىلىق بىر دانە ئىمپورت ماشىنىسى، دائىرىسى بىرمۇدەك كېلىدىغان باغ - ھويلىلىق بىر قورۇسى بار ئىكەن. تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇ.

خالىدە ئاپپاي ئەسلىدە ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، 1958 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە خوتۇنسۇمول ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىكەن. 60 - يىللاردا يولدىشى ھەسەنجان ئاكا بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئالمائاتا شەھىرىنىڭ xxx رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ ۋە شۇ يەردە خىزمەت قىلىپ پېنسىيىگە چىقىپتۇ.

(ئەپسۇسكى، خالىدە ئاپپاي 2002 - يىلى 4 - ئايدا، ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ، تۇيۇقسىزدىن يۈرەك سانجىقى قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولۇپ كەتتى)

.

مەن پروفېسسور ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندىدىن سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە خىزمەت قىلىپ، سوۋېت دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇ بۇ مەسىلىنى ماڭا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى مىسالغا ئالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھازىر پېنسىيىگە چىقىپتۇ. ئەمما، ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئىشقا بېرىشى لازىم ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن پېنسىيە مۇئاشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرئايدا 6000 تەڭگە پېنسىيە مۇئاشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ 353 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ، دېگەنلىك بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدەك تۆھپىسى بار بىر ئىلىم - پەن ئەربابىنىڭ ئاران شۇنچىلىك پېنسىيە

مۇئاشى ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مېنىڭدىن: «سىزچۇ، سىز قانچىلىك پېنسىيە مائاشى ئالىسىز؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن: «2000 يۈەن پېنسىيە مائاشى ئالىمەن» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ ھېسابلاپ بېقىپ، «34 مىڭ تەڭگە پېنسىيە مائاشى ئالىدىكەنسىز. بىزدە جۇمھۇرىيەت مىنىستىرلىرىلا ئاشۇنچىلىك مائاش ئالالايدۇ!» دېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى جىددى تۇس ئالغانىدى.

مەن ئۇنىڭدىن: «كىتاب نەشر قىلدۇرسىڭىز، قەلەم ھەققى ئالىدىغانسىز؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇ: «نەدىكىنى دەيسىز؟ قازاقىستاندا كىتاب نەشر قىلدۇرىدىغان بولساق، ئۆز پۇلىمىزغا نەشر قىلدۇرىمىز. كىتابىمىز نەشردىن چىققاندا، نەشرىيات تارقىتىشقا ھەرگىز ئىگە بولمايدۇ. نائىلاج، بىز نەشردىن چىققان كىتابلىرىمىزنى يېقىن - يورۇقلىرىمىزغا، يارۇ - بۇرادەرلىرىمىزگە سوۋغا قىلىمىز. كىتاب مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تارقىتىلىدۇ. بىزدە قەلەم ھەققى دېگەن سۆز يوق. قارىماسىز، مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە يۈز پارچىدىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك ماقالە، ئىلمىي ئەسەر يازدىم. بىراق، ھازىرغا قەدەر بىرمۇ كىتاب نەشر قىلدۇرالىغىنىم يوق. مانا سىز قالتىس ئامەتلىك ئىكەنسىز، سىزنىڭ بىر ئەمەس، توققۇز كىتابىڭىز نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىپتۇ. سىلەر نېمە دېگەن بەختلىك - ھە؟!» دېدى - دە، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى...

## «شەخسنىڭ ئىرادىسى بويىچە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش»نىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى

سوۋېت كومپارتىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بېرى، قازاقىستان يۇقىرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى رۇسىيە ۋە باشقا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئاھالىنىڭ سەۋىيىسىگە ئوخشاش ناھايىتى تېز تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋە قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ھازىر بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پەيدىنپەي ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. مەن بەزىلەردىن ئاھالىنىڭ ئىچىدە شەخسىي كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغانلار بىلەن ئەڭ تۆۋەن بولغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 40 ھەسسىگە يېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سوۋېت دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ مۇئاشى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما تاۋارلارنىڭ باھاسى ئەرزان بولغاچقا، تۇرمۇش پاراۋان ئۆتەر ئىكەنىدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بازارلاردا ھەر خىل تاۋارلار كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما باھاسى ناھايىتى قىممەت، كىشىلەرنىڭ قولىدا پۇل بولمىغاچقا، سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. شۇڭا، يۇقىرى كىرىم بىلەن تۆۋەن كىرىم ئوتتۇرىسىدا پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، نامراتلىق بىلەن ھاللىق سەۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ چوڭىيىپ بېرىۋېتىپتۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان

مەخپىي ئىقتىسادىي ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى نامىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، «يەر ئاستى ئىگىلىكى»، «سايە ئىگىلىكى»، «قانۇنسىز ئىگىلىك»، «قاراڭغۇ بازار ئىگىلىكى»، «رويخەتكە ئېلىنمىغان ئىگىلىك»، «غەيرى ھېساۋات ئىگىلىكى» ۋەھاكازالار. بۇنداق مەخپىي ئىقتىسادىي ھادىسىلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىمۇ خۇددى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى رۇسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكىدەك، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «سايە ئىگىلىكى» ياكى «قاراڭغۇ بازار ئىگىلىكى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قازاقىستاندىكى «سايە ئىگىلىكى» خېلى بۇرۇنلا، يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىلا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدىكى ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولغان مەزگىلدە ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىكەن. بىراق، سايە ئىگىلىكىنىڭ كۆلىمى توغرىسىدا تا ھازىرغا قەدەر بىرمۇ نوپۇزلۇق ستاتىستىكا مەلۇماتى يوق ئىكەن. بۇ ھەقتە ئالمائاتالىقلارنىڭ مۆلچەرلىرى ھەر خىل ئىكەن. بەزىلىرى سايە ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل قازاقىستان مىللىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇتقان سالمىقى 25% — 20% گىچە دەپ مۆلچەرلىسە، بەزىلەر ھەتتا 45% — 40 گىچە بولۇشى مۇمكىن دېيىشىدۇ. سايە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىرىمى تۆۋەن نامراتلار، قول ـ ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، كولخوز ـ ساۋخوز، زاۋۇت ـ كان، كارخانىلار، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سابىق بوغالتىرلىرى، ئارتىستلار، ئارخىتېكتورلار، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، پروفېسسور ـ مۇتەخەسسىسلەر، دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىن تارتىپ يۇقىرىسى ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە گېنىراللار ھەتتا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەر بايېۋنىڭ

كۆيئوغۇلى راھەت ئەلىيۋ (ئۇنىڭ يالغۇز ئالمائاتا شەھىرىدىلا ئالتە يەردە كىچىك ماشىنا بازىرى بار ئىكەن) غا قەدەر بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قازاقىستان سايە ئىگىلىكىنىڭ سوبىستانسىيىسى ئىكەن.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، سايە ئىگىلىكىنىڭ قازاقىستاندا مۇنداق يامراق كېتىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب باج - سېلىقنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىدە ئىكەن. ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئۆزگۈرۈۋاتقان مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان قازاقىستاندا باج - سېلىق سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەتتا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ «ئىستېمال دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىكەن. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىم جەھەتتىكى باشقۇرۇشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش - قازاقىستاندىكى سايە ئىگىلىكى پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق بىر مەقسىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، قازاقىستاننىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىللەتلەر، تۈزۈلمىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مەزگىلدىكى سىياسىي جەھەتتىكى ۋاكۇئۇملۇق ۋە قائىدە - تۈزۈملەردىكى تۈرلۈك كاۋاكلار، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى بيۇروكراتلىق خىزمەت ئىستىلى، ئىگىلىك ئىسلاھاتى داۋامىدا قانۇن - تۈزۈملەرگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى چىرىكلىك ۋە مافىيە - قارا جەمئىيەتلەرنىڭ پۇقرالارنى قاقتى سوقتى قىلىشى، پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمىسىدە يۈز بېرىۋاتقان كىرىزىس، بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىنىڭ جامائەت مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشى، مۇئاش كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قازاقىستان ئىقتىسادىنىڭ «يەر ئاستى» غا يۆتكىلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ئىكەن. كەڭ يىزا -

قىشلاقلاردىكى دىھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ شەھەرلەرگە كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشى ۋە شەھەرلەردە ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى قازاقىستان سايە ئىگىلىكىنى ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «كىرىمى تۆۋەن نامراتلار» مۇنداق تۆت خىل ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: بىر خىلى، ئائىلىسىدە پەقەت بىرلا ئەمگەك كۈچى بولۇپ، كىرىمى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئائىلىلەر؛ ئىككىنچى خىلى، ئائىلە بويىچە بىردىنبىر ئەمگەك كۈچى بولغان ئائىلە باشلىقى ئىشسىز قالغاچقا، كىرىمى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئائىلىلەر؛ ئۈچىنچى خىلى، بويتاق ئەر ياكى تۇل خوتۇن بولغاچقا، پەرزەنتلىرىنى بېقىش پەقەت بىرلا تەرەپنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قالغان ئائىلىلەر؛ تۆتىنچى خىلى، كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەر. بۇنداق ئەھۋالدىكى ئائىلىلەر مۇتلەق كۆك نامرات ئائىلە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

شەخسىي كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغانلاردىن يېڭى بۇرژۇئازىيە شەكىللىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئايلىق كىرىمى 3000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىكەن. بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىككى ـ ئۈچتىن ئىمپورت ماشىنىلىرى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك داچىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ داچىلارنى 100 مىڭلاپ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ ياساتقانىكەن. ھازىرقى يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر خىل يوللار بىلەن بىردىنلا بېيىپ كەتكەن تېخنىكورلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ قىسمى سوۋېت مەزگىلىدە ھوقۇق تۇتقان كومپارتىيە ئەزالىرى ئىكەن! سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ـ چوڭ زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلىرى، كولخوز، ساۋخوز ـ

گوسخوزلارنىڭ رەئىسلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بولغان بۇ ھوقۇقدارلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بىر دومىلاپلا يېڭى بۇرژۇئازىيىگە ئايلىنىپتۇ! ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىسى غەرب ئەللەردىكى كونا ماركىلىق كاپىتالىستلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ ئېشىپ كېتىپتۇ! مېنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان بەزىلەر بۇنداق يېڭى بۇرژۇئازلار ئۈستىدە توختالغاندا، غەزەپلەنگەنلىكىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «سوۋېت دەۋرىدە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى ئەڭ كۆپ كۆرگەنلەر ئاشۇلار (ھازىرقى يېڭى بۇرژۇئازىيىنى دېمەكچى) ئىدى. سوۋېت كومپارتىيىسى ئاغدۇرۇلۇۋىدى. ئۇلار يەنىلا زور پايدىغا ئېرىشتى» دېيىشتى.

شۇنداق، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن زور پاجىئە! يېقىنقى يىللاردىن بېرى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبنى كىشىلەر ھەر خىل چۈشەندۈرۈشتى. دەرۋەقە، بۇ غەلىتە ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىر جۈملە سۆز بىلەن چۈشەندۈرمەك قىيىن. بۇ يەردىكى مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، جەمئىيەتنى (جۈملىدىن ھەر قانداق بىر ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى) قانۇننىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىدارە قىلىش ياكى شەخسنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىدارە قىلىش مەسىلىسى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئاساسىدىكى دېموكراتىك جەمئىيەت ياكى شەخسنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ئاساسىدىكى مۇستەبىت جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئايرىدىغان بىردىنبىر سۇبۆلگۈچ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالايلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى دۇنيادا ئامېرىكا بىلەن پۈت تېپىشەلەيدىغان بىردىنبىر دەرىجىدىن

تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئىدى. سوۋېت كومپارتىيىسى 70 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان، 20 مىليون ئەزاسى بار چوڭ سىياسىي پارتىيە بولسىمۇ، ئەمما، ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ھېسابلىنىدىغان سوۋېت دۆلىتىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلماستىن، بەلكى ھاكىممۇتلەق مۇستەبىت بولغان بىر پارتىيە، بىر گۇرۇھ، بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىدارە قىلىپ كەلگەنىدى. سوۋېت دۆلىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭمۇ ئەزالىرى ئىدى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى ھەممىدىن بەك كۆرگۈچىلەرمۇ دەل ئاشۇ ھاكىممۇتلەق پارتىيە ئىچىدىكى ئاشۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەر ئىدى. سوۋېت دۆلىتىدە قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلارمۇ دەل ئاشۇبىر گۇرۇھ مۇستەبىتلەر ئىدى. قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، دېموكراتىيىنى ئاياق - ئاستى قىلغانلارمۇ دەل ئاشۇ گۇرۇھتىكى ئادەملەر ئىدى. شۇ چاغلاردا قانۇن، دېموكراتىيە دېگەنلەر ئاشۇ بىر گۇرۇھ ھاكىممۇتلەق مۇستەبىتلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئەلھال، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلىۋېدى، كومپارتىيىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلارمۇ دەل سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان ئاشۇ ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقدارلار بولدى. بۇمۇ ئىنتايىن غەلىتە بىر ئىش ئەمەسمۇ؟

ئەسلىدە، ئۇلار «كوممۇنىست» دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سوۋېت خەلقى ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان بىر گۇرۇھ كاززاپلار ئىدى. ئۇلار سوۋېت دۆلىتىنىڭ نامىنى سۇئىستېمال قىلىپ، تۈزۈلمىدە قاتتىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا، ئۆزلىرى يۇتۇپ كەتكەن خەلق ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى يەڭ سودىسى قىلىپ ھايىنىغا سېتىپ ئۆزلىرىنى بېيىتىشتى. ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش نامى بىلەن قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپ، دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن ئۆزلىرىنى بېقىپ سەمرىتىشتى. ئۇلار سوۋېت دۆلىتىنىڭ شاراپىتىدە ھارام پايدا ئېلىپ تازا سەمرىپ كۈچلىنىۋالغاندىن كېيىن، تۈزۈلمىدىكى ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ دۆلەت مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا يەنە زور پايدا ئېلىپ ھازىرقى يېڭى بۇرژۇئازىيىگە ئۆزگەردى. مۇشۇنداق يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش جەريانىدا ئۇلار يۇقىرىغا يامىشىش ۋە مەنسەپ تۇتۇش ئۈچۈن ھەر قانداق رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانمىدى، دېمەك، سوۋېت دۆلىتىدە ئۇلار پۇل بىلەن مەنسەپكە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، مەنسەپنى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشتىكى پاخشە خىشقا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، قىسقىنىلا نەچچە يىل ئىچىدە، نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ۋەج - دۇنياغا ئىگە بولۇۋېلىشتى. بۇ ھوقۇقنىڭ مونوپوللىشىش - چىرىكلىشىشىدىن كېلىپ چىققان مۇقەررەر ئاقىۋەت ئىدى!

ھوقۇقنىڭ مونوپوللىشىش - چىرىكلىشىشى — ھوقۇقنىڭ دۆلەت بايلىقىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىشى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن شەكىللىنىدىغان ئاشۇ بىر قىسىم باھا پەرقىدىن كىرىدىغان كىرىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ - ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن ئىبارەت سۈنئىي ئامىلنىڭ بازار رىقابىتىنى چەكلەپ، تەلەپ بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كېڭەيتىۋېتىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ھادىسە خەلقئارادا: «ھوقۇقنىڭ رەنگە بېرىلىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ھوقۇقنىڭ رەنگە بېرىلىشى» ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئىقتىسادىي كارخانىلارنى باشقۇرغانلىقتىن، ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقلارنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىگە ئارىلىشىشىدىكى تۈرلۈك ھوقۇق -

ئىمتىيازلىرىنى چوڭايتىۋېتىدۇ. شۇڭا، غەربلىكلەر بۇنداق ھوقۇقنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى «رەنە ھەققىنىڭ تەسىس قىلىنىشى» دەپ ئاتىغان. دېمەك، چىرىكلىكنىڭ يۈز بېرىشىدە ھەممىدىن ئاۋۋال «رەنگە بېرىش» مۇھىتى بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، «رەنە ئېلىش» ھادىسىسى مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، مېنىڭچە، بۇ ھادىسىنى دەل ئاشۇ «ھوقۇقنىڭ رەنگە بېرىلىشى» دىن ئىبارەت مەزمۇنىنىڭ «ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش»، «پۇل بىلەن ھوقۇق سودىسى قىلىش» تىن ئىبارەت شەكىل ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشەنسەك، ئۇ ھالدا، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ چىرىكلىشىش ۋە ئاغدۇرۇلۇشىدىكى تۈپ سەۋەبنى چۈشەنگەن بولىمىز.

پۇل بىلەن ھوقۇق سودىسى — پۈتكۈل پۇقرالارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە چىرىكلىكنىڭ يۈز بېرىشى يېڭى بايلىق مەنبەسىگە ئېرىشىۋالغان مونوپول گۇرۇھلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ساھەدە رول ئويناۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلىدۇر. ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى پۇلغا تېگىشىشى بولسۇن، ياكى يېقىندىن بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئالارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ھوقۇققا تېگىشىشى بولسۇن، بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاقسىزلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پارىخورلۇقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتمىغاندا، ئەل ئاسايىشلىق تاپالمايدۇ؛ خىيانەتچىلىكنى يوقاتمىغاندا، يۇرتدارچىلىق ئىشى روناق تاپالمايدۇ؛ چىرىكلىكنى تۈگىتەلمىگەن ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى بولمايدۇ. بۇ قەدىم ـ ئەييامدىن تارتىپ قايتا ـ قايتا ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەتتۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چىرىكلىك ـ چىرىكلىشىپ تۈگىشىش ھېسابلىنىدۇ. تىنچلىق ـ

ئاسايىشلىق يىللىرىدىكى چىرىكلىك ئۆرۈش - ئەنسىزلىك يىللىرىدىكى مەغلۇبىيەت - مۇنقەرزلىككە ئوخشايدۇ.

## «خەلق دۈشمەنلىرى» دېگەن كىملەر؟

مەن ئالمائاتادىكى چاغلىرىمدا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر يەردىن كوللېكتىپ كۆمۈلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرى تېپىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بەزىلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئادەم سۆڭەكلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىننىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان «خەلق دۈشمەنلىرى» نى چوڭ تازىلاشتا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرى ئىكەن!

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئاشكارىلانغان ئارخىپ - ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ستالىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى شۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاشتا خاتا ھالدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى ئادەمنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ:

1919 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سايلاپ چىقىلغان 31 نەپەر سىياسىي بيۇرو ئەزاسى ئىچىدىن 20 نەپىرى ستالىننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن!

1922 - يىلى لېنىن ھايات ۋاقتىدا قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتايي — 11 - قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان 26 نەپەر مەركىزى كومىتېت ئەزاسىدىن 17 نەپىرى

«چوڭ تازىلاش» تا ئېتىلغان، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان!

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان 137 نەپەر مەركىزى كومىتېت ئەزاسى ۋە كاندىدات ئەزاسى ئىچىدىن 98 نەپىرى قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ تاشلانغان!

سوۋېت كومپارتىيىسى 17 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان 1966 نەپەر پارتىيە ۋەكىلىنىڭ ئىچىدىن 1108 نەپىرى «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنغان ۋە ئېتىپ تاشلانغان.

شۇ قېتىمقى «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە قولغا ئېلىنغان ۋە ئېتىپ تاشلانغانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىكەن! بەزىلەر شۇ مەزگىلدە ستالىننىڭ قولىدا ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى ئەللىك مىليوندىن ئاشىدۇ، دەپ مۆلچەرلىشىدۇ! تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى، تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋمۇ شۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاشتا ستالىن تەرىپىدىن «ئەشەددىي خەلق دۈشمىنى» دەپ ئەيىبلىنىپ، دەرھال ئېتىپ تاشلانغانىكەن!

«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مېھرىبان ئاتىسى» دەپ ئاتالغان ستالىننىڭ مۇشۇنچىۋىلا بىگۇناھ ئادەملەرنى شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ ھازىر ئاشكارىلانغان ئىشەنچىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭغا «لېنىننىڭ ۋەسىيىتى» سەۋەبچى بولغانىكەن.

«لېنىننىڭ ۋەسىيىتى» — لېنىن ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان مەزگىلدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن بىر پارچە مۇھىم ھۆججەت بولۇپ، تولۇق نامى: «قۇرۇلتايغا يېزىلغان خەت». لېنىن بۇ «خەت» تە ئۆزىنىڭ

مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىغا بولغان كۆز ـ قارىشىنى ۋە تەكلىپىنى مەخسۇس ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇ چاغدىكى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئالتە كىشى: ستالىن، تروتسكى، زىۋىينوۋ، كامىنىۋ، بۇخارىن ۋەپىتاكوۋ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

تروتسكى قابىل، كۈچلۈك بىر رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇكسەك ھەربىي قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە، يېتۈك ناتىق ۋە تەرغىباتچى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز تالانتىنى بالدۇر ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ئۆزىگە رەقىپ كۆپەيتىۋالغانىدى. تروتسكى قىزىل ئارمىيىنى قۇرۇپ چىققان ۋە قىزىل ئارمىيىگە باش قوماندان بولغان كىشى. شۇڭا، ئۇ «قىزىل ئارمىيە ئاتىسى» دېگەن نامغا مۇشەررەب بولغان. ئۇ ئەلەمگە ماھىر، قەلەمدە يېتۈك ئالىم ھېسابلىنىدىغان قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازغان. . .

زىۋىينوۋ — كونا بولشىۋىك. ئۇ لېنىننىڭ ئۇزۇن يىللار كۆرەشتە بىللە بولغان سەبدىشى، سالماق، ئەمەلىيەتچىل، ھەم نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە، ھەم ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بىر رەھبەر ئىدى.

كامىنىۋمۇكونا بولشىۋىك ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ موسكۋا سوۋېتىنىڭ رەئىسى، پۈتۈن روسىيە مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەركىزى خەلق كومىسسارىئاتىغا مۇئاۋىن رەئىس بولغانىدى.

بۇخارىن ماركسىتىك ياش نەزەرىيىچى بولۇپ، يېزىقچىلىق ۋە تەرغىباتچىلىق ئىشلىرىغا ئۇستا ئادەم ئىدى.

پىتاكوۋ يېشى ھەممىسىدىن كىچىك، ئەمما، ئىنتايىن قابىلىيەتلىك بىر ئادەم بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئۇ ئەڭ ئالىي مىللىي ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى.

لېنىن بۇ «خەت»تە پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادرۇسىدىكى بۇ ئالتە كىشى ئىچىدىن بىرسىنى پارتىيىنىڭ يېڭىدىن سايلىنىدىغان باش شۇجىلىقىغا تاللىۋېلىشىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى باھاسى بىلەن ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

لېنىن بۇ «خەت»تە مۇنداق دېگەنىدى:

«يولداش تروتسكى قاتناش خەلق كومىسسارىئاتى مەسىلىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن تالانتلىق بىر رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ ھېلىھەم يەنىلا مەركىزى كومىتېتتىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ ھېسابلانسا كېرەك. بىراق، ئۇ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ئىشۋاز.»

«يولداش زىنوۋيېۋ بىلەن يولداش كامىنېۋلارنىڭ 1917 - يىلى ئۆكتەبىردىكى قوراللىق قوزغىلاڭغا قارشى چىققانلىقى ھەرگىزمۇ تەساددىپىيلىقتىن بولغان ئىش ئەمەس. بۇ ئىشتا ئۇلارنى ئازراق ئەيىپلىگەن ياخشى. خۇددى غەيرى بولشېۋىزىم مەسىلىسىدە تروتسكىنى ئازراق ئەيىپلىگەنگە ئوخشاش...»

«يولداش بۇخارىن پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيىچىسى، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئەڭ كۆپ مۇيەسسەر بولغان كىشى. لېكىن، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چاكىنا پەلسەپەگە ئوخشايدىغان بىر تۈرلۈك نەرسە كۆپرەك (ئۇ ئەزەلدىن دىئالېكتىكا ئۆگەنمىگەن).»

«يولداش پىتاكوۋ ئىرادىلىك ۋە ئىنتايىن زور ئىقتىدارلىق ئادەم. بىراق، ئۇنىڭدا مەمۇرىي ۋاستىلەرگە ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرگىلا بېرىلىپ كېتىدىغان خاراكتېر ئېغىر. مۇھىم سىياسىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا تايانغىلى بولمايدۇ...»

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش ئادەمنىڭ ھەممىسى ئالىي

مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، يالغۇز ستالىنلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى.

لېنىن بۇ «خەت» تە ستالىن ھەققىدە ئالاھىدە توختالغانىدى. چۈنكى، لېنىننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىلدە، ستالىن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش شۇجىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. لېنىن «خەت» تە مۇنداق دېگەنىدى:

«يولداش ستالىن باش شۇجى بولغاندىن كېيىن، چەكسىز ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى. بىراق، ئۇ قولىدىكى بۇ ھوقۇقنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتەلەمدۇ — يوق، بۇنىڭغا بىر نېمە دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن.»

«يولداش ستالىن ناھايىتى قوپال. بۇنداق كەمچىلىك بىزنىڭ ئارىمىزدىكىلەردە بولسا، كوممۇنىستلار ئارىسىدا بولسا، ئۇنىڭغا يول قويغىلى بولىدۇ. بىراق، باش شۇجىلىقنى ئاتقۇرۇۋاتقان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق كەمچىلىككە ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن يولداشلارغا ستالىننى ئامال قىلىپ ھازىرقى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەيلەننى قويۇشنى تەكلىپ قىلىمەن. بۇ ئادەم باشقا جەھەتلەردە ستالىن بىلەن ئوخشاش بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما، سەۋر - تاقەت قىلىشتا، ساداقەتمەنلىكتە، مۇلايىملىقتا، يولداشلىرىغا كۆيۈنۈشتە ئۇنىڭدىن ئازاراق ئۈستۈن تۇرسىلا، بەتخۇي بولمىسىلا بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئىشلار ئېھتىمال تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈچىلىكى يوق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ھېسابلىنار. بىراق، يولداشلار، ئويلىنىپ كۆرۈڭلار، پارچىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا مەن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ستالىن بىلەن تروتسكىنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، بۇ ئىش بەلكىم ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كىچىك ئىش ھېسابلانسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن! . . . »

لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كامىنوۋ لېنىننىڭ «ۋەسىيىتى»نى پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ئوقۇپ بەردى ۋە ئارقىدىنلا ستالىن «لېنىن كۆرسەتكەن كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلدى» ھەمدە «بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ بۇ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ماقۇل بولدى.» شۇڭا، قۇرۇلتايدا ستالىن «باش شۇجىلىق ئورنىدا داۋاملىق ئىشلەۋەرسە بولىدۇ!» دەپ ئېلان قىلىندى. بىراق، «لېنىننىڭ ۋەسىيىتى» ستالىننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ كەلگەن «يۈرەك سانجىقى» بولغاچقا، ئۇ ئەلۋەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى رەقىبلىرىنى بىر - بىرلەپ يوقاتمىغۇچە زادىلا توختىمايتتى!

سوۋېت دۆلىتىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن تارتىپ ستالىن تەرىپىدىن پىلانلانغان بىر قاتار قانلىق سىياسىي سۇئىقەستلەر كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. سوۋېت دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى ستالىننىڭ «خەلق دۈشمەنلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىشۋەجىسمانىي جەھەتتىن يوق قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى بويىچە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان «ھەرىكەت پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلاننىڭ كونكرېت قەدەم - باسقۇچلىرى مۇنداق ئىدى:

1. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىئاتى ۋە ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇق تورلىرى ئارقىلىق «زىيالىيلار»، «ئىشچىلار»، «دېھقانلار» دېگەن ئۈچ چوڭ تور بويىچە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ياش - قورامىغا يەتكەن بارلىق ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۈستىدە يوشۇرۇن سىياسىي تەكشۈرۈشنى باشلاش.

2. بۇ ئىجتىمائىي تورلار ئىچىدىكى ھەر بىر ئادەم ئۈستىدە يوقىتىش ئوبيېكتى — «خەلق دۈشمەنلىرى»نىڭ نىسبىتىنى بېكىتىپ چىقىش.

3. «خەلق دۈشمەنلىرى» ئۈستىدە تەپسىلىي «ئالاھىدىلىك

جەدۋەلى» نى تۈزۈپ چىقىش.

4. كالېندار بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىش. رايون (ناھىيە)، ئوبلاست، چېگرا رايونلاردا ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەردە «خەلق دۈشمەنلىرى» نى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىدىغان ئېنىق كۈننى بەلگىلەش . . .

. . .

سوۋېت ئىتتىپاقىدا «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتى تاكى 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە – گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت دۆلىتىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىغانغا قەدەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يارلىق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا «خەلق دۈشمەنلىرىنى پاش قىلىش ۋە يوقىتىش» ھەرىكىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. قاتلامۇ قاتلام ئاممىۋى يىغىنلار چاقىرىلىپ، «خەلق دۈشمەنلىرى» نى قاتتىق جازالاش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. چېقىمچىلىق خۇددى ۋابادەك ھەممىلا يەرگە يامراپ كەتتى. خوتۇنى ئېرىنى چاقىدىغان، ئوغلى ئاتىسىنى چاقىدىغان، بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى چاقىدىغان . . . پاجىئە سوۋېت دۆلىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى! . . . دېموكراتىيە قاتتىق ئاياق ئاستى قىلىندى. پىكىر ئەركىنلىكى، ئىرادە ئەركىنلىكى قاتتىق ئاياغ ـ ئاستى قىلىندى. قانۇن ـ تۈزۈم قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىندى! مانا بۇ — دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرماستىن، شەخسنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق باشقۇرغانلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى! دېمەك، ئەگەر ساغلام بولمىغان جەمئىيەتتىمۇ پىسخىك جەھەتتە ساغلام، مەنىۋىيەت جەھەتتە ئەركىن بولغان ئادەملەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندەك، ئەگەر ساغلام دېيىلگەن جەمئىيەتتىمۇ پىسخىكىسى ساغلام بولمىغان، مەنىۋىيەت جەھەتتە

ئەركىن بولمىغان مەجرۇھ ئادەملەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق مەجرۇھ پسىخىكىلىك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق ساغلام بولمىغان پىكىرلىرىنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىش ئارقىلىق، مەجرۇھ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۆزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پاجىئەنى تۈگىتىمەن دەپلا تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايدۇ! شۇڭا، فرانسۇز كورۇلى لۇئى II : «ساختىلىق قىلىشنى بىلمىگەن كىشى، ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ!» دېگەنىدى. بىراق، بىر جەمئىيەت مۇبادا ساختىلىققا يول قويىدىغان بولسا، ئاشۇ جەمئىيەتتە ساختىلىق، يامانلىق، پەسكەشلىك يامراپ كېتىپ، ئاپەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

# كۈندىن - كۈنگە «ئاۋام»لىشىۋاتقان ھازىرقى زامان قازاقىستان مەدەنىيىتى

مەن ئالمائاتادا بولۇۋاتقان كۈنلەردە، بەزى گېزىت - ژۇرناللارنى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆردۈم. بىر بۆلۈك زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتىم. مۇشۇ جەرياندا، مەن بۇگۈنكى قازاقىستان مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولدۇم. ھالبۇكى، «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشكە باشلىغانلىقى — بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن سۆھبەتلەشكەن بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئامىباب مەدەنىيەت ئەنئەنىسى خەلقئارادىكى «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن ئايرىۋېتىلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زىيالىيلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەخسۇس تەتقىقاتى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەتنىڭ يەنى، ئامىباب مەدەنىيەتنىڭ پۈتۈن قازاقىستاندىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئۇزاققىچە پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىگە سەۋەبچى بولغانىكەن. بىراق، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە، يەنى سوۋېت كومپارتىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، سوۋېت دۆلىتى يىمىرىلگەندىن

كېيىن، ئامېباب مەدەنىيەت بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سەۋەبلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلاپتۇ. قازاقىستاندا ھازىر رادىئو ـ ژۇرناللار ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ پروگراممىلىرى بۇرۇنقىدەك ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈزۈلمەيدىغان بولۇپتۇ.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى راپىق ئەپەندى مېنى ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇرچە گېزىت — «كوممۇنىزم تۇغى» رىداكسىيىسىگە باشلاپ باردى. بۇ گېزىت ھازىر «ئۇيغۇر ئاۋازى» دەپ ئاتىلىدىكەن. مەن رىداكسىيە باشلىقى يولداش ئازماتوۋ بىلەن كۆرۈشتىم. ئۇ ئېگىز بويلۇق، يېشى 55 لەردە بار، ئوچۇق پىكىرلىك بىر ئادەم ئىكەن. بىز ئۆز ـ ئارا سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، سوۋېت دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ئىلگىرىكى بەلگىلىمىلەرنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. ھازىر قازاقىستاندا مەتبۇئات ئەركىنلىكى تولۇق يولغا قويۇلۇپتۇ. كىم نېمە دەپ ئەسەر ياكى ماقالە يازسا، ئاشكارا نەشىر قىلىنىۋېرىدىكەن. ئاخبارات ـ تەكشۈرۈش تۈزۈمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق كۆز قاراشنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاشكارا ئېلان قىلىشقا بولىدىكەن. ھەتتا يالغان ـ ياۋداق، پىتنە ـ پاساتقا ئوخشاش ئۆسەك سۆزلەرنىمۇ خەۋەر تەرىقىسىدە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشقا بولىدىكەن. يولداش ئازماتوۋ قازاقىستان سىياسىيسىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى مىسالغا ئالغاندىن كېيىن، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «ھازىرقى ئاخبارات ئەركىنلىكى پىتنە ـ پاسات تېرىش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى

قالايمىقانلاشتۇرۇشتەك ناچار خاھىشلارنىڭ ھەسسىلەپ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەبچى بولماقتا! . . . » دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى.
ھەر قايسى كىتابخانىلارنى، كىتاب يايمىلىرىنى ياكى كىتاب يەرمەنكىلىرىنى مۇقاۋىلىرى كاتتا لايىھىلەنگەن ئەمما، تۈپلىنىشى ئاددى بازارلىق كىتابلار قاپلاپ كېتىپتۇ. «رازۋېتكا ئەدەبىياتى» ، «تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتىدىن جەۋھەرلەر» ، «ئىشقىۋاز بايۋەتچە» ، «گۈزەللەر دۇنياسى» قاتارلىق ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىچ ـ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىشنى مەخسەت قىلغان گېزىت ـ ژۇرناللار ئالمائاتا شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات بۆلەكلىرىدە سېتىلىدىكەن.
سوۋېت دەۋرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار، مەسىلەن، «كومسومول ھەقىقىتى» ، «ياشلىق باھارى» غا ئوخشاش كونا ئۇسلۇبتىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ئۆتمۈشتىكى بىر خىللا بولۇشتەك قېلىپباز ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، جانلىق، جۇشقۇنلۇق قىياپەت بىلەن چىقىرىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىنقى يىللاردا جامائەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان زور بىر تۈركۈمدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار يېڭىدىن مەيدانغا كېلىپتۇ.
«ئاۋام» لىشىش — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئاممىباب مەدەنىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك بىر ھادىسىگە ئايلىنىپتۇ. «ئاۋاملىشىش ھادىسىسى» دە ئىشقى ـ مۇھەببەت ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن ۋە سىرلىق مەزمۇندىكى كىتابلار، تۈرلۈك تېرورلۇق ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن كىتابلار، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، گېزىت ـ ژۇرناللار باشقىلارنى ئىنتايىن جەلپ قىلارلىق كۆچىگە ئىگە ئىكەن. مەسىلەن، رەڭلىك مەتبەئە بىلەن ئىنتايىن سۈپەتلىك قەغەزگە بېسىلغان «ئىشقىۋاز بايۋەتچە» ژۇرنىلى ھەر قايسى چوڭ ماگىزىنلاردا ۋە كىتاب يايمىلىرىدا ئاپ ـ ئاشكارا سېتىلىدىكەن. گېزىت ـ

ژۇرناللاردا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى پارچە سېرىق مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئاشكارا ئېلان قىلىنىدىكەن. كىنو ـ تېلېۋىزورلاردا سېرىق مەزمۇندىكى تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىملىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ كۆرسىتىلىدىكەن. بۇ ئەسەرلەر پۇشكىن، تورگېنۇ، تولىستوي، ئاباي، چىڭگىز ئايتماتوۋ. ئايبېك ۋە خېلىل ھەمرايىۋ قاتارلىق كلاسسىك رۇس، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئىشقى ـ مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن جىددى مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن.

مۇنداق «ئاۋام» لاشقان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قېلىپلاشقان ۋەقەلىكلەردە ئەر ـ ئايال باش پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا راۋاجلىنىپ بارىدىغان ھەيران ـ ھەۋەسلەر باشلىنىشىدىن تارتىپ تاكى ئەۋجىگە چىققانغا قەدەر بولغان پۈتۈن جەريان، ئاياللارنىڭ جىنسى پسىخىكىسى ئاساسلىق بايان قىلىش ئوبيېكتى قىلىنىدىكەن، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئاددى، قوپال بولغاچقا، ئەدەبىي تەنقىتچىلەر تەرىپىدىن ھەمىشە «xxx تىلىغا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق»، «xxx ئەدەبىياتىنى پسىخىكا جەھەتتىن نابۇت قىلغانلىق» دەپ تەنقىد قىلىنىپ تۇرۇلسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىدىن ئادەم ئەجەبلىنىدۇ!

ئاممىبابلاشقان كىتاب ـ ژۇرناللاردا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا قازاقىستاننىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي تارىخى ۋە ئەدەبىيات ئىجادىيەت تارىخى ئۆزگەرتىلىشكە باشلاپتۇ. ئىلگىرى قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن جىددى تېمىدىكى رومانلار بۈگۈنگە كەلگەندە زور تەھدىتكە دۇچ كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇنداق ھالەت قاتمال بىر مەنبەچىلىكتەك ئىجادىيەت قېلىپىنى چۆرۈپ تاشلاش بىلەن بىللە، ئەدەبىياتتىكى قاتمال بايان قىلىش قېلىپىنىمۇ چۆرۈپ تاشلاشقا باشلاپتۇ!

ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، كەڭ قازاقىستان زىيالىيلىرىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپتۇ. ئۇلار سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدىكى ھەر قايسى كەسپىي ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئۇلۇك، مەنىسىز ناتىقلىق شەكلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جانلىق بايان قىلىش، تاڭسۇق تىل سەنئىتىنى قوللىنىش ۋە كەڭرى پىكىر قىلىشتەك يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ۋە مەدەنىيەت يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىدىغان بولۇپتۇ. ھەمدە، ھەر قايسى ساھەلەردىكى زىيالىيلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغان كەسىپ پاسىلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسلىدە مەلۇم بىر ئىلىم - پەن ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان مەسىلىلەرنى كەڭ جامائەتچىلىك بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىدىغان ئورتاق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنى يېڭىۋاشتىن تىكلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپتۇ. نەتىجىدە خەلق ئاممىسىدىن يىراقلىشىشقا باشلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمدى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ.

گەرچە، قازاقىستاندىكى «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەت خەلق ئاممىسىنى زور مىقداردا يەڭگىل، كۆڭۈللۈك ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ مەنبەلىك كۆڭۈل ئېچىش ماكانلىرىنى بەرپا قىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەت قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ تېز

تۆۋەنلەپ كېتىشكە سەۋەبچى بولۇپتۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىدىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپتۇ. ھالبۇكى، زامانىۋى «ئاۋام» لاشقان مەدەنىيەتنىڭ قازاقىستاندا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى سىر ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرغانلىقتا بولماستىن، بەلكى دەھرىيلەشكەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى قۇراشتۇرۇپ، زامانىۋى مىفلارنى توقۇپ چىققانلىقتىن، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىدىغان بايان قىلىش ئەنئەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن يوقۇلۇۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدىكەن.

شۇنداق، مەلۇم بىر ئەسەر ئەسلىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئوبرازنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان ئۇچۇر بولغانلىقتىن، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى يېزىۋاتقاندا، تۈرلۈك مەسىللەرنى، جۈملىدىن رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەجبۇرىيىتى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ يازغۇچى، سىياسىئون ئەمەس. يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى قولى بىلەن ئەينى زاماندىكى رېئال جەمئىيەتنىڭ يارىسىنى سىلاش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئادىمىيلىكنى، ئەخلاقنى ئۇنتۇپ قالماستىن بىشارەت بېرىشتىنلا ئىبارەت. تۈرلۈك رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىياسىئونلار ئۆزلىرى ھەل قىلىشۋالسۇن!

ھازىرقى زامان قازاقىستان مەدەنىيىتى مۇستەملىكچىـ لىكتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت مەدەنىيىتى ۋە رۇسىيە مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئاللىقاچان

پارچىلانغانلىقتىن، قازاقىستان ئەدەبىياتى چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋېتىپتۇ. مەن بەزى قازاقىستان قەلەمكەشلىرىنىڭ غەربىنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي قوبۇل قىلىپ، ئىجادىيەت ئەمگەكلىرىدە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

## «ۋەتەنسىزلىك — لالما ئىتتىن بەتتەر خورلۇق ئېلىپ كېلىدۇ!»

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قازاقلار قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى «ئاساسىي گەۋدە مىللەت» كە ئايلاندى، ھالبۇكى، سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە ئىزچىل تۈردە «ئاكا مىللەت» بولۇپ كەلگەن رۇسلار بىر كېچىدىلا «ئىككىنچى دەرىجىلىك مىللەت» كە ئايلىنىپ قالدى.

1999 - يىلىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە جەمئىي 81 مىللەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نوپۇسى يۈز مىڭدىن ئاشىدىغان مىللەتلەردىن 24ى، نوپۇسى يۈز مىڭدىن تۆۋەن بولغان مىللەتلەردىن 57 سى بار ئىكەن.

قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ سانى 14 مىليون 953 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى «ئاساسىي گەۋدە مىللەت» بولغان قازاقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليون 985 مىڭ ئىكەن؛ سوۋېت دۆلىتى پارچىلانغاندا، قازاقىستاندا 6 مىليوندىن كۆپرەك رۇس مىللىتى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدىكەندۇق. 1999 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قازاقىستاندىكى رۇسلارنىڭ سانى 4 مىليون 479 مىڭغا چۈشۈپ قاپتۇ؛ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى

ئالمائاتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇر رايونى، غالجات رايونى، چىلەك رايونى، يەركەت رايونى ۋە ئىلى رايونلىرىدا ۋە شۇنىڭدەك تالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ پانفىلوۋ رايونى بىلەن كروۋ رايونىدا ھەم ئالمائاتا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقانىكەن.

ئالمائاتا شەھىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ھازىر ئالمائاتا شەھىرىدىكى سۇلتان قورغان، دىرۇژبا قاتارلىق رايونلار ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئىكەن. شەھەرنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى قوشقاندا، ئالمائاتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن!

سۇلتان قورغان رايونى ئالمائاتا شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسى بولۇپ، مىلادى 1874 ـ يىلى، چارروسىيە گېنرالى كالپاكوۋسكىنىڭ ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندا، ئىلى تارانچىلار ھاكىمىيىتىنىڭ سۇلتانى ئەلاخان سۇلتاننى تۇتۇپ كېلىپ، شۇ چاغدا «ۋېرنى» دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى ئالمائاتا شەھىرىنىڭ مۇشۇ يېرىگە قورغان سېلىپ نەزەربەنت قىلىپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەرنىڭ نامى «سۇلتان قورغان» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ ۋە بۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ـ كەنتلەر پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. 1881 ـ يىلىدىكى مەشھۇر «كۆچ ـ كۆچ» تە چارروسىيە ئىلىدىن مەجبۇرى كۆچۈرۈپ چىققان 48 مىڭ تارانچىنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ سۇلتان قورغانغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭىيىپ، ھازىرقى ھالەتكە يېتىپتۇ.

سۇلتان قورغان رايونىنىڭ ھازىرقى دائىرىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تيانشان رايونىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە تەڭ كېلىدىكەن. ئالما ئاتا شەھىرىدىكى 300 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كۆپ

قىسمىمۇ مۇشۇ سۇلتان قورغان رايونىدا ئولتۇراقلاشقانىكەن،
ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئەركىن بازار — «باراخولكا»
بازىرىمۇ مۇشۇ سۇلتان قورغان رايونىغا جايلاشقانىكەن. بۇ يەرگە
كەلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى خۇددى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى
دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنسىز.
مەيلى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سۇلتان قورغان
رايونى بولسۇن ياكى دىرۇژبا رايونى بولسۇن، مەھەللىنىڭ ئىچى
پاكىزە، رەتلىك، ئادەملىرى تولىمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق،
ئەدەبلىك، مەدەنىيەتلىك ۋە سالاپەتلىك ئىكەن. كوچىلىرىدا
قالايمىقان تۆكۈلگەن ئەخلەت دۆۋىلىرى، سېسىق يۇندا - چايقاندا
ئورىلىرى، جامائەت تازىلىقىغا خىلاپ كېلىدىغان ھالەتلەر
ئۇچرىمايدىكەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇتنىڭ باتۇر
دېگەن شاگىرتىنىڭ ئاتىسى ئابلىكىم ئاكا مېنى ئىپتارغا ئۆيىگە
چاقىرىپ كېلىپتۇ. ئۇنىڭ دىرۇژبا رايونىدىكى «ئەھمەت يەسەۋى»
كوچىسىدا ئىككى قەۋەتلىك سېلىنغان چىدىرلىق ئۆيى ۋە يوغان
بىر قورۇسى بار ئىكەن. ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدە چاققانغىنە بىر
باغچىسىمۇ بار ئىكەن كىشىلەر ئابلىكىم ئاكىنى كىچىك
ۋاقتىدىكى لەقىمى بويىچە «ئاباي» دەپ ئاتايدىكەن.

دىرۇژبا — رۇسچە «دوستلۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ
يەر ئالما ئاتا شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كەلگەن بۇ يەردە
پۈتونلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاندا - ساندا
رۇسلارمۇ ئولتۇراقلاشقانىكەن.

ئابلىكىم ئاكا ئۆزى ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئەمما، گېزىت -
ژۇرناللارغا قىزىقىدىغان، كىتابخۇمار بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ
كۈندە دېگۈدەك شىنجاڭ خەلق رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە
ئاڭلىتىشىنى ئاڭلاپ، ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان زور ئۆزگىرىش -
تەرەققىياتلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىكەن.

بىز ئىپتاردىن كېيىن، چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن: «ۋەتەننى سېغىنامسىز؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ پىيالىسىدىكى چايغا قاراپ بىر هازاغىچە پاراڭ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى — دە، بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن:

— هەي ئۇكام، نېمىسىنى دەيسىز! سىلەرگە مېنىڭ هەۋىسىم كېلىدۇ. راست گەپ قىلسام، شۇ چاغدا، غۇلجىنى تاشلاپ بۇ يەرگە يېنىپ چىققانغا تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

— قانداق دەيسىز؟

— «كۆچ ـ كۆچ» ناخشىلىرىدىكى: «كۆچ ـ كۆچ دېسە كۆچەمدۇ، كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر. ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ، بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر!» دېگەن مىسرالاردا دەل بىزدەكلەرنىڭ ئەهۋالى چۈشەندۈرۈلگەن!...

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

ئابلىكىم ئاكا غۇلجىنىڭ مەدرىسە كوچىسىدىن بولۇپ، 1962 ـ يىلى ئالما ئاتاغا چىققانىكەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مۇساپىرچىلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك تارتىپتۇ! كاۋاپچىلىق قىلىپ بېقىپتۇ، باققالچىلىق قىلىپ بېقىپتۇ، بايقال كۆلىدىن بېلىق يۆتكەپ كېلىپ سېتىپتۇ. ئاخىر ناۋايلىق قىلىپ پۇل تېپىپ، هازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان قورۇ جاينى سېلىۋاپتۇ...

ئابلىكىم ئاكا ئۆزىنىڭ هازىرقى ئەهۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار، غېرىپ يولىنى باغلار. غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار، غېرىپقا غېرىپ يىغلار!» دېگەن قەدىمكى بىر ناخشىنى تا هازىرغا قەدەر ئېيتىپ كەلمەكتىمىز. ۋەتەندىن بۇ يەرگە مەيلى ئىلگىرى مۇساپىر بولۇپ چىققانلار بولسۇن، مەيلى كېيىنكى چاغلاردا

مۇساپىر بولۇپ چىققانلار بولسۇن، بىر - بىرىمىزگە خۇددى ۋەتەندىكىدەكلا يار - يۆلەكتە بولۇپ كەلمەكتىمىز، بىر - بىرىمىز بىلەن خۇددى ۋەتەندىكىدەكلا ئۇم - ئىتتىپاق بولۇپ هايات كەچۈرۈپ كەلمەكتىمىز. سوۋېت دۆلىتى دەۋرىدە، بىز ئۇيغۇرلار بۇ يەردە رۇسلاردىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك گىراژدان سانالساقمۇ، ئەمما، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمايتتى. هالا بۇگۈن، بىز ئاخىرىدىن سانىغاندا يەنىلا ئىككىنچى دەرىجىلىك گىراژدان هېسابلانساقمۇ، ئەمما، ئىشقا ئورۇنلىشىدىغاندا، مەهكىمىلەردىكى ناچالنىكلار (باشلىقلار — دېمەكچى): «ئىش جوق، خىزمەت جوق!»، دەپلا جاۋاب بېرىشىدۇ. مەهكىمە - ئىدارىلەرنىڭ ئىشىكى بىزگە ئېتىكلىك!...»

قۇلۇم - قوشنىلار: «ئاباينىڭ ئۆيىگە ۋەتەندىن مېھمان كەپتۇ!» دەپ ئاڭلاپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. بىز قىزغىن سالامىلىشىپ كۆرۈشتۇق ۋە تاكى كېچە سائەت 12 گىچىلىك ۋەتەننىڭ گېپىنى قىلىشىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشتۇق.

مەن ئۇلارغا ۋەتىنىمىز جۇڭگودىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى، غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەردىكى زور تەرەققىياتلارنى خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى قىلچىمۇ پەردازلىماستىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن هالدا ئەينەن سۆزلەپ بېرىۋېدىم. ئۇلار سۆزۈمدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

ئالما ئاتادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەتەندىن مۇساپىر بولۇپ يېنىپ چىققانلار كۆپ ئىكەن. ئۇلار ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا تەلپۈنىدىكەن، يۇرت - ۋەتىنىنى بەكمۇ سېغىنىدىكەن. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش داۋامىدا ۋەتەننىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، روناق تېپىشىنى، خەلقىمىزنىڭ تېخىمۇ بەختلىك -

سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تىلەيدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق يۈرەك ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن ئالما ئاتادىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ۋەتىنىمىز ھەققىدە نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ماڭا ئىگەمبەردى ئىسىملىك بىر بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئىگەمبەردى ئالما ئاتا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى قوش مۇھەممەت دېگەن يېزىدا ياشايدىغان بىر ئادەم ئىكەن. يېقىندا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ غۇلجا قورغاس مازاردىن بولۇپ، 1962 ـ يىلى ئالما ئاتاغا يېنىپ چىققانىكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ۋەتەندىن ئالما ئاتاغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چىققان بىرەيلەن ئۇنىڭغا بىر دانە قىسقا دولقۇنلۇق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو سوۋغا قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئۇ: «ۋەتىنىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن» دەپ، كېچە ـ كۈندۈز ھېلىقى رادىئونى قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپتۇ، ئۆتكەن يىلى، ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىپ ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ۋەتىنىنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھېلىقى سۆيۈملۈك رادىئوسىنى ياستۇقىنىڭ يېنىدىن نېرى قىلدۇرماپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىكەن، پەقەت ئالما گۈل ئىسىملىك بىرلا قىزى بار ئىكەن.

ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى سەزگەن ئىگەمبەردى بوۋاي: «مەن ئەقىلسىز بولمىسام، ئاشۇ يىلى (1962 ـ يىلى دېمەكچى) غەرپكە قاراپ ماڭارمىدىم. شەرققە قاراپ كەتسەم بولماسمىدى؟ !» دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. دادىسىنىڭ نالە ـ زارىغا چىدىيالمىغان قىزى ئالماگۈل تاكسى كىرا قىلىپ، ئاتىسىنى جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىدىكى قورغاس ئېغىزىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. بوۋاي قورغاس ئېغىزىدا تۇرۇپ ۋەتىنى جۇڭگودىكى قورغاس مازارغا قاراپ ئۆمۈر

مەنزىلىنىڭ ئاخىرقى چېكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى رەكەت نامازنى ئۆتەپتۇ ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «ۋەتەنسىزلىك — لالما ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر خورلۇق كەلتۈرىدۇ. مەن ۋەتەندىكى خەلقىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا ئاسايىشلىق، ئىش ـ ئوقىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، قەدەم ئىقبالىغا ھەمدەملىك تىلەيمەن، ئىلاھا ئامىن!» دەپ، جەينىماز ئۈستىدىلا جان ئۈزۈپتۇ. . .

مەن ئالما ئاتادىكى مۇساپىر ۋەتەنداشلىرىمىنىڭ ھازىرقى روھى ـ ھالىتىدىن مۇساپىرلىق، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتىپ، قەددى پۈكۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، تا ھېلىغىچە سۆيۈملۈك ۋەتىنىنى زادىلا ئۇنتۇماي كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار ماڭا: «سىزگە ۋەتەن قۇدرەتلىك ئارقا تېرەكتۇر. شۇڭا، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتىسىز. بىزچۇ — بىز خۇددى چۆل ـ باياۋانلاردا شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن يىلتىزسىز قامغاقتەك ئوي ـ چوڭقۇر قاڭقىپ يۈرۈشكە مەجبۇرمىز. ۋەتەندىن ئايرىلغاندا بۇنى ھېس قىلمىغانىكەنمىز. ئەلھال، ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇپ يۈرگەندە، ۋەتەنسىزلىكنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز! . . .» دېيىشتى.

شۇنداق، «ۋەتەن» ئۇقۇمىنى پەقەت ۋەتەندىن چېگرا ئاتلاپ چەت ئەلگە چىققاندىلا تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىش مۇمكىن.

## زامانۋى ئاۋغا ئىگە ئالمائاتالىقلار

ئالتۇن كۈز پەسلىدىكى ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن قورغاسلىق ئوبۇل، بىلال دېگەن ۋەتەندىشىم بىلەن بىللە ئالما ئاتا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالاتاۋ تېغىغا جايلاشقان مەشھۇر كورت — مىدىيۇنى ساياھەت قىلغىلى باردۇق.

مىدىيۇ — قازاقىستاننىڭ دۆلەتلىك تاغ ئۈستى ساياھەت ئورنى بولۇپ، دائىرىسى تەخمىنەن 50 كۋادرات كىلومېتىر مەنزىرىلىك بىر باغچىنىڭ نامى. ئۇ قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىگە جايلاشقان، تاغدىن ئۆتسىلا، قەدىمكى مەشھۇر سەيلىگاھ — ئىسسىقكۆلگە بارغىلى بولىدۇ.

بىز كىچىك ماشىنا بىلەن ئالما ئاتانىڭ جەنۇبىغا قاراپ تەخمىنەن يېرىم سائەتتە يول يۈرگەندىن كېيىن، مىدىيۇغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تاغ بارغىنى بويلاپ سېلىنغان يول بىلەن توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، تاغنىڭ قاپ بېلىگە چىقتۇق. بىز ئولتۇرغان ماشىنا تۈپتۈز ئاسفالىت يولدا تولىمۇ سىيلىق چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. يول بويىدا سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە سېلىنغان ھەر خىل بىنالار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك بۆلەكلىرىدە يەنە يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ياغاچ قۇرۇلمىلىق داچىلارمۇ كەينى - كەينىدىن كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەن قورغاسلىق بىلالدىن بۇ داچىلارنىڭ قازاقىستاندىكى باي ۋە ئىمتىيازلىق ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىي

داچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلار ياز پەسلىنىڭ ئەڭ ئىسسىق ئايلىرىدا كۈنلىرىنى مۇشۇ سالقىن ۋە ھاۋالىق داچىلاردا دەم ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشىدىكەن. بۇ داچىلارنىڭ كارامەت ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ - ھەۋەس بولغىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن. بۇ داچىلار پۈتۈنلەي شىمالىي ياۋروپا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان سۈپەتلىك ياغاچلاردىن ياسالغانىكەن.

ئاسفالىت يول ياخشى ئاسرالغانلىقتىن، ئۆزۈمىزنى خۇددى داغدام يولدا كېتىۋاتقاندەك ئازادە، يېنىك ھېس قىلدۇق. يولدا رۇس ئىشچىلىرى ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇلار يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى بىتون توسمىلارنى سىرلاپ، رەسىم سىزغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ رەسىملەردە تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، رەسىملەر تاغ ئۈستى باغچىسىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ، ئادەمدە ئاجايىپ ئۆزگىچە گۈزەل تۇيغۇ ھاسىل قىلىدىكەن.

مىدېيۇ — چەت ئەللىك ۋە قازاقىستانلىق ساياھەتچىلەرنىڭ جەننىتى ئىكەن. بىراق، ھازىر سەيلى - ساياھەتنىڭ كاسات مەزگىلى بولغاچقا، تاغ ئۈستى باغچىسىدا سەيلى - ساياھەت قىلىپ يۈرگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. بىز ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا چوڭ بىر توسمىنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدى. بۇ دامبا دېڭىز يۈزىدىن 900 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تاغ جىلغىسىنىڭ ئاغزىغا سالغان بولۇپ، دامبىنىڭ ئۈستىگە مىڭ ۋاخىنلىق تاش پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولىدىكەن. بىز ماشىنا بىلەن دامبا ئاستىغا يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر پەلەمپەي ئارقىلىق دامبا ئۈستىگە چىقىۋاتقانىكەن. ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن، بىز دامبا ئۈستىگە ماشىنا بىلەن تاغ باغرىنى ياقىلىتىپ سېلىنغان يول ئارقىلىق چىقتۇق.

دامبا ئۈستىدىن قارىغاندا، پۈتۈن جىلغا بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياۋروپا نۇسخىسىدا ياسالغان تۈرلۈك بىنالارنى بەش قولدەك ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ بىنالارنىڭ ئىچىدە سۇ ئۈزۈش سارىيى، پۇتبول سارىيى، مۇز تېيىلىش سارىيى، دومىلاتما توپ سارىيى، ۋاسكىتبول سارىيى، ۋالىبول سارىيى. قاتارلىق تۈرلۈك زامانىۋى تەنتەربىيە سارايلىرى قاتار - قاتار جايلاشقانىكەن. بۇ سارايلاردا خىلمۇ خىل خەلقئارالىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن.

بىز دامبا ئۈستىدىن چۈشۈپ ئېگىز تاغ چاڭغا تېيىلىش مەيدانىغا كەلدۇق. بۇ چاڭغا تېيىلىش مەيدانى يەنە بىر جىلغا ياقىسىدىكى بىر بەلنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىكەن. ھازىر بۇ يەر ئاللىقاچان ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىكەن. قورغاسلىق ئوبۇلنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ياز كۈنلىرى بۇ يەر شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىدىكەنكى، بۇ يەرگە چىققان ھەر قانداق ئادەم تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولغىنىدىن قايتىپ چۈشۈشىنى ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەن!

چاڭغا تېيىلىش مەيدانىغا ئېلېكترىك ئاسما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چىققىلى بولىدىكەن. بىز سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە ياسالغان ئېلېكترىك ئاسما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاغنىڭ ئۈستىگە ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ چىقىشقا باشلىدۇق. بىرىنچى ئاسما ئورۇندۇق لېنىيىسىدە تەخمىنەن 1500 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئاسما ئورۇندۇق لېنىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز بىرىنچى لېنىيىدىن چۈشۈپ، قار - مۇزلۇق يانتۇلۇقتىن مىڭبىر تەسلىكتە مېڭىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى ئېلېكترىك ئاسما ئورۇندۇق لېنىيىسىگە چىقتۇق ۋە ئاسما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تەخمىنەن يەنە 1000 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئېلېكترىك ئاسما ئورۇندۇق لىنىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. بىراق، ئۈچىنچى لىنىيە بۇ چاغدا

ئىشتىن توختاپ كەتكەن بولغاچقا، ئۈچىنچى لىنىيىگە چىقالمىدۇق.

مەن ئىككىنچى لىنىيە ئۈستىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىۋېدىم، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى پەستە ئالما ئاتا شەھىرى قويۇق ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن گىرىمسەن كۆرۈندى. بىراق، ئالما ئاتا شەھىرىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىدىكى كۆك كۆپە ئېگىزلىكى ئۈستىدە ئاقىرىپ تۇرغان قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە مۇنارى بەكمۇ ھەيۋەتلىك ۋە بەكمۇ ئېنىق كۆرۈندى.

بىز مىدىيودىكى تۆت سائەتلىك ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى ئورۇنلاشقان ئەلچىخانا كوچىسىنى بويلاپ تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن، ئوڭغا قايرىلىپ، قازاقىستاندىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى — زەردارلار ئولتۇراق رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە مۇنارىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدۇق. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان بۇ تېلېۋىزىيە مۇنارى مەنزىرىسى گۈزەل كۆكتۆپە ساياھەت رايونىدىكى بىر بەلنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىكەن.

كۆكتۆپە ساياھەت رايونىنىڭ مەنزىرىسىنى خۇددى ئۈرۈمچىدىكى قىزىلتاغ باغچىسىغا ئوخشايدىكەن. بىراق، قىزىلتاغ باغچىسىدىن كۆپ چوڭ ئىكەن. ساياھەت رايونىغا ساياھەتچىلەر ھەقسىز كىرەلەيدىكەن. تاغ ئۈستىدە كوفېخانا، ئاشخانا، كاۋاپچىلىق ئورۇنلىرى رەتلىك، ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئارامبەخشلىك بېغىشلايدىكەن. مەيلى مىدىيو ساياھەت رايونىدا بولسۇن، ياكى كۆكتۆپە ساياھەت رايونىدا بولسۇن، ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغىنى مۇھىت تازىلىقى بولدى. بۇ يەرلەردە بىزدىكىدەك قالايمىقان

تاشلانغان مېۋە شۆپۈكلىرى، تاماكا - سىگارت قالدۇقلىرى، سۇلياۋ - ئالىيومىن قۇتىلىرى، هاراق بوتۇلكىلىرى، سىغىز كەمپۈت قالدۇقلىرى، مۇز قايماق خالتىلىرى ۋە بىزدىكى باغچىلاردا ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان هەر خىل جامائەت ئەخلاقىغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. تاملارغا، تۆۋرۈكلەرگە تاشلارغا قالايمىقان جىجىپ، قالايمىقان پۈركۈپ خەت يازىدىغان ياكى هەر خىل بولمىغۇر ئېلانلارنى چاپلاپ، گۈزەل مۇهىتنى بۇلغايدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى ئۇچراتماق قىيىن ئىكەن. ئاممىۋى سورۇنلاردا هەممە ئادەم پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقاندەك ئەتراپتا خۇددى ئادەم يوقتەك هېس قىلىپ قالىدىكەنسىز، كىشىلەر قول تېلېفونلىرىدا سۆزلەشكەندىمۇ پەقەت ئۆزى ئاڭلىغۇدەكلا ئاستا سۆزلىشىدىكەن، بۇ ئۈرۈمچىدىكىدەك ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان هېلىقىدەك «هەممە قۇشلار تەڭ سايرايدىغان، هەممە ئادەم تەڭ قاينايدىغان» ۋاڭ - ۋۇڭ هالەت بىلەن ئېنىق سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟ . . .

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى. مەن ئۆي ئىگىسى خوجەخمەت ئاكا بىلەن بىللە، ئالما ئاتادىكى سۇلتان قورغان جامەئەسىگە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم. دەل سائەت بىر يېرىمدا جۈمە نامىزى ئوقۇلدى. جۈمە نامىزىغا ياش بىر قازاق ئىمام رىياسەتلىك قىلدى. رەتلىك، پاكىزە كىيىنگەن جامائەت مەسچىد ئىچىدە سەپراس — چەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى . . .

سۇلتان قورغان جامەسىنىڭ ئەسلىدە ياش بىر ئۇيغۇر ئىمامى بار ئىكەندۇق. بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى، قازاقىستاننىڭ باش مۇپتىسى ئۇنى مىسىردىكى ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىۋېتىپتۇ. ئۇ شۇ يىلى قازاقىستان بويىچە ئىسلام ئەللىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئون ئوقۇغۇچى

ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىكەن. باش مۇپتى سۇلتان قۇرغان مەسچىدىگە «ئۆزۈڭلەر يېڭىدىن بىر ئىمام تېپىۋېلىڭلار» دەپ يېرىم يىل مۆھلەت بېرىپتۇ. ئۇلار مۇۋاپىق نامزاتنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقتىن، ئاخىر قازاقىستان دۆلەتلىك دىنىي ۋازارەت ھازىرقى ياش قازاق ئىمامنى بەلگىلەپ ئەۋەتكەنىكەن. بىراق، مەسچىد قوۋمى ھازىرقى بۇ ئىمامدىن ئانچە رازى ئەمەسكەن.

ئالما ئاتا ئۇيغۇرلار ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىدىغان جۇمە نامىزىنى ناھايىتى چوڭ بىلىشىدىكەن. ئۇلار جۇمەگە بېرىشتىن ئىلگىرى مونچىغا كىرىپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىزە قىرىشىپ، يېڭى ياكى پاكىزە يۇيۇلۇپ قاتۇرۇپ دەرزمال سېلىنغان كاستيوم ـ بۇرۇلكىلىرىنى كىيىشىپ، خۇددى ھېيت ـ بايرام ياكى توي ـ مەرىكىگە بارىدىغاندەك ياسىنىپ مەسچىدكە كېلىشىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ساداقەتمەن. مۆمىن مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ سىماسىنى كۆرۈپلا قالماستىن بەلكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئېڭىگە ئىگە يېڭىچە مۇسۇلمان ئەھلىنىمۇ كۆرگەندەك بولدۇم. . .

قىسقىسى، مەن ئالما ئاتادا بولغان ئاشۇ قىسقىغىنە كۈنلىرىمدە مەيلى شەھەر ياكى يېزا مۇھىتىدا بولسۇن، ياكى سەيلى ـ ساياھەت ئورۇنلىرى ۋە ياكى تۇرلۇك جامائەت مۇھىتىدا بولسۇن، ھەممىلا يەردە بىر خىل ھازىرقى زامان ئېڭىدىكى مەدەنىيەتلىك ھالەت كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇردى. كوچىلاردا، ماگىزىنلاردا، ئاپتوبۇس ـ تراللىبوسلاردا، ھەتتا قىزىل ـ يېشىل چىراق يېنىپ ـ ئۆچۈپ تۇرىدىغان چاسا يولنىڭ ئېغىزلىرىدىمۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەقەت مەدەنىيەتلىك ئەللەردىلا بولىدىغان ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتلەش، بىر بىرىگە يول قويۇش بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشتەك ئالىيجاناپلىق ناھايىتى ئېنىق

ئىپادىلىنىپ تۇرىدىكەن. مەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، بىزدىكى تۇرلۇك بولمىغۇر، مەدەنىيەتسىزلىك، ياۋايىلىق ھالەتلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، تولىمۇ ئۇيالدىم.

## «بوۋا، بوۋا! مارسنى چاقماق سوقۇۋەتتى!»

ئالما ئاتالىقلار بالىلىرىغا قىزىق ئىسىم قويىشىدىكەن. بىر كۈنى مەن ئالما ئاتالىق ئابدۇرۇپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. ئۆي ئىگىسىنىڭ بىر - بىرىدىن ئوماق تۆت ئوغۇل - قىز نەۋرىسى بار ئىكەن. بىز قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىزدىن، ئۆي ئىگىسىنىڭ بىر نەۋرىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ: «بوۋا، بوۋا! مارسنى چاقماق سوقۇۋەتتى! يوپپېتىر چاقماقنى ئۇرۇۋەتتى!» دېمەسمۇ، مەن كىچىك بالىنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ ئۆي ئىگىسىگە قارىدىم. ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى تەئەججۈپلۈكنى چۈشەندى بولغاي، دەرھال: «مارس — مېنىڭ ئىككىنچى قىز نەۋرەمنىڭ ئىسمى، چاقماق — ئۈچىنچى ئوغۇل نەۋرەمنىڭ ئىسمى. يوپپېتىر — چوڭ ئوغۇل نەۋرەمنىڭ ئىسمى» دەپ چۈشەندۈردى. «ئۇنداق بولسا، ماۋۇ كىچىك نەۋرە قىزىڭىزنىڭ ئىسمى ساتۇرن ئىكەن — دە!» دەپ چاقچاق قىلدىم، «ياق، ياق، — دېدى ئۆي ئىگىسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مېركۇررى!...»، «ها، ها!...» ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

مەن ئالما ئاتادا بولۇۋاتقان مەزگىلدە، كىشىلەرنىڭ تىل ئادىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. كىشىلەر ئۆز - ئارا مۇئامىلە قىلىشقاندا، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن، رۇسچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىۋېرىدىكەن. سوۋېت دۆلىتى

دەۋرىدە، رۇس تىلى ئورتاق تىل ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن دۆلەت تىلى دەپ قارالمىغانىكەن. سوۋېت كومپارتىيىسى لېنىنىنىڭ «دۆلەت تىلى يولغا قويماسلىق» ھەققىدىكى ۋەسىيىتىگە باشتىن ـ ئاياغ ئەمەل قىلىپ كەلگەنىكەن. شۇڭا، رۇس تىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋېتىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ئورتاق تىل بولۇش رولىنى ئۆتەپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت دۆلىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تولۇق قوغداپ ۋە تولۇق ھۆرمەتلەپ كەلگەنىكەن. بىراق، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، 1993 ـ يىلى تۈزۈلگەن تۇنجى ئاساسىي قانۇنىدا: «قازاق تىلى — قازاقىستاننىڭ دۆلەت تىلى بولىدۇ. رۇس تىلى مىللەتلەر ئارا تىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلىنىپتۇ. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھازىر قازاقىستاندا قازاق تىلى — دۆلەت تىلى، رۇس تىلى ـ مىللەتلەر ئارا تىل، ئۇيغۇر ـ تىلى يەرلىك تىل ھېسابلىنىدىكەن. بىراق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا رۇس تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. دېمەك، رۇس تىلى مىللەتلەر ئارا تىل بولۇش فۇنكسىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن، بەلكى ھەممە ساھەلەردە ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەتتا، ئائىلىدىمۇ رۇس تىلى باشقا تىللارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋېتىپتۇ.

ھازىر قازاقىستاندا 239 تېلېۋىزىيە قانىلى بار ئىكەن. بۇ قانالLارنىڭ ئىچىدە پەقەت بەش قانالدىلا قازاقچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى كۆرسىتىلىدىكەن، قازاقىستان پرېزىدېنتى نەزەربايېۋنىڭ قىزى باشقۇرغان «31 — قانال» دا كۆرسىتىلىدىغان قازاقچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى

جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىكەن؛ قازاقىستان بويىچە ھازىر 67 رادىئو ئىستانسىسى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاران بىر ئىستانسىسىلا قازاق تىلىدا ئاڭلىتىدىكەن؛ قازاقىستاندا چىقىدىغان 1227 گېزىت ئىچىدە ئاران 221 گېزىتلا قازاق تىلىدا نەشىر قىلىنىدىكەن.

كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ بىللە ئولتۇراقلاشقان مۇھىتتا، كىشىلەر ئۆز — ئارا مۇناسىۋەتتە كۆپچىلىك قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل ئورتاق تىلغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ ياكى شۇنداق ئورتاق تىلنى ئىجاد قىلىشىدۇ. چۈنكى، «ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىكى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بىر دۆلەتتە بىللە ياشايدىغان بەزى مىللەتلەر (ئۇلار بىرلىكتە ياشاشنى خالايدىغان بولسا) كۆپ سانلىق كىشىلەر قوللىنىدىغان بىر خىل تىلنى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.» سوۋېت دۆلىتى دەۋرىدىكى ئاشۇ بىر مەزگىللىك تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر، بولۇپمۇ شەھەرلەردە ياشاپ ئۆزگەنگەن كىشىلەر كىچىكىدىن تارتىپلا رۇس تىلى مۇھىتىدا تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، رۇس تىلىدىن باشقا تىلنى ئاساسەن بىلمەيدىكەن. رۇس تىلى قازاقىستاندىكى قازاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاۋامنىڭ «ئېغىزلاندۇرۇلغان تىلى» — يەنى «ئانا تىلى» بولۇپ كەلگەچكە، ھېلىھەم قازاقىستان بويىچە بىر خىل ئورتاق تىل ئورنىدا قوللىنىۋېتىلىپتۇ. مۇبادا، «بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بىر ئۆلچەملىك تىلنى ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوللىنىش يۈزىسىدىن كېڭەيتىشكە توغرا كەلسە، مىللەت ئامىلى بولمىغانلىقتىن چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىگىنى بىلەن، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ بىللە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە مىللەت چېگرىسى قاتتىق ئايرىلىدىغان ياكى قارشىلىق كەيپىياتى كۈچلۈك بولغان ئەھۋال ئاستىدا، تىل مەسىلىسى مىللىي مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىشى

مۇمكىن»، شۇڭا، [illegible] «مىللەتلەرنىڭ باپ ـ باراۋەرلىكى» نى تەكىتلىگەندە، ھەمىشە «تىللارنىڭ باپ باراۋەرلىكى» نى ۋە ھەر قانداق بىر خىل تىل ئىمتىيازغا يول قويماسلىقنى تەكىتلەپ كەلگەندى.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «قازاقىستاننىڭ تىل سىياسىتى ھەققىدە تەسەۋۋۇرى» دا: «دۆلەت تىلىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش، بارلىق رەسمىي سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت تىلى بولغان قازاق تىلىنى ئىشلىتىش كېرەك. ھەمدە، مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق قازاق تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك» دەپ تەكىتلەنگەنىكەن. قازاقىستان پرىزدېنتى نەزەربايېۋمۇ: «يېقىنقى يىللاردىن بېرى، قازاق تىلى تېخىچە دۆلەت تىلى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق. شۇڭا، دۆلەت تىلىغا تېگىشلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت خادىملىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن تەكىتلەپتۇ.

قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت — قازاقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئاللىقاچان مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە قازاقىستاندىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى 80% — 60% گە يېتىدۇ»[1] كەن. 1996 ـ يىلقى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قازاقىستاندىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى 7 مىليون 923 مىڭغا يېتىپتۇ. بۇ سان پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 48.1% نى ئىگىلەيدىكەن.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ باشقا

---

① «قازاقىستان ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1997 ـ يىلى 26 ـ ئىيولدىكى سانىغا قارالسۇن.

جايلىرىدا ياشايدىغان قازاقلار ئارىسىدا «ۋەتەنگە قايتىش قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن تارتىپ، ئەتراپتىكى ئەللەر (بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ بار) دىن قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىقتىسادىي قالاق، تەرەققىي قىلمىغان جايلاردىن كەلگەن بولغاچقا، گەرچە ئاھالىنىڭ نىسبىتىدىكى پەرق ئون پىرسەنت ئاشقان بولسىمۇ، قازاقىستان نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي، پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 8:00 دە قازاقىستان دۆلەتلىك «لەززەت ساياھەت كومپانىيىسى» نىڭ بىر خادىمى ماڭا سەئۇدىي ئەرەبىستانىغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئەكېلىپ بەردى ۋە: «ئەتە ئالما ئاتا ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 ئۆتكەندە، ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئالما ئاتا ئايرۇپورتىدىن يولغا چىقىپ، تاشكەنت ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئۇچىسىز» دەپ ئۇقتۇردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 دە، ئالدىن كېلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە، مەن ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىلەن بىللە ئالمائاتا شەھەرلىك 153 — ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ گىمنازىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باردىم.

سوۋېت دۆلىتى دەۋرىدىن قالغان ئادەت بويىچە قازاقىستاندا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا ھېلىھەممۇ مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋېتىپتۇ. دېمەك، يەتتە يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن بىر ئوقۇغۇچى تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر پۈتۈنلەي ھەقسىز

ئوقۇيدىكەن. ئوقۇش پۇلى، دەپتەر ـ قەلەم پۇلى، كىتاب پۇلى ۋە باشقا ئوقۇش ئالۋىڭى . . . قاتارلىق ھەر قانداق قوشۇمچە ھەق پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قازاقىستاندا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا بىلىملىك بولۇش تولۇقسىز يىللىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىر مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچىدە بولىدىكەن. شۇڭا، بىر ئوقۇغۇچى 12 يىلنىڭ ئالدىدا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن بولسا، بۇ دەرۋازىدىن پەقەت 12 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىلا ئاندىن چىقالايدىكەن.

ئالما ئاتا شەھىرىدە ھازىر جەمئىي 173 مەكتەپ بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە گىمنازىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن قازاق ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپتىن ئاران ئۈچىلا بار ئىكەن. 153 ـ ئۇيغۇر مەكتىپى گىمنازىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىردىنبىر ئۇيغۇر مەكتىپى ھېسابلىنىدىكەن. مەكتەپتە دەرسلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار قوشۇمچە قازاق تىلى ۋە قازاق ئەدەبىياتى، رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتى ھەم ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىدىكەن.

يىغىن ئالما ئاتادىكى بىر زاۋۇت كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىكەن. يىغىن قاتناشچىلىرى تولۇق يىغىلىپ بولالمىغانلىقتىن بىز كۇلۇبنىڭ دەم ئېلىش زالىدا يېرىم سائەتتەك كۈتۈپ تۇردۇق. يىغىنغا قازاقىستان ئۇيغۇر يازغۇچىسى تۇرغان توختەمۇۋمۇ كەلگەنىكەن. مەن ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ 1987 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، بىز بىر سورۇندا جەم بولغانىدۇق. ھازىر ئۇ ئېغىر كېسەل ئىكەن. ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى مېنى باشقىلارغا بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. بىز ئۆز ـ ئارا قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، زالنىڭ ئىشىكىدىن چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان،

ئېگىز بويلۇق، ئادىي ئەمما رەتلىك كىيىنگەن خۇشچىراي بىر ئاپپاي تېتىك قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. كىشىلەر ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئەدەب سالام قىلىشتى. ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندى قولىقىمغا پىچىرلاپ: «ئۇ ئابدۇللا روزى باقىيېۋنىڭ كىچىك قىزى بولىدۇ» دەپ ھېلىقى ئاپپاينى تونۇشتۇردى ۋە مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ مېنى: «بۇ كىشى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كەلگەن يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ئاپپايمۇ دەرھال ماڭا: «خۇش كېلىپسىز!» دەپ جاۋابەن سالام قىلدى.

بۈگۈنكى چوڭ يىغىندا ئالما ئاتا شەھەرلىك 153 ـ ئۇيغۇر مەكتىپىگە: «ئابدۇللا روزى باقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر گىمنازىيىسى» دەپ نام بېرىلمەكچى ئىكەن. شۇڭا، يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچى مەرھۇم ئابدۇللا روزى باقىيېۋنىڭ كىچىك قىزىنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىكەن.

ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىدىن شۇنى ئۇقتۇمكى، ئابدۇللا روزى باقىيېۋ 1897 ـ يىلى ئالما ئاتانىڭ كېيىكباي يېزىسىدىكى بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنىكەن. 1918 ـ يىلى، ئۇ لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، 1925 ـ يىلىغىچە تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىكەن.

1925 ـ يىلى قازاقىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ئابدۇللا روزى باقىيېۋ قىزىل ئوردا ئۆلكىلىك پارتكومدا رەھبىرى خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىكەن.

1930 ـ يىلى، ئۇ قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مىنىستىرى بولۇپتۇ. 1932 ـ يىلى، ئۇ پاۋلودار ئوكروگلۇق

پارتكومنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولۇپتۇ. كېيىن مەركەزگە ـ موسكۋاغا يۆتكىلىپتۇ. 1937 ـ يىلى، ستالىن تەرىپىدىن «خەلق دۈشمىنى» دەپ قارىلىنىپ، ئالما ئاتادا قولغا ئېلىنىپتۇ. 1938 ـ يىلى مارتتا ئالما ئاتادا ئېتىلىپتۇ . . .

ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغانىكەن. ئالما ئاتا ئوكروگلۇق پارتكومدا ھەتتا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بىر گۇرۇپپىمۇ بولغانىكەن. 1922 ـ يىلى سىنتەبىردە، ئالما ئاتادا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى قۇرۇلتىيى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. يالغۇزلا يەتتىسۇ ئۆلكىسىدە ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە كوممۇنىستىك گۇرۇپپىدىن ئەللىكى ھەرىكەت قىلغانىكەن. شۇ چاغدا بۇ تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ سانى 1500 دىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارمۇ خۇددى ئابدۇللا روزى باقىيېۋدەك «خەلق دۈشمەنلىرى» دەپ ناھەق قارىلىپ، شۇ قېتىمقى تازىلاشتا خاتا ھالدا ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. . .

ئەمدى باشتىكى گېپىمىزگە كېلەيلۇق.

زالنىڭ بىر چېتىدە ئۈستىگە ئاق يىپەك كۆينەك ۋە بەل ئاسمىلىق قارا يوپكا كىيىشكەن، چېچىنى ھاۋارەڭ يىپەك لېنتىلار بىلەن باغلىۋالغان ئوقۇغۇچى قىزلار ۋە قارا مەكتەپ كىيىمى كىيىشكەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئۆزلىرى ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋاز بىلەن ئۆز ـ ئارا قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. سائىتىمگە قارىسام، يىغىن باشلىنىدىغانغا يەنە يىگىرمە نەچچە مىنۇت ۋاقىت بار ئىكەن. شۇڭا، ساۋۇت موللا ئابدۇۋ

ئەپەندى بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا باردۇق ۋە ناھايىتى تېزلا ئۇز ئارا تونۇشۇۋالدۇق — دە، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان ئۇسمۇر باللار بولغاچقا، سۆھبىتىمىزمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆتكەنكى دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋرنى سېلىشتۇرغان ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىرقى قازاقىستان جەمئىيىتى بىلەن ئىلگىرىكى سوۋېت جەمئىيىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ھەمدە، رىئاللىق ۋە ئۆتمۈش ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەلەيدىكەن. مەن ئۇلاردىن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ مۇئاش كىرىمى، ئائىلىسىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى، ھەتتا ھازىر بارلىققا كەلگەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ھەققىدە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى سورىۋېدىم، ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابى ھەر خىل بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىدىن ھازىرقى قازاقىستان جەمئىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشتەك يۈزلىنىشىنى ھېس قىلىۋېلىش مۇمكىن؛ مەن ئۇلاردىن: «سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردىكى سوۋېت دۆلىتى قانداق ئىدى؟» دەپ سورىسام، تولۇقسىز 2 ـ يىلىقتا ئوقۇيدىغان زۇلپىيە ئىلاخۇنوۋا ئىسىملىك قىز ئوقۇغۇچى: «سوۋېت دۆلىتى دۇنيا بويىچە ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئىكەنىدۇق. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام بىلەن بوۋام ئىككىسى 1943 ـ يىلى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن قىزىل يۇلتۇز ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلانغانىكەن» دەپ ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا جاۋاب بەردى؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار: «ئۇ چاغلاردا ئادەملەر ھەممىشە ئاچ يۈرەتتىكەنتۇق. كىشىلەر ياناتاقنى قۇرۇپ تۇگمەندە تارتىپ قارا بۇغدايىنىڭ ئۇنغا ئارىلاشتۇرۇپ، بولكا پىشۇرۇپ يەيدىكەنتۇق. مۇبادا، بولكىلارنى ئىسراپ قىلىپ تاشلىۋەتسە، مىلتسىيە

دەرھال قاماقتا ئالىدىكەنتۇق» دېيىشتى؛ مەن: «سىلەر رۇس، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن كىملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقىغانتىڭلار؟» دەپ سورىسام، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ پۇشكىن، لېرمونتوۋلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى؛ بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن خېلىل ھەمرايېۋ ۋە زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى؛ ئوزغان ھەمرايېۋ ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ناخشا چولپىنى مايكىل. جىكسونغا بەك چوقىنىدىغانلىقىنى، ھازىر ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشا پىلاستىنكىلىرىنى يىغىپ ساقلاۋاتقانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت دەۋرىدىكى ئاشۇ پىئونېرلارغا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، شۇ زاماندىكى پىئونېرلارنىڭ ئىگە - چاقىسىز، قېرىسال كىشىلەرگە ياردەملىشىپ ياخشى ئىش قىلىشىپ بېرىدىغانلىقىنى، ھازىر بۇنداق ياخشى ئىش قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇلاردىن: «سىلەر سوۋېت يازغۇچىسى ئاركادىي گايدارنىڭ ‹تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى› دېگەن كىتابىنى ئوقۇغانمۇ؟» دەپ سورىۋېدىم. ئۇلار بېشىنى چايقىشىپ، «ئوقۇمىغان. ئاركادىي گايدار دېگەن يازغۇچىنى بىلمەيدىكەنمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى؛ مەن ئۇلاردىن: «ۋەتىنىڭلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇلار: «ھازىر كوچىلاردا ساپلا دېگەندەك ئىمپورت ماشىنىلار قاتنايدىغان بولۇپ كەتتى. بىراق، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ دېيىشىچە، سوۋېت دۆلىتى مەزگىلىدە، ئۇلار كوچىلاردا ‹رىگۇلى›، ‹موسكۋىچ›، ‹ۋولگا› ماركىلىق كىچىك ماشىنىلار بىلەن ‹كاماز›، ‹گاز›، ‹زىس› ماركىلىق يوك ماشىنىلىرىدىن باشقا ماشىنىلارنى كۆرمەيدىكەنتۇق. بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ھېسابلانامدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىشتى. دەل

مۇشۇ چاغدا قوڭغىراق چېلىنىپ قالدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشتى . . .

نام بېرىش يىغىنى ھەيۋەتلىك قازاقىستان دۆلەت گىمنى مۇزىكىسىنىڭ ساداسى ئىچىدە رەسمىي باشلاندى. يىغىن رىياسەتچىسى قازاقىستان پرېزىدېنتى نەزەربايېۋنىڭ ئالما ئاتا شەھەرلىك 153 ـ ئۇيغۇر مەكتىپىگە «ئابدۇللا روزى باقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر گىمنازىيىسى» دەپ نام بېرىش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاندىن ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى تۆھپىكارلارنىڭ ۋەكىللىرى بىر ـ بىرلەپ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

نام بېرىش يىغىنى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىغان كانسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى . . .

## ئاخىرقى سۆز

بۈگۈن ئالما ئاتادا تۇنجى قار ياغدى. ئۇلۇغ تەبىئەت خۇددى مېنىڭ سەئۇدىغا قىلغان سەپىرىمنى قۇتلۇقلىغاندەك، يولۇمغا ئاپئاق قاردىن پاياندار سالغانىدى.

چۈشتىن كېيىن، مەن بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇت بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم. ئايال خوجايىن زۇلخۇمار خانىم ماڭا ئاللاھىدە سوۋغا - سالام بىلەن ئاق يول تىلىدى. ئۆي ئىگىسى خوجاخمەت ئاكا مېنى ماشىنىسى بىلەن ئۇدۇل ئالما ئاتا ئايرىپورتقا يەتكۈزۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ترانزىت زالىنىڭ ئىشىكىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم — دە، يۈك - تاقلىرىمنى ئېلىپ چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتىمنى بېجىرىش ئۈچۈن زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

زالنىڭ ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىش ئۈچۈن چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار ئۆچرەت ساقلاپ قاتار تىزىلىشىپ تۇرغانىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۆچرەتتە تۇردۇم.

چۈشتىن كېيىن، ئالما ئاتا ۋاقتى دەل سائەت 2:30 ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان «ئېلىيۇشىن — 80» تىپلىق 90 كىشىلىك رىئاكتىپ ئايروپىلان ئالما ئاتا ئايروپورتىدىن ئاسمانغا شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ تاشكەنت بىلەن

ئالما ئاتا ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نوۋەتچى ئايروپىلانى بولۇپ، بىزنى تاشكەنتكە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن يەنە تاشكەنتتىن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە ئايرپورتىغا ئۇچىدىغان چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانىغا ئالمىشىدىكەنمىز.

تاشكەنت ۋاقتى سائەت 4:00 تە، بىز ئولتۇرغان «ئېلىيۇشىن — 80» تىپلىق رېئاكتىپ ئايروپىلان تاشكەنت ئايروپورتىغا قوندى.

بىز تاشكەنت ئايروپورتىنىڭ ترانزىت زالىدا ئايروپىلان ئالمىشىشنى كۈتۈپ تەخمىنەن ئىككى سائەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 313 — قېتىملىق نوۋەتچى ئايروپىلانىغا ئالماشتۇق. بۇ 380 كىشىلىك تۆت ماتورلۇق، پەۋقۇلئاددە چوڭ تىپتىكى رېئاكتىپ ئايروپىلان ئىكەن.

تاشكەنت ۋاقتى كەچ سائەت 6:00 دە، لىق ئادەم قاچىلانغان رېئاكتىپ ئايروپىلان شىددەت بىلەن گۈلدۈرلەپ تاشكەنت ئايروپورتىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ۋە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان زەڭگەر كېچە ئاسمىنىدا ساقمۇ - ساق ئالتە سائەت ئۇچۇپ، كېچە سائەت 12:00 دە، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ شارىقە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئايروپىلان ماي قاچىلاش ئۈچۈن شارىقە ئايروپورتىغا قوندى. بىز ئايروپىلانغا ماي قاچىلاپ بولغۇچە بىر سائەتتەك ۋاقىت ئىچىدە ئىسسىققا چىداپ ئايروپىلاندىن چۈشمەي ئولتۇردۇق. ئاندىن داۋاملىق تۇردە غەربكە قاراپ ئۇچتۇق. سەئۇدى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 1:30 دە بىز ئولتۇرغان ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 313 — نوۋەتچى ئايروپىلانى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان جىددە ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ ھىجازدىكى قىسقىغىنە

ئەمما ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ۋە تۈنلەردىكى ساياھىتىمنى باشلىدىم . . .

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇئەللىپنىڭ ساياھەت خاتىرىسى — «چەت ئەلدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» نىڭ 2 ـ قىسمى: «ھىجازدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» نى ئوقۇغايسىز.

# ئىككىنچى قىسىم

## ھەجازدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر

## ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىدىكى كەچۈرمىشلىرىم

سەئۇدى ۋاقتى سائەت 12:20 ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان تۆت ماتورلۇق زور تىپتىكى رىئاكتىپ ئايروپىلان شارىقە ئايروپورتىدىن شىددەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

كېچە ئاسمىنىنىڭ قەدىدە غەربكە قاراپ مەزمۇت ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانىنىڭ بۆلمىسىدە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاتائالاغا ئېيتىلىۋاتقان ھەمدۇ ـ سانا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلۇۋاتقان دۇرۇدلەر ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياجانغا تولغان قەلبى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ھالدا شېرىن، بەختلىك تەسەۋۋۇرلارغا ۋە تىنچىماس تەقەززالىق ئىچىگە چۆمگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، خۇيزۇ ۋە باشقا ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان 380 مۇسۇلماننىڭ بىر خىل ئاۋازدا ئۇنلۇك ئوقۇۋاتقان، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان «تەلبىيە دۇئاسى» (ئىتائەت دۇئاسى) قاپقاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان رىئاكتىپ ئايروپىلانىنىڭ شىددەتلىك ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەن ۋە ھەر قايسى ئەل

مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىل رىشتىسىنى بىر - بىرىگە زىچ باغلىغانىدى. . .

بىر سائەتتىن كېيىن، يەنى سەئۇدى ۋاقتى كېچە سائەت 1:20 ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان بىردىنلا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئەتراپ تۈن پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقتىن، بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئايروپىلان قانىتىنىڭ ئاستىدا تۇتاش كەتكەن ئالتۇن رەڭ ئۈنچىدەك چىراقلار چاراقلاپ ياتقان ئاجايىپ بىر گۈزەل مەنزىرە بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان باشلىقى بىزگە: «ھازىر بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئايروپورت - سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ جىددە شەھىرىدىكى ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدۇق!» دەپ ئېلان قىلىۋېدى، دىلىمىز پاللىدە، يورۇپ كەتتى — دە، ھەممىمىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۇق، تومۇرلىرىمىزدىكى قان خۇددى قىزىل دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەپ، مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ھالدا بەختىيارلىق ياشلىرى ئۈنچە مارجاندەك تۆكۈلگىلى باشلىدى.

سەئۇدى ۋاقتى سائەت 1:30 ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 380 كىشىلىك رېئاكتىپ ئايروپىلانى ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىغا سىيلىق قوندى. بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېدۇق، تونۇرنىڭ ئىسسىقىدەك ھارارەت يۈزىمىزگە لاپپىدە، ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا گەرچە كېچە بولسىمۇ، ئەمما، جىددەنىڭ تېمپېراتۇرىسى 30°C يەتكەنىدى!

بىز ئايروپورتنىڭ ترانزىت زالىغا كىرگەندىن كېيىن، چېگرىدىن كىرىش ئېغىزىغا كېلىپ رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇردۇق. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى ئىنتايىن چىڭ ئىكەن. ترانزىت زالىدا چېگرىدىن كىرىش ئېغىزىدىن بىر نەچچىسى بولسىمۇ،

ئەمما كىچە بولغاچقا، ئىگىزلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تاقاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىگرىدىن كىرىدىغان ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، چىگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولۇشقا ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت كەتتى.

مەن ئۆچىرەت كۈتكەچ، ئايروپىلان كۈتۈش زالىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدىم. زالنىڭ ئىچىدە يوغان قىلىپ يېزىلغان: «مەرھابا، ئى ئاللانىڭ ئەزىز مېھمانلىرى!» دېگەن ئەرەپچە پىلاكات كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتى جىددە شەھىرىنىڭ شىمالىغا 35 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا سېلىنغان ئىكەن. بۇ ئايروپورتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 105 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يالغۇز ئايروپىلان كۈتۈش زالىنىڭ ئىچىلا 1 مىليون 500 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. ئاساسىي زالنىڭ كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 80 پۇتبول مەيدانىغا باراۋەر كېلىدىكەن، يېرىم سۈزۈك ئەينەك تالاسىدىن توقۇلغان 210 تال ھەرىكەتچان چېدىر تۈرۈسىنىڭ ئىگىزلىكى 46 مېتىر بولغانلىقتىن، «تورۇسلۇق شەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ھەم يورۇق، ھەم سالقىن زالنىڭ ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەرىكەت قىلالايدىكەن.

زامانىۋى ئەسلىھە ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا قۇرۇلمىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ ئايروپورتتا يىلىغا 870 مىڭ ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلان (قېتىم) قونالايدىكەن ۋە ئۇچالايدىكەن. يىلىغا 30 مىليون يولۇچى كۈتۈۋېلىنىدىكەن ۋە ئۇزىتىپ قويۇلىدىكەن. ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەجگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمى، يەنى تەخمىنەن بىر مىليون 200 مىڭ ھاجى مۇشۇ ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدا ئايروپىلانغا چىقىدىكەن ۋە چۈشىدىكەن.

ئايروپورت زالى قويۇق ئەرەب مىمارچىلىقى ئۇسلۇبىدا

ياسالغان بولغاچقا، زامانىۋى ئەرەب بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىن ھەج قىلىشقا كەلگەن سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك ۋە قىزىل تەنلىك مۇسۇلمانلار ئايىقى ئۈزۈلمەستىن زالغا كىرمەكتە ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا، قارىسام ئافرىقىلىق بىر توپ نىگىر مۇسۇلمانلىرى زالىغا كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مەجرۇھ نىگىر ئۆمىلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر كىشى ئۇنىڭ ساداقەتمەن، قەيسەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى!

ئاخىر، ئۆچىرەت ماڭا كەلدى. مەن پاسپورت، سېرىق مەكتۇپ قاتارلىق ھۆججەتلەرنى يېنىمدىن چىقىرىپ، ئەرەب پاگرانچىكىغا سۇندۇم. ئۇ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئېگىز بويلۇق بىر ھەربىي ئىدى. ئۇ پاسپورت، ۋىيزا، سېرىق مەكتۇپ قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئالدىدىكى كومپيۇتېردىكى مەلۇماتلارغا تېزلىك بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، پاسپورتۇمغا «تاق!» قىلىپ تامغا ئۇردى — دە، ئەدەب ـ ئىكرام بىلەن: «مەرھابا، سىينى (جۇڭگولۇق) دوست!» دېگىنىچە پاسپورت ھۆججەتلىرىمنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى. مەن گەرچە ئەرەبچىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما، ئۇنىڭ سۆزىدىكى «مەرھابا»، «چىن»، «دوست» دېگەن تاق سۆزلەردىن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى پەملەپ بولغانىدىم، «رەھمەت!» دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن. بۇ چاغدا سائەتكە قارىسام، چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىمنى ئۆتەشكە ئاران ئۈچ مىنۇتلا كېتىپتۇ! سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش ئۈنۈمى نېمە دېگەن يۇقىرى ـ ھە؟! مەن ئۇلارغا قايىل بولغىنىمدىن ھەمدە ھەيران بولغىنىمدىن قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن!

يۇك ـ تاقلىرىم ئاز ھەم يېنىك بولغاچقا، سەئۇدى تاموژنىسىدىنمۇ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتىم. ئەمما، مېنىڭ بىلەن ئايروپىلاندا بىللە كەلگەن ۋەتەنداشلىرىمنىڭ چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمكى ئۇنداق ئوڭايغا توختىمىدى! ئۇلار خۇددى سەئۇدىدىن قايتىپ كەتمەيدىغاندەك تەييارلىق قىلىپ چىققانىكەن! ئۇلارنىڭ يۇك ـ تاقلىرى شۇنداق كۆپ ۋە شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، يۇك ـ تاقلىرى ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ، قەددىنى پۈكمۈەتكەنىدى. يېشى سەكسەندىن ئاشقان پىچانلىق ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تەن ـ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىنىڭ ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن ئالما ئاتاغا چىقىپ، ئۇ يەردىن يەنە رامىزانغا ئۇلگۇرۇپ ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدىغا كېلىشى ئىكەن. ئۇلار يولدا بەكمۇ قىينىلىپتۇ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، رىيازەت چېكىپ، ئاخىر مەقسەتكە يېتىپتۇ. سەئۇدى تاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنىڭ يۇك تاقلىرىنى ئۈچ قېتىم توشۇپ يۈرۈپ، ئاران تۈگەتتىم، ئۇلاردىن: «نېمانداق كۆپ نەرسە ئېلىۋالدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدىم، «ۋاي بالام، نېمە بولاتتى، پىچاننىڭ تونۇر نېنى بولمامدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى موماي، — بىز يولغا چىققىدىغان چاغدا، بىزگە يوللۇق تۇتۇش ئۈچۈن، قىزىم ئۇدا ئىككى كۈن توختىماستىن نان ياقتى. بالام، بۇ ناندا يۇرتىمىزنىڭ ھىدى بار ئەمەسمۇ؟» مەن مومايىنىڭ ئاددى ئەمما مەناسى تىرەن بۇ جاۋابىدىن قايىل بولۇپ قالدىم.

مەن سەئۇدى پادىشاھلىقىنىڭ ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىدىكى ترانزىت زالىغا ئۆمىلەپ كىرىۋاتقان مەجرۇھ نىگىر بىلەن ۋەتەندىشىم بولغان ئاشۇ ئاددى بوۋاي ۋە مومايىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن چىن ئېتىقادنىڭ ئىنسان دىلىدا تۇتقان سالمىقىنىڭ نەقەدەر زور بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

شۇنداق، چىن ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان مەنىۋى ئوزۇق ھېسابلىنىدۇ. ھەممە نەرسە تاۋارغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى خۇددى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخشاش ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرالمايدۇ. ئېتىقاد كىرىزىسى يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر خۇددى ئۆز ئېتىقادىنى باشقىلارغا تاڭالمىغاندەك، چىن ئېتىقادنىمۇ كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتى ئارقىلىقلا تۇرغۇزالايدۇ.

مەن ئالما ئاتادىكى ۋاقتىمدا، قازاقىستان ئالما ئاتا «لەززەت ساياھەت كومپانىيىسى» دە ئىشلەيدىغان جۇڭگولۇق دېڭ لىيەنىڭ خانىم سەئۇدىغا بارىدىغان ماھەدە، ۋاڭ ھەدە، لى ھەدە ۋە تيەن ھەدە دېگەن ئۈرۈمچىلىك تۆت خېنىم ئايالنى ماڭا قوشۇپ قويغان ۋە يولدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشۇمنى ئالاھىدە جېكىلىگەنىدى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە چېگرىدىن كىرىش، تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىمىزنى ئۆتەپ بولغاندا، سەئۇدى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن ئاشقانىدى. سەئۇدى ۋاقتى ئۈرۈمچى ۋاقتىدىن ئۈچ سائەت كېيىن بولىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە سائەت يەتتىدىن ئاشقانىدى. بىز بەشىمىز يۈك - تاقلىرىمىزنى ھارۋىغا سېلىپ ئىتتىرىپ زالنىڭ سىرتىدىكى ماشىنا توختايدىغان مەيدانغا چىقتۇق، ئالدىمىزدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 40 نەچچە ھاجىمۇ زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقانىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى كىشىلەر پات - پاراق بولۇشۇپ، تۆتبەش ئادەم يېنىمىزدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ زالغا كىرىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەردى؟

» دەپ سورىۋىدىم، ھېلىقى ئادەم بىر نېمىنى يوشۇرغاندەك قىلىپ، «ھېچ ئىش يۈز بەرگىنى يوق. مېڭىۋېرىڭلار! بىز بىر نەرسىمىزنى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇق!» دەپ زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم بولدۇم — دە، ھېلىقى خۇيزۇ ھەدىلەرنى باشلاپ مېڭىۋەردىم.

دەسلەپتە چەت ئەلگە چىققان ھەر قانداق ئادەم تەجرىبىسىز بولغانلىقتىن، ئاسانلا قايمۇقۇپ قالىدىكەن. بىزمۇ شۇنداق بولدۇق! بىز ھېلىقى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ تۇرغان يەرگە كېلىپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئورۇقلىقىدىن قوۋۇرغىسىنى سانىۋالغىلى بولىدىغان پاكار بىر ئەبگاھ ئەرەپ توسىۋاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەپ قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانىكەن. بىرىشىمغىلا ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەب «پاسپورت!» دېمەسمۇ، مەنمۇ ئۇنى «ھۆكۈمەت خادىمى بولسا كېرەك» دەپ، ئويلاپ ئولتۇرماستىن پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق، پاسپورتۇمنى «مۇسادىرە!» دېگىنىچە قولىدىكى بىر سۇلياۋ خالتىغا سېلىۋالدى، ئاندىن يەنە بىر ۋەتەندىشىمنىڭ پاسپورتىنىمۇ ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن «مۇسادىرە» قىلىۋالدى! مەن شۇندىلا ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كەينىمدىن كېلىۋاتقان ھېلىقى تۆت خۇيزۇ ئايالغا خەنزۇچە: «كەلمەڭلار، قايتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدىم، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ دەرھال زالنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ يا بىز ئەرەبچىنى ئۇقمايمىز، يا ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەب ئۇيغۇرچىنى ئۇقمايدۇ. مەن ئۇقىدىغان ئۈچ - تۆت ئېغىز ئىنگلىزچە گەپ بىلەن ئۇنىڭغا مەخسەتنى تېخىمۇ ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ! بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ تۇراتتى، كىمدۇر بىرسى ئالمائاتا «لەززەت ساياھەت كومپانىيىسى»نىڭ جىددەدە تۇرۇشلۇق دىلمۇرات دېگەن قازاق

ۋەكىلىنى تېپىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: «بۇ ئەرەب ھۆكۈمەت خادىمىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھۆكۈمەت خادىمى بولسا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىقىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامىسىنى چىقارسۇن، بىز چېگرىدىن قانۇنلۇق كىرگەن جۇڭگو پۇقراسى، پاسپورت بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن پائالىيىتىمىزنى ئۇچۇقلۇق ئادا قىلالىشىمىزدىكى بىردىنبىر كىملىك گۇۋاھنامىمىز. پاسپورت بولمىسا، بىر قەدەممۇ مىدىرلىيالمايمىز!» دېدىم. ئۇ ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەبكە بىر ھازاغىچە ئەرەبچە كالدىرلاپ سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئەرەب ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، دىلمۇرات ئۇنىڭ سۆزىنى بىزگە: «ئۇ ئەگەر ئايروپىلان بېلىتىڭلارنى كۆرسەتسەڭلار، پاسپورتىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بىز يەنىلا ساددىلىق قىلىپ، يېنىمىزدىكى ئايروپىلان بېلىتىنى چىقىرىپ ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەبكە كۆرسىتىۋېدۇق، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئايروپىلان بېلەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ ھېلىقى سۇلياۋ خالتىسىغا پۇرلاپ سالدى — دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىم خالتىسىغا چۈشۈپ قالغىنىمىغا غەزەپلىنىپ، بارغان پېتىم ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ كارنىيىنى قاتتىق سىقتىم ۋە دىلمۇراتقا: «سەن بۇ ئەرەبكە ئېيت، پاسپورت بىلەن ئايروپىلان بېلىتىنى دەرھال قايتۇرسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭغا كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىمەن!» دەپ دوق قىلدىم. بۇ چاغدا، ئەتراپىمىزدا تۇرغان بىر قەشقەرلىك ھاجى ماڭا: «ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئۇ ئەرەب جۇمۇ؟» دېگىنىچە، قوللۇرۇمنى سىلكىپ، ھېلىقى ئەرەبنى ئاجرىتىۋالدى. ئەمما، مەن يەنە بىر قولۇم بىلەن ھېلىقى ئەرەبنىڭ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىنى چىڭ قامالاپ تۇتۇۋالدىم — دە، ھېلىقى قەشقەرلىك ھاجىغا: «ئەرەب بولسا، نېمە بوپتۇ. پاسپورتىڭ، ئايروپىلان بېلىتىڭ بولمىسا ھەر قايسىڭنىڭ قايتىپ

باقىنىڭنى بىر كۆرەيچۇ؟» دەپ غەزەپ بىلەن زەردە قىلدىم.

بۇنداق بولۇۋەرسە، بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ قانداق، «لەززەت» كومپانىيىسىنىڭ جىددەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دىلمۇرات ئاخىر بىزگە راست گېپىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى:

ئەسلىدە، ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەب مەككىدىكى «ئەل ـ سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى»نىڭ جىددە خەلقئارا ئايروپورتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىكەن. «ئەل ـ سوندۇس» كومپانىيىسى بىلەن «لەززەت» كومپانىيىسى مەخسۇسلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق سەئۇدىغا ھەج قىلىشقا بارىدىغان شىنجاڭلىق ھاجىلارنى سەئۇدىغا ئەپكېلىش ۋە رامىزان مەزگىلىدىكى ئۆمرە ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەئۇدىدىن ئۆز ۋاقتىدا كەتكۈزۈۋېتىشكە مەسئۇل ئىكەن. بولمىسا، ئۆمرە ھەج مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق سەئۇدىغا ھەج قىلىشقا كەلگەن شىنجاڭلىق ھاجىلار رامىزان ئېيى ئاخىرلىششى بىلەنلا دەرھال مەككە، مەدىنە ئەتراپلىرىدىن ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تاكى زۇلھەججە ئېيىغا قەدەر يەتمىش كۈن تالاغا چىقماي مۆكۈۋالىدىكەن. شۇڭا، سەئۇدى ھۆكۈمىتى سەئۇدىدىكى ھەر قايسى ساياھەت شىركەتلىرىگە ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن شىنجاڭلىق ھاجىلارنى رامىزان ئېيى توشقاندىن كېيىن، دەرھال كەلگەن يېرىگە يولغا سېلىۋېتىش ھەققىدە قاتتىق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

«لەززەت» كومپانىيىسىنىڭ ۋەكىلى دىلمۇرات سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «بىز پاسپورتۇڭلارنى قولۇڭلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى. ئەمما، ئايروپىلان بېلىتىڭلارنى قاچانكى ئۆمرە ھەجدىن كېيىن قايتساڭلار ئاندىن قولۇڭلارغا بېرىمىز. بولمىسا، ئايروپىلان بېلىتى ئەتكەس قىلىنىدۇ!» «ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — قولىمىزغا بىر ئاساس قىلىپ بېرىڭلار، بولمىسا، ئۆمرە

ھەجىدىن كېيىن، بىز سىلەرنى نەدىن تاپىمىز؟» دىلمۇرات ھېلىقى ئەبگاھ ئەرەبكە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئەرەب يېنىدىكى ئىسىم كارتوچكىسىنى چىقىرىپ ھەممىمىزگە بىردىن تارقىتىپ بەردى ۋە ئايروپىلان بېلىتىنى تۇتۇپ قېلىپ، پاسپورتلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى. قارىسام، ئىسىم كارتوچكىسىدا «ئەل ـ سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى» نىڭ مەككە، مەدىنە ۋە جىددەدىكى باشقارمىلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى بار ئىكەن. شۇڭا، مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلماستىن، كەينىمگە قايتىپ ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك تۆت خۇيزۇ ئايالنى ئىزدەپ زالغا كىردىم.

چەت ئەلگە چىققاندا، ئەڭ ياخشىسى، ئىناۋەتلىك، ئىشەنچلىك ساياھەت كومپانىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىش لازىم ئىكەن. بولمىسا، بىرمۇنچە پۇلنى بىھۇدە خەجلەپ كەتكەنىڭ ئۈستىگە، ئادەم ئۆزىگە يەنە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋالىدىكەن.

## «سالام، ئەل ـ رەسۇل شەھرى!»

بىز مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن ۋەلىد ئىسىملىك بىر تاكسىچى ئەرەب بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇ بەشىمىزنى مەدىنىگە 370 رىيالغا ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. بىر رىيال تەخمىنەن ئىككى يۈەن ئىككى مو خەلق پۇلىغا تەڭ كېلىدىكەن.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي تەرىپى ئىككى رايونغا، يەنى شىمالىي تەرىپى ھىجاز رايونىغا، جەنۇبىي تەرىپى يەمەن رايونىغا ئايرىلىدىكەن. ئەرەبچە «ھىجاز» سۆزى «ئايرىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ قىزىل دېڭىز بويىدىكى تىھامە ئويمانلىقى بىلەن شەرق تەرەپتىكى نەجىد ئېگىزلىكىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر تاغ تىزمىسى بولغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغانىكەن.

مەدىنە ـ ھىجازنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدىكەن. جىددەدىن تەخمىنەن 460 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقانىكەن.

سەئۇدى ھۆكۈمىتى مەككە شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ناھايىتى زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، پۈتۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساتقانىكەن. جىددەدىن مەدىنىگە بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى، 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تەيۋەنلىك قۇرغۇچىلار

تەرىپىدىن ياسالغانىكەن. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ بىرىش - كېلىش يوللىرى توساق بىلەن ئايرىپ تاشلانغاچقا، بىر تەرەپتە بىرلا ۋاقىتتا تۆت ماشىنا قاتار ماڭالايدىكەن، كىچىك تىپتىكى ماشىنىلارنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغاندا، 160 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. بىز ئولتۇرغان تاكسى ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدىن چىقىپ، جىددە - مەدىنە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى بويلاپ سائىتىگە 140 كىلومېتىرلىق تېزلىكتە مەدىنىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا تېخى ئاسماندا يۇلتۇز تارقىمىغان بولۇپ، بىز ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا چايقالماستىن سىيلىق كېتىپ باراتتى. بارا - بارا شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى. بىز مەدىنىگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىرىنچى تەكشۈرۈش ئورنىغا يېتىپ كەلدۇق. شۇپۇر ۋەلىد ماشىنىسىنى بىر چەتكە تارتىپ توختاتتى - دە، تەكشۈرتۈش ئۈچۈن پاسپورتلىرىمىزنى يىغىۋېلىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە ھايالشىماستىنلا قايتىپ كېلىپ، بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ يەردە زوھۇرلۇق يەۋالغاندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ماڭىدىكەنمىز. بىز توختىغان يەر تاماقخانىسى، مەسچىدى، تاھارەتخانىسى ۋە باشقا مۇئەسسەسىلىرى تولۇق بولغان بىر ماي قاچىلاش ئورنى ئىكەن. زوھۇرلۇقىمىزنى يەپ بولۇشىمىزغا بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى. بىز تاھارەت ئېلىپ، مەسچىدكە كىرىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. بۇ چاغدا، ئەتراپ خېلىلا يورۇپ قالغانىدى.

بىز ئولتۇرغان تاكسى خۇددى ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەندەك قارا تاشلىق بىر چۆل - جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتى. كېيىن ئۇقسام، بۇ ۋاقىم قارا تاش قۇملۇقى

دېگەن مەشھۇر بىر چۆللۈك ئىكەن. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈز بەرگەن «ۋاقىم غازىتى» دەل مۇشۇ چۆللۈكتە بولغانىكەن. بۇ قۇملۇق يانار تاغلاردىن پارتىلاپ چىققان ماگمىلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ تاكى جىددەنىڭ شەرقىدىن مەدىنەنىڭ شەرقىغىچە سوزۇلۇپ بارىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ نۇرغۇن زېمىنى مانا مۇشۇنداق ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاراتاشلىق قۇملۇق چۆل ـ جەزىرە بولغىنى بىلەن، يەر ئاستىدا مول نېفىت بايلىقى كۆمۈلۈپ ياتقان «ئۈستى چۆل، ئاستى كۆل» بىر دۆلەت ئىكەن.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، نېفىت بايقىلىشتىن ئىلگىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئىنتايىن نامرات، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قالاق ئىكەنىدۇق. شۇ چاغلاردا ھەج كىرىمى ـ دۆلەت مالىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. نېفىت بايقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا سەئۇدى ھۆكۈمىتى چەتكە نېفىت چىقىرىدىغان دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرپ دۆلەتلىرى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا نېفىت مونوپولىيە گۇرۇھىنىڭ نېفىت باھاسىنى چۈشۈرۈش سۇئىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپتۇ. ھەمدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارىنى يىلدىن ـ يىلغا ئاشۇرۇش ئارقىلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ دۆلەت مالىيىسىدىكى سالمىقىنى يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇپ مېڭىپتۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارى 87. 31 ھەسسە ئېشىپ، چەت ئەلگە نېفىت چىقىرىشتىن ئالغان پايدىسى 959 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپتۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، سەئۇدىنىڭ چەت ئەللەرگە نېفىت

چىقىرىشتىن ئالغان ساپ پايدىسىلا 100 مىلىيارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ! پۇل بولغاندىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق، پۇل بولسىلا «قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي بولىدۇ!» — دە. سەئۇدى پادىشاھى فاھىد سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس ئورۇن - ئىككى ھەرەم تورۇشلۇق دۆلەت بولۇشتەك بىردىنبىر ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ۋە مول نېفىت بايلىقىغا تايىنىپ، ھەر يىلىدىكى ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئىشىغا يىلدىن يىلغا تېخىمۇ زور ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى ئاجىرىتىپتۇ. ئىككى ھەرەم جايلاشقان مەككە، مەدىنە ۋە ئاساسلىق قاتناش تۈگۈنى بولغان جىددە قاتارلىق جايلاردىكى سەيلە - ساياھەت ۋە ھەج مۇئەسسەسىلىرىنى ۋە ئايروپورت، تاشيول، مېھمانساراي قاتارلىق بىۋاستە ھەج پائالىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان قاتنىق دېتال قۇرۇلۇشىغا سەرىپ قىپتۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتنىشى تورىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ھەر 50—60 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەممە ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى ماي قاچىلاش پونكىتى، مەسچىد، ئىسسىق سۇيى داۋاملىق ئېقىپ تۇرىدىغان غۇسۇل - تاھارەت ئالىدىغان تاھارەتخانا ۋە ھاجەتخانا بار ئىكەن. شۇڭا، يولدا يولۇچىلار ئازراقمۇ قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىكەن. يول ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىدە ستىرولۇق ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر بولغاچقا، تاكى مەدىنىگە بارغۇچىلىك بولغان پۈتۈن 460 نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپىدە ھېچقانداق قىزىل - يېشىل چىراغنى ئۇچراتمىدۇق.

سەئۇدى ۋاقتى چۈشتىن ئىلگىرى ئون بىردە، بىز مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىدىكى بىر ئاچالغا كەلدۇق. تاكسى شوپۇرى

ۋەلىد ماشىنىسىنى بىر چەتكە تارتىپ توختاتتى ـ دە، پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىپ، مەدىنە شەھىرىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن ماشىنىسىدىن چۈشتى. بىز ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى! بىز ئەل رەسۇل شەھىرى ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېتىپ كەلگەنىدۇق.

مەدىنە مۇنەۋۋەر ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن ھىجرەت قىلغاندا كېلىپ ئون يىل تۇرغان شەھەردۇر.

ئىسلامىيەتكە ئائىت كىتابلاردا يېزىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 40 يېشىدا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىپ 13 يىلغىچە مەككە مۇكەررەمەدە ئەرەب قوۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ تەرغىبات ئېلىپ بارغانىكەن. لېكىن، مەككىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولغانىكەن. مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختاتمىغانلىقتىن، ئاخىر ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

مىلادى 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابابەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەككىدىن ئايرىلىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنىكەن. بۇ ۋاقىت ئىسلام ھىجرىيە كالىندارىنىڭ تۇنجى يىلى قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر سىرتىدىكى قۇبا دېگەن يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى مەسچىد — مەسچىد قۇبانى بىنا قىلىپتۇ. ئاندىن شەھەر ئىچىگە قايتىپ كېلىپ، ئەنسارىلەردىن ئەبۇ ئەييۇب خالىد رەزىيەللاھۇ دېگەن بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ھەرەم شەرىف (مەسچىدىل نەبەۋى) نى بىنا قىلىپتۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە ئىسلامىيەت ھەر تەرەپكە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغانىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرگە زىيانكەشلىك قىلغان مەككىلىكلەرمۇ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، ئاندىن ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ۋە ئارقىدىنلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلاملاشقانىكەن. دېمەك، مەدىنە دەۋرىدە ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرى تولۇق شەكىللىنىپ بولغانىكەن.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ، پۈتۈن ئەرەبىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغان ھەمدە بۇنى ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەنىكەن.

ھىجرىيە 10 ـ يىلى (مىلادى 632 ـ يىلى) زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 25 ـ كۈنى (شەنبە)، مەدىنىگە يىغىلغان 100 مىڭ مۇسۇلمان مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا مەككە مۇكەررەمدىكى كەبىئىنى تاۋاپ قىلىشقا — ھەج قىلىشقا ئاتلانغان ۋە ئۇ يەردە مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەج قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ھەج پەرزلىرىنى تولۇق بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەنىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆمرىدە پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم ھەج قىلغاچقا، بۇ قېتىمقى ھەج «ھەج ۋىدا» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. شۇ قېتىمقى ھەجدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللادىن ۋەھى ئارقىلىق ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن: «ئەكمەلتۇلەكۇم دىنەكۇم» دېگەن ئايەتنى ئېلان قىلغانىكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى: «بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم ۋەنېمەتلىرىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ بېكىتتىم» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، بەش ـ ئالتە ئاي ئۆتمەيلا ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋە ئۆزى بىنا قىلغان مەسچىدى نەبەۋى ئىچىگە قويۇلغانىكەن. بۇ يەر كېيىنكى

چاغلاردا «رەۋدەتۇ مۇباركە» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان تاۋاپگاھقا ئايلىنىپتۇ.

مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرى ناھايىتى پاكىزە، رەتلىك بولۇپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى چوڭ شەھەرلەردىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدىكى زامانىۋى شەھەر ئىكەن. كوچا يوللىرى كەڭ ئېلىنغان بولۇپ، بەزى بۆلەكلىرىدە سىترولۇق يوللار ياسالغانىكەن. ئۇ سودا ـ سېتىق گۈللەنگەن ئىنتايىن ئاۋات بىر شەھەر ئىكەن. شەھەر ئىچىدە يەنە ئىسلام دىنىدا ناھايىتى ئۇلۇغلىنىدىغان تاۋابگاھلاردىن: «جەننەتۇل بەقىيئو»، «شۇھەدا ئۇھۇد»، «مەسچىدى قىبلە تەينى»، «ئۇھۇد جەڭگاھى» ۋە يەتتە مەسچىد: «مەسچىدى فەتھى»، «مەسچىدى غەمامە»، «مەسچىدى ئەبۇ بەكرى سىدىق»، «مەسچىدى فاتىمە»، «مەسچىدى ئۆمەر بىن خەتتاب»، «مەسچىدى ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ»، «مەسچىدى بىلال بىن رىباھ» قاتارلىق قەدەم جايلار بار ئىكەن.

## ھەرەم شەرىف

بىز جىددەدىكى ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدىن چىقىۋاتقاندا، ئۇرۇمچىلىك خۇيزۇ ئايال جاڭ ھەدە ئۆزىنىڭ مەدىنىدىكى سالىھ ھاجى دېگەن تۇغقىنىغا تېلېفون قىلغانىدى. ئۇ: «سىلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىپلا ماڭا تېلېفون قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. تاكسى شوپۇرى ۋەلىد شەھەرگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، پاسپورتلىرىمىزنى قولىمىزغا قايتۇرۇپ بەردى. جاڭ ھەدە كارتلىق تېلېفون بىلەن ھېلىقى سالىھ ھاجىغا يەنە تېلېفون بەردى. ئۇ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. تاكسى شوپۇرى ۋەلىد سالىھ ھاجى ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە بىزنى ھەرەم شەرىفكە يېقىن بىر كوچىدىكى مەھدى ئىسىملىك بىر ئەرەپنىڭ مېھمانخانىسىغا ئۇدۇل ئېلىپ باردى. سالىھ ھاجى بىزنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق.

سالىھ ھاجى گومىنداڭ تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ سەئۇدىدا تۇرۇشلۇق «باش ئەلچىسى» مابۇفاڭنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئۇ مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولغانىكەن. ئۇ 40 تىن ئاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق، قاتاڭغۇر بىر ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەرەبچە رىدا، بېشىدىكى ئىقال بىلەن باستۇرۇلغان ياغلىققا قاراپ بىز ئۇنى ئەرەب، دەپ ئويلاپ قاپتىمىز. ئۇنىڭ خەنزۇچە سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ تۇڭگان

ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق.

ئۇ بىزنى ھېلىقى مەھدى دېگەن ئەرەب ئاچقان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا ھەرەم شەرىف تەرەپتىن پېشىن نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان چىقتى. بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى ياتاققا تاشلاپ قويۇپلا، دەرھال تاھارەت ئالدۇق - تە، تۇنجى بىر ۋاخ نامازنى رەسۇلىللا مەسچىتىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، ھەرەم شەرىفكە قاراپ ماڭدۇق.

بۈگۈن مەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 35°C قا يەتكەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتا ر- قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خورما دەرەخلىرىنىڭ يوغان، ئېگىز تىك ئۆسكەن قاسراقلىق غولىنىڭ ئۇچىدىكى ياپيېشىل ياپراقلىرى قاتتىق ئىسسىقتا قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلغاندەك جۇلالىنىپ، ئۆزگىچە ئەرەبىستان مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى، بۇ چاغدا پۈتۈن قاتناش توختاپ كەتكەنىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن «مەسچىدى نەبەۋى» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان بۇ ھەرەم شەرىفنى تاۋاب قىلىشقا كەلگەن نەچچە يۈز مىڭ ھاجى ئەرەبىستاننىڭ پېژغىرىم ئاپتىپىدا ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك لىباس كىيىشىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى پەرز - سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كوچىدا ھەرەم شەرىف تەرەپكە قاراپ سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقانىدى. قاتناش ساقچىلىرى بۇ سان - ساناقسىز ھاجىلارنىڭ بىختەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ۋەزىپىسىگە ساداقەتمەن بولۇپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تەرتىپ ساقلىماقتا ئىدى. بىز كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا بارغاندا، ھەرەم شەرىفنىڭ يېشىل قۇببىسىنى كۆردۇق. مەن سالىھ ھاجى بىلەن بىللە ھاجىلار توپىغا ئەگىشىپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئاستىغا مەر - مەر تاش يېيىتىلغان كەڭ سەيناسى ئىچىگە كىردىم. ئۇدۇلىدا بىر - بىرىدىن ئېگىز، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭ

ياسالغان، يېشىل قوبېلىق ھەيۋەتلىك مەسچىدى نەبەۋى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ھەيران بولغىنىمدىن ئورنۇمدا تۇرۇپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. بىرسى ئاستا يېڭىمنى تارتقاندەك قىلدى. قارىسام، سالىھ ھاجى ئىكەن. ئۇ: «تېز بولۇڭ، بولمىسا ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە ئورۇن قالمايدۇ!» دەپ مېنى مېڭىشقا ئۈندەۋاتقانىكەن. ئىسلامىيەتتە «مەسچىدى نەبەۋى» دەپ ئاتىلىدىغان مەدىنىدىكى ھەرەم شەرىف مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمدىن قالسىلا ئىككىنچى مۇقەددەس مەسچىد ھېسابلىنىدىكەن. بۇ مەسچىد مىلادى 622 ـ يىلى (ھىجرىيە تۇنجى يىلى) 9 ـ ئايدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان مەسچىد ئىكەن. دەسلەپتە بۇ مەسچىد ناھايىتى ئاددى ياسالغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بىر نەچچە قېتىم قايتا كېڭەيتىلىپتۇ. ھازىرقى ھەرەم شەرىف مىلادى 1989 ـ يىلى سەئۇدى پادىشاھى فاھدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، نەچچە ئونمىڭ ماھىر ئارخىتېكتور ۋە بىناكارلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىشى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا پۈتۈپ چىققانىكەن. ھەرەمنىڭ ئىچىگە جايناماز ئۈچۈن مەخسۇس ھەرەم شەرىفكە ئاتاپ توقۇلغان پارس نۇسخىسىدىكى زىلچا ـ گىلەملەر سېلىنغىلىق ئىكەن. ھەرەم شەرىفنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەرەم شەرىفنى سىرىپ سۈپۈرۈشكە مەسئۇل جارۇبكەشلەر كۆچلۈك ماتورلۇق چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچلەر بىلەن ھەرەمنىڭ ئىچىنى كۈندە بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق تازىلاپ، ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ھاۋاسى ساپ ۋە يېڭى ھالەتتە تۇرىدىكەن، ئازراقمۇ غەيرى پۇراقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىكەن. سامساق ياكى پىياز يەپ ھەرەمگە كىرىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدىكەن.

ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە ئىگىزلىكى ئون ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان سان ـ ساناقسىز مەر ـ مەر تۈۋرۈكلەر ھەرەم شەرىفنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۆگزىنىڭ ئۈستى سەينا بولۇپ، سەيناغا لېفىت بىلەن چىقىپ چۈشكىلى بولىدىكەن. پۈتۈن ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچى ۋە تۆت ئەتراپىدىكى سەينا ـ مەيدان قوشۇلۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 480 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىكەن، ئادەتتىكى چاغلاردا ھەرەمنىڭ ئىچىدە 600 مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىكەن، ھەج مەزگىلىدە بولسا، ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا بىر مىليون كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىكەن.

ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتراپىدىكى مەيداننىڭ قىرىق سەككىز يېرىدە يەر ئاستىغا تۆت قەۋەت قىلىپ ياسالغان تاھارەتخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يىگىرمە تۆت سائەت ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىكەن. ھاجەتخانا ۋە غۇسۇل ـ تاھارەت ئېلىش ئورنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى زامانىۋى ۋە ناھايىتى قولايلىق، تولۇق بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا قىرىق مىڭ ئادەم تەڭلا ھاجەت قىلىپ، تاھارەت ئالالايدىكەن. تۆت قەۋەتنىڭ ھەممىسىدە لېفىت توختىماي ئايلىنىپ تۇرغاچقا، چۈشۈپ ـ چىقماقمۇ تولىمۇ ئوڭاي ئىكەن.

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچى ۋە تېشى نىئون ـ كىسنون چىراغلىرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك نۇرىدا خۇددى كۈندۈزدەك ئاپئاق يورۇپ كېتىدىكەن. ھەرەم شەرىفنىڭ تۆت ئەتراپىدا بۆلۈنگە تاقىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئون چوڭ مۇنار چوڭ پىرژېكتورلارنىڭ يورۇقىدا ناھايىتى گۈزەل ۋە تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. بۇ مۇنارلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىكى بىر يۈز تۆت مېتىردىن كېلىدىغان ئالتە مۇنار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرەم شەرىفنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ۋە ھەرەم شەرىفنىڭ شىمالىي ئىشىكىنىڭ ئىككى

تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىكەن.

سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرى 35°C قا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرەمنىڭ ئىچىدە كىشىگە ئارامبەخش قىلىدىغان سالقىنلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. ھەر بىر مەر ـ مەر تۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا مەخسۇس سوغۇق ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھاۋا يوللىرى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە تېشى ھەر خىل گېئومېتىرىك شەكىل چىقىرىپ يېپىشتۇرۇلغان قىلىن مەر ـ مەر تاشلار بىلەن بېزەلگەنىكەن. ھەرەمنىڭ ئاستىغا ۋە ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتراپىدىكى مەيدانغا ئاق رەڭلىك مەر ـ مەر تاش يېيىتىلغان بولغاچقا، قاتتىق ئىسسىقتىمۇ يالاڭئاياغ دەسسىسىمۇ ئادەم سالقىنلىق ھېس قىلىدىكەن. پۈتۈن ھەرەم شەرىف سىرتتىن قارىغان ئادەمگە خۇددى خروستال شىشىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك قارشى ـ ساراي، ئوردا ـ قەسىردەك كۆرۈنىدىكەن. . .

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

پۈتۈن ھەرەم شەرىفنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرىدە ھەرەمنىڭ مېھرابى جايلاشقان قىبلە تەرىپى — جەنۇب تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىدا بولۇپ جەمئىي ئون ئىشىكى بار ئىكەن.

مەن سالىھ ھاجى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئىھتىرام تۇيغۇسىنىڭ ئىلكىدە ھەرەم شەرىفنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىشىكىدىن ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ھەرەمنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىكەن. بىز پېشىن نامىزىغا ئولتۇرغان ئادەملەرنى ئارىلاپ ئاران ئارقا تەرەپكە ئۆتتۇق ۋە بىر بوش ئورۇننى تېپىپ، نامازغا ئولتۇردۇق.

مەن پېشىن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ بولۇپ ھەرەم شەرىفتىن چىقىۋاتقىنىمدا، بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

قالغان: «مېنىڭ مەسچىدىمدە ئوقۇغان ناماز باشقا مەسچىدلەردە ئوقۇغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر. لېكىن ھەرەم مەسچىدىدە ئوقۇغان ناماز مېنىڭ مەسچىدىمدە ئوقۇغان يۈزمىڭ رەكئەت نامازدىنمۇ ئارتۇق» دېگەن ھەدىس[①] ئېسىمگە كەلدى. . .

بىز پېشىن نامىزىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، سەرراپتا پۇل تېگىشىش ئۈچۈن ئازراق ھايال بولۇپ قالدۇق. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش بەلگۈلىمىسى بويىچە ھەر 100 ئامېرىكا دوللىرى 373 رىيالغا باراۋەر بولىدىكەن. مەن 200 ئامېرىكا دوللىرىنى 746 رىيالغا ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سالىھ ھاجى مېنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا ئەپكېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى . . .

---

① بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، ئەھمەد، بەززار قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

# «رەۋدەتۇ مۇباركە»نى زىيارەت قىلىش

مەن مەدىنىدە ساياھەتتە بولۇۋاتقان كۈنلىرىم دەل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىككى ھەرەمدە رامىزان ۋە ئۆمرە ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان مەزگىلىگە توغرا كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە دۇنيادىكى يەتتە قىتئەدىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن بىر مىليوندەك ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە قىزىل تەنلىك ئەر - ئايال مۇسۇلمان ئاران 200 مىڭ نوپۇسى بار مەدىنە شەھىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەج - تاۋاپ پائالىيىتىدە بولدى.

مەن گەرچە ھەرەم شەرىفتىكى پائالىيەتكە كۈندە قاتناشقان بولساممۇ، ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياتقان يېرى — «رەۋدەتۇ مۇباركە» نى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە زادىلا ئېرىشەلمىدىم. ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساممۇ، ئەمما ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئېزىپ قېلىپ، ھەرەمنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شەرقتىن - غەربكە سوزۇلغان شىرما - توساق (خوتۇن - قىزلار بۆلمىسى) نى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى — «رىيازۇل جەننەت» كە يېقىنلىشىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدۇم، ئەمما، ئۇ «رەۋدەتۇ مۇباركە» نىڭ ئارقا تەرىپى ئىدى. «رەۋدەتۇ مۇباركە» نى ئالدى تەرەپتىن زىيارەت قىلىش ئارزۇسىغا يېتەلمىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىكى — «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت غەرب تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن كىرىش مۇمكىن ئىكەن. كىشىلەر ھەرەم شەرىفنىڭ غەربىي ئىشىكىدىن كىرىپ، «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە قايتماي ئۇدۇل شەرقىي ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدىكەن. ماڭماي تۇرۇۋېلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدىكەن.

بىر كۈنى، مەن ھەرەم شەرىفتە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك بىر ساقچى بىلەن تەساددىيپىي شارائىتتا تونۇشۇپ قالدىم. شۇ كۈنى ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدىم، بېشىم قېيىپ تۇراتتى. «قەدقامەتسالات» تا ئايلىنىپ قېلىپ يېقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىر ۋاقىتتا قارىسام، مەيداننىڭ يېنىدا توختىتىلىپ قويۇلغان بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە ياتىمەن، ھېلىقى ئەھمەد دېگەن ساقچى بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. دوختۇر قان بېسىمىمنى ئۆلچەۋېتىپتۇ، بۇ چاغدا مەن خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، بۇ چاغدا، ئۇلار مېنىڭدىن: «سىز قايسى دۆلەتنىڭ پۇقراسى؟» دېگەندەك قىلىپ، ئەرەبچە سوئال سورىدى. مەن بەل كارىمانىمدىن دەرھال پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ھېلىقى ئەھمەد دېگەن ساقچىغا سۇندۇم، ئۇ پاسپورتۇمدىكى «China» (جۇڭگو) دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ دەرھال ماڭا قاراپ دوستانىلىق بىلەن كۆلۈمسىرىدى ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇندى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەرەبچە: «ئۇتلۇبۇلئىلمە ۋەلەۋ بىسسىين!»[①] دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى «ئىلىم» ۋە «سىين» دېگەن ئەرەبچە تاق سۆزلەردىن مۇھەممەت پەيغەمبەر

---

① بۇ ھەدىس «كەشپۇل زۇنۇن» دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان.

ئېيتقان «اجوڭگودا بولساڭلارمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار!» دېگەن مەشھۇر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدىم ـ دە، قەشقەردە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆگىنىۋالغان ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز ئوردۇ تىلى بىلەن «ئەرەب ـ سىينى رەپىق!» دەپ جاۋاب بېرىۋېدىم، ساقچى ئەھمەدمۇ، ئەرەب دوختۇرمۇ، مەنمۇ ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن مۇشۇ ھەدىسنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى!

ئەھمەد مېنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ مېنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا ئەكېلىپ قويدى. مەن بۇ مېھمانخانىنىڭ ئاستىدىكى بىر دۇكانىنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئاۋغان خوجايىنى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىگە سودا ئىشى بىلەن كۆپ بارغانىكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرچىنى ئوبدان سۆزلىيەلەيدىكەن. مەن ئۇنى تەرجىمانلىققا سېلىپ، ئەھمەدكە ئۆزۈمنىڭ «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلدىم، ئۇ سائەتكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەدكە ئەرەبچە بىر مۇنچە سۆز قىلدى.

مەن مۇھەممەدتىن: «ئۇ نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىۋېدىم، مۇھەممەد: «ئۇ سېنى ئەتە دەل چۈش سائەت ئون ئىككىدە ھەرەم شەرىفنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرسۇن، ‹رەۋدەتۇ مۇبارىكە›نى ئۆزۈم بىللە زىيارەت قىلدۇرىمەن، دەيدۇ» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىمدىن ئەھمەدكە: «رەھمەت، رەھمەت!» دەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشەككۇر ئېيتىپ كېتىپتىمەن!

بىز سەئۇدى پادشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا تۇنجى قەدەم باسقاندىن كېيىن، ماڭا ھەممىدىن قاتتىق تەسىر قىلغىنى شۇ بولدىكى، بۇ دۆلەتتەھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن تاھارەتسىز يەرگە

دەسسەش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، بىناماز بىر قەدەممۇ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن! بۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى، قۇرئان كەرىمنى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنى، ھىجرىيە يىلنامىنى دۆلەت يىلنامىسى قىلغان مۇنارخىيلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا پادىشاھ بىۋاستە قانۇن تۈرغۇزۇش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ھېسابلىنىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھازىرقى پادىشاھى فاھد بىن ئابدۇلئەزىز بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مىنىستىرلار كېڭىشى، زوراغالىق مەھكىمىسى پادىشاھنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەملىشىدىكەن، ئابدۇللا بىن ئابدۇلئەزىز نايىپ شاھ قوشۇمچە باش ۋەزىرلىكنى ئۆتەيدىكەن. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىسمى سۇلتان بىن ئابدۇلئەزىز ئىكەن.

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھازىرقى سەئۇدى خان جەمەتى 16 ـ ئەسىردىكى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ نەجد قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇسۇلمان ھۆكۈمدارى شەيخ ئەلسەئۇدىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. شەيخ مۇھەممەد بىن سەئۇدى (مىلادى 1726 — 1765 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نەجد زېمىنىغا ھۆكۈمران بولغان تۇنجى ئەۋلاد سەئۇدى پادىشاھى ئىكەن. مىلادى 1740 ـ يىلى، ئۇ ئىسلامىيەتتىكى ۋاھابىيە مەزھىبىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد بىننى ئابدۇلۋاھاب (1703 ـ 1765) بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققانىكەن.

شەيخ مۇھەممەد بىن سەئۇدىنىڭ ۋارىسى ئابدۇلئەزىز I (1765 — 1830 ـ يىللىرى تەختتە بولغان) سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي ئورنىنى ھەقىقى رەۋىشتە

تىكلەش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، رىياد، ھىجاز، سەدىر، ھەسسا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى ۋاھابىيلارنىڭمۇ شەيخلىكىنى قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپتۇ ۋە تا شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈم ھەقىقىي رەۋىشتە تىكلەنگەنىكەن.

مىلادى 1932 - يىلى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇلئەزىز II سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنى رەسمىي قۇرغاندىن كېيىن، سەئۇدى خان جەمەتى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپتۇ.

مەن تارىخىي، دىنىي ۋە دەھرىي مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر تەرەپتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھېلىغىچە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلۇۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى سەئۇدى خان جەمەتىنىڭ شاھزادىلىرى بىلەن مەلىكىلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

تۇنجى سەئۇدى پادىشاھى ئابدۇلئەزىز سەئۇدى پۈتۈن ئۆمرى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن سەئۇدى پادىشاھىدۇر. ئۇ سەئۇدى تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرگە شەپقەت بىلەن ھەيۋەتنى تەڭ قوللانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، مەملىكەت ئىچىدىكى توپىلاڭچى قەبىلىلەرنى قەتئىي باستۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «قۇدىلىشىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەر قايسى ئۇرۇغ - قەبىلىلەر بىلەن قۇدا - باجا بولۇشقانىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ خاندانى تېز روناق تېپىپ كۆپەيگەنىكەن. ئەلھال، بۈگۈنكى سەئۇدى خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى نەچچە تۈمەنگە يېتىپتۇ! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شاھزادىلەر بىلەن مەلىكىلەرنىڭ سانىلا

8000 دىن ئېشىپ كېتىدىكەن. رەسمىي «شاھزادە» لىك ئۇنتۋانى بېرىلگەنلەرنىڭ سانىمۇ 5000 دىن ئېشىپ كېتىدىكەن!

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى تىپىك ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنارخىيىلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت بولغاچقا، سەئۇدى جەمئىيىتىدە تەبىقە ـ دەرىجە تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق ئىكەن. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، كۆپچىلىكى «شاھزادە» لىك ئۇنۋانىدىن بەھرىمەن بولغان كىشىلەر ئىكەن. مەسىلەن، ھازىرقى سەئۇدى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى ۋەزىرى، سودا ۋەزىرى قاتارلىق ۋازارەت ـ ساپارەت دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «شاھزادە» لىك ئۇنۋانى بار ئىكەن. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سەئۇدى ھۆكۈمىتىنى «خان جەمەتى ھۆكۈمىتى» دېيىشى بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ «نېفىت پادىشاھلىقى» دېگەن مەشھۇر نامى بار ئىكەن. 1998 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 2 تىرليون 615 مىليارد 500 مىليون تۇڭغا يېتىدىكەن! دېمەك، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، سەئۇدى خان جەمەتى ھەققىدىكى ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك پۇل ۋە بايلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

مەن ھىجازدىكى مەدىنە ۋە مەككە قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن سەئۇدى خان

جەمەتنىنىڭ بەزى قىزىقارلىق ئىشلىرى ھەققىدە قىلىنىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم.

1999 ـ يىلى يازدا، سەئۇدى پادىشاھى فاھد ئىسپانىيىگە دەم ئېلىشقا بارغانىكەن. پادىشاھ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان مادرىد خەلقئارا ئايروپورتىغا قونغاندا، پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچى ـ پاسىبانلىرى، مۇلازىم ـ چاكارلىرى، پادىشاھنىڭ دوست ـ يار، بۇرادەرلىرى، خانىدان ئەزالىرى ئولتۇرغان ئايروپىلان ۋە ئېغىرلىقى 2000 كىلوگرام كېلىدىغان تۇرلۇك بولاقلار، تىببىي ئۈسكۈنىلەر، يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلانغان ئايروپىلان، پادىشاھ فاھدنىڭ 100 گە يېقىن مەخسۇس پىكاۋى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر قاچىلانغان ئايروپىلان بولۇپ يەنە بەش ئايروپىلانمۇ بىللە قونغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كۈنى پادىشاھقا بىللە ھەمراھ بولۇپ بارغانلار بىلەن ھەر دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە 200 نەچچە دانە يانفونمۇ سېتىۋېلىنىپتۇ...

بىر قېتىم، سەئۇدى خان جەمەتىدىن بىرەيلەن گېرمانىيىنىڭ بىر لېفىت شىركىتى بىلەن سودا توختامى تۈزمەكچى بولۇپتۇ. گېرمانىيە تەرەپ قارشى تەرەپتىن خەلقئارا ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى ئىسپاتلايدىغان كېنىشكىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىكەن، ھېلىقى ئەرەب زەردارى خاپا بولغىنىدىن قاشلىرىنى ھىمىرىپ، مۇلازىمغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ بەستلىك ئىككى چاكىرى لىق تىللا قاچىلانغان بىر قاپنى يۆدۈپ كىرىپ، ھېلىقى گېرمانىيىلىك شىركەت خوجايىنىنىڭ ئالدىغا: «ئالىدىغان نەرسەڭ مۇشۇمۇ» دەپ، قاپتىكى تىللالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈپتۇ. گېرمانلار ھەيران قالغىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي، تۇرۇپ قاپتۇ!...

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق

ئەتىسى، مەن بامدات نامىزىنى ئۆتەپ مېھمانخانىغا قايتتىم ۋە دەم ئېلىپ چۈشكە يېقىن غۇسۇل ـ تاھارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەل سائەت ئون ئىككىدە ھەرەم شەرىفنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىشىكىگە كەلسەم، ساقچى ئەھمەد شۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتىكەن، ئۇ قولۇمدىن يېتىلگىنىچە ئۇدۇل ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدىكى «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئالدى ئوڭ بۇرجىكىگە باشلاپ كېلىپ، ئۆزى نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدىغان ئورۇننىڭ قېشىدىكى جامائەتنىڭ قاتارىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، مەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ مۇقەددەس اۋاگاھنى ئۇدۇلىدىن يەنە بىر قېتىم تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان ئاق مەرمەر تۈۋرۈكلۈك «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئەتراپى سىرىق مىستىن ياسالغان ۋادەكلەر ئارقىلىق ئىھاتىلەنگەنىكەن. ئالدى تەرىپى بىلەن يان تەرەپلىرىگە ئايەتلەردىن تىپىك ئەرەب — ئىسلام نۇسخىسىدا گۈل چىقىرىپ ئاجايىپ گۈزەل نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن، سىرىق مىستىن ياسالغان پۈتۈن قۇيما پەنجىرە ئورنىتىلغان بولۇپ، مىس پەنجىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆي دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە ئۆز قولى بىلەن سالغان «مەسچىدى نەبەۋى» دىكى «رىيازۇل جەننەت» دەپ ئاتالغان جاي ئىكەن!

«رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىدىكى مىستىن ياسالغان پەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا اۋاچىلارنىڭ «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئىچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان قاتار ئۈچ يۇمىلاق تۆشۈك بار ئىكەن. بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق تۆشۈك ئىككى تەرىپىدىكى يۇمىلاق تۆشۈكتىن سەل چوڭراق ئىكەن.

مەن «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدى بىلەن ئوتتۇرىدىكى چوڭ يۇمىلاق تۈشۈكتىن ئەدەب بىلەن «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئىچىدە قاتار ئۈچ قەۋرە تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىسىدىكى قەۋرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئىككى قەۋرىدىن سەل چوڭراق ئىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى چاھارىيارلارنىڭ بىرىنچىسى سەييىدىنا ئەبۇ بەكرى رەزىئاللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋرىسى، سول تەرەپتىكىسى چاھارىيالارنىڭ ئىككىنچىسى سەييىدىنا ئۆمەر بىن ئەلخەتتابنىڭ قەۋرىسى ئىكەن.

مەن ھەممىدىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە شەرىفىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەدەب: «ئەسسالامۇ ۋەسەللەم ئەلەيكە يارەسۇلىللا ...» دەپ سالام قىلدىم. ئاندىن بىر قەدەم ئوڭغا يۈرۈپ، سەييىدىنا ئەبۇ بەكرى رەزىئاللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ ئەدەب: «ئەسسالامۇ ئەلەيكە ياسەييىدىنا ئەبۇبەكرى ئەسسىدىق...» دەپ سالام قىلدىم. ئاندىن يەنە ئىككى قەدەم سولغا يۈرۈپ، سەييىدىنا ئۆمەربىن ئەلخەتتاب رەزىئاللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئەدەب بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكە ياسەييىدىنا ئۆمەر بىن ئەلخەتتاب...» دەپ سالام قىلدىم

سان ـ ساناقسىز مۇسۇلمان زىيارەتچىلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قوللىرى سىلاپ بۇسە قىلىشى ئارقىسىدا سىللىقىنىپ، خۇددى ئەينەكتەك بولۇپ كەتكەن سېرىق مىس پەنجىرە ھەرەم شەرىفىنىڭ ئىچىدىكى خروستال چىراقلارنىڭ كۆچلۈك نۇرىدا ئالتۇندەك ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

«رەۋدەتۇ مۇباركە» زىيارەت قىلىش تەرتىپى ئادەتتە مۇنداق بولىدىكەن:

ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زىيارەتچىلار «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىغا كېلىپ، رەسۇلىللانىڭ قەبرىسىگە قاراپ

قىيامدا تۇرىدىكەن ۋە ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ھەمدۇساناالار بىلەن سالام بېرىدىكەن، خالىغان ئايەت ـ دۇئاالارنى ئوقۇيدىكەن. ئەبۇ بەكرى سىدىق بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ رەسۇلىللانىڭ قەبرىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بولغانلىقتىن، زىيارەت ئەھلى بىردەك زىيارەت قىلىشىدىكەن. زىيارەتتىن كېيىن، كەئىبىگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدىكەن. زىيارەت مۇراسىمى شۇنىڭ بىلەن ئادا بولىدىكەن. زىيارەتچىلەر مىس توسۇقتىن بىر قەدەم نېرى تۇرىدىكەن. توسۇققا يېقىن بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. توسۇققا يېقىن يوللىسا ساقچىلار ئارىلىشىدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىلگىرى زىيارەتچىلەر «رىيازۇل جەننەت» نى زىيارەت قىلغاندا، مىس پەنجىرىنى سۆيۈۋېرىپ بارا ـ بارا ئاگسىز رەۋىشتىكى خۇراپىيلىق شەكىللىنىپ قالغانلىقتىن، ئاخىر قەبرىنى سۆيۈش قەتئىي چەكلىنىپتۇ.

«رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نى زىيارەت قىلىش مەخسىتىمگە يەتكەندىن كېيىن، مەن غەرب تەرەپتىكى ئىشىكتىن ھەرەم شەرىفنىڭ تېشىغا چىقتىم ۋە مەيداندا تۇرۇپ، «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نى سىرتىدىن يەنە بىر نۆۋەت زىيارەت قىلدىم.

ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ يېشىل قۇببەسى بولۇپ، قۇببىنىڭ ئاستى تۆت بۇرجەك، سەككىز تەرەپلىك قىلىپ ياسالغانىكەن. «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتىر، ئىنى 15 مېتىر بولۇپ، تۆت بۇرجىكىگە ئۈستىدىكى يېشىل قۇببىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۆت دانە ئاق مەرمەر تۈۋرۈك قويۇلغانىكەن. «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئۈستىدىكى يېشىل قۇببە ئەڭ دەسلەپتە مىلادى 1601 ـ يىلى سۇلتان سەلىم II تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، تۈرلۈك جاۋاھىراتلار بىلەن نەقىش قىلىنىپ، ئۈستىدىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىكەن. مىلادى 1818 ـ يىلى، سۇلتان مەھمۇد

تەرىپىدىن ئاق قوببىلىق قىلىپ قايتىدىن ياسالغانىكەن. مىلادى 1840 ـ يىلى يېشىل سىرلىنىپ قايتا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، تا هازىرغا قەدەر ئۆزگەرتىلمەي كېلىۋېتىپتۇ.

ئىسلام دىنىدا يېشىللىق ـ هاياتنىڭ، تىنچلىق ـ ئاسايىشلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. دېمەك، «رەۋزەتۇ مۇبارىكە» نىڭ يېشىل قوببىسى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇهەممەد رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامغا بولغان چەكسىز مېهىر ـ مۇهەببىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «رەۋزەتۇ مۇبارىكە» — مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مىلادى 622 ـ يىلى (هىجرىيە تۇنجى يىلى) 9 ـ ئايدا مەككىدىن مەدىنىگە هىجرەت قىلىپ كەلگەندە، ئۆز قولى بىلەن سالغان مەسچىد ئىكەن. مۇهەممەد خوزەرى «مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تەرجىمىهالى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (قۇبادىكى) جۇمە (نامىزى) دىن كېيىن، يولىنى داۋاملاشتۇردى؛ ئەنسارلارنىڭ هەر بىر مەهەللىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ يەرلەرنىڭ ئاهالىسى ئۇنىڭ تۆگىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە چۈشۈشىنى ئىلتىماس قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى، تۆگە قەيەردە چۆكسە، شۇ ئۆيگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. تۆگە ئاخىر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئەدى ئىبنى نەججار جەمەتى مەهەللىسىگە يەتكەندە، ئەبۇ ئەييۇب خالىد ئىبنى زەيد ئەنسارىنىڭ ئۆي ئالدىدا چۆكتى (رەسۇلۇللانىڭ ئۇلۇغ مەسچىدى شۇ يەرگە سېلىنغان). رەسۇلۇللا: «ئىنشائاللا، تۇرالغۇمىز مۇشۇ يەردە بولىدۇ» دېدى.» «. . مەسچىد سېلىش باشلاندى. مەسچىدنىڭ تاملىرى كېسەكتىن، هۇلى تاشتىن قوپۇرۇلدى. ئۈستى خورما دەرەخنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلدى، خورما ياغاچلىرىدىن تۈۋرۈك قىلىندى. مەسچىدنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن سەل ئېگىزرەك ئىدى. مەسچىدنىڭ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ قاتناشتى . . .»

دەسلەپتە «. . . مەسچىد ئاددى ـ سادا ئىدى. بىساتمۇ سىلىنمىغان، ئىھاتە ئىچىگىمۇ ئىلىنمىغانىدى. . .»①

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ ئاي نەشرى، 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى، 132ـ، 137ـ، 138ـ بەتلەر.

# مەدىنىدىكى مۇبارەك قەدەم جايلار

ئالدىن كېلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە، بۈگۈن سالىھ ھاجى بىزنى ماشىنىسى بىلەن مەدىنىدىكى بەزى تارىخىي ئىزلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ كەلمەكچى بولدى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، سالىھ ھاجى ئۆزىنىڭ «فورد» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسى بىلەن بىزنى ھەممىدىن ئاۋۋال مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان ئوھۇد تېغىغا ئېلىپ كەلدى. بىز ئوھۇد جىلغىسىدىكى چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال ئوھۇد قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق.

**ئوھۇد قەۋرىستانلىقى:** مەدىنە شەھىرىدىن ئۈچ يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوھۇد جىلغىسىدىكى بىر قەبرىستانلىقنىڭ نامى ئىكەن. بۇ يەرگە مىلادى 625 - يىلى 3 - ئايدا ئوھۇد تېغىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قۇربان بولغان يەتمىش مۇسۇلمان جەڭچىسى دەپنە قىلىنغانىكەن.

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، مەككە مۇشرىكلىرى بەدرە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيان 3000 مۇشرىكقا باشچىلىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام باشچىلىقىدىكى مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە، ھىجرىيە 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 10 - كۈنى (مىلادى 625 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) مەدىنىگە

تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئاللا ئورۇن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنىنىڭ سۈيىقەستىنى بىت - چىت قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى، ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇلار بىلەن بىللە 1000 مۇسۇلمان جەڭچىسىنى باشلاپ، ئوھۇد تېغىدا بوكتۇرمىدە ياتىدىكەن. بىراق، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، بوكتۇرمىدە ياتقان ئەللىكتىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئوقچىلىرى قوماندانلىققا بويسۇنماي، ئىستىھكامدىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلغانلىقتىن، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، زور تالاپەت بېرىدىكەن.

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار سىپىدىن يەتمىش جەڭچى قۇربان بولۇپ كېتىدىكەن. قۇربان بولغانلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمزە دېگەن تاغىسىمۇ بار ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئۇرۇشتا يارىلىنىپ، ئىككى تال چىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن.

ئىسلامىيەت تارىخىدا ئوھۇد ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ، زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمەلىي قانلىق پاكىتلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا: «ئىتتىپاق بولۇش، جاسارەتلىك بولۇش، قوماندانلىققا قەتئىي بويسۇنۇش» قاتارلىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بېرىدىكەن ۋە بۇ يەتمىش شېھىدنى ئوھۇد جىلغىسىغا دەپنە قىلىشنى بۇيرۇيدىكەن . . .

ئوھۇد قەبرىستانلىقى تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن ئىھاتە ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، بىز قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پەنجىرە ئارقىلىق قارا تۇپراق ئاستىدا مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن بۇ يەتمىش مۇسۇلمان جەڭچىسىگە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياشۇھەدائى ئوھۇد! . . .» دەپ سالام قىلدۇق. قەبرىستانلىق ئىچىدە ئۇ يەر، بۇ يەردە تۇرغان قارا كۆيۈك تاشتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. . .

ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان مەشھۇر ئوھۇد تېغى پاكار بىر تاغ ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچبىر قىينالمايلا چىقتۇق. تاغنىڭ ئۈستى تاپ ـ تاقىر، ئەتراپتا قاپقارا كۆيۈك تاشتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بىز ئوھۇد قەبرىستانلىقى بىلەن ئوھۇد تېغىدا تەخمىنەن بىر سائەتتەك ھايال بولغاندىن كېيىن، «مەسچىد قىبلە تەينى»نى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن غەربىي ـ شىمال تەرەپتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتۇق.

**«مەسچىد قىبلەتەينى»:** مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەرەم شەرىف بىلەن ئارىلىقى ئۈچ يېرىم كىلومېتىر كېلىدىكەن.

«مەسچىد قىبلە تەينى» ئىسلامىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەجدىگاھىنىڭ پەلەستىندىكى ئېرۇسالىمدىن مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمگە ئۆزگەرتىلىشىدەك زور تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىدىدۇر. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا بەيتۇللاغا قاراپ ناماز ئوقۇيدىكەن، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھاجىر، ئەنسارلارنى باشلاپ سەجدە قىلىدىغان قىبلىنى شىمالىغا جايلاشقان ئېرۇسالىمدىكى قۇددۇس شەرىفكە ئۆزگەرتىپتۇ. ئېرۇسالىم — ئىسلامىيەت رىۋايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇراققا مىنىپ مىئراجغا چىققان يەر ئىكەن. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئېرۇسالىمدىكى قۇددۇس شەرىف مەدىنىدىكى ھەرەم شەرىف بىلەن مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمدەكلا مۇقەددەس دەپ قارىلىدىكەن.

ھىجرىيە 2 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى (مىلادى 624 ـ يىلى 11 ـ ئاي)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەسچىتتە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، تۆت رەكئەت

نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە «ئاللا ئۇنىڭغا قىبلىنىڭ كەئبە تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋەھيي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپلا قىبلىنى ئۆزگەرتىپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى، ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارمۇ ئەگىشىپ كەئبە تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. . . »[1] شۇڭا، تارىختا بۇ مەسچىدتە ئىرۇسالىم جايلاشقان شىمال بىلەن كەئبە جايلاشقان جەنۇب تەرەپتە بىردىن ئىككى مىھراپ بولغانلىقتىن «مەسچىد قىبلە تەينى» (ئىككى قىبلىلىق مەسچىد) دەپ ئاتالغانىكەن.

«مەسچىد قىبلە تەينى» چوڭ يول ياقىسىغا جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك كاتتا، ئازادە مەسچىد ئىكەن. بىز مەسچىد ئىچىگە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، «مەسچىد قىبلە تەينى» دىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەدىنىدىكى مەشھۇر «يەتتە مەسچىد» نى زىيارەت قىلىشقا يۈرۈپ كەتتۇق.

بۈگۈن كۈنگە جۈمە ئىدى. شۇڭا، ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، بۇ يەتتە مەسچىدنى ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ زىيارەت قىلدۇق ـ دە، جۈمە نامىزىنى «مەسچىدى قۇبا» دا ئوقۇش ئۈچۈن، قۇبا بازىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. . .

**مەسچىدى قۇبا:** سائەت دەل ئون ئىككى بولغاندا، سالىھ ھاجى ماشىنىسى بىلەن بىزنى «مەسچىدى قۇبا» غا ئېلىپ كەلدى.

«مەسچىدى قۇبا» مەدىنە بويىچە تۇنجى مەسچىد بولۇپلا قالماستىن، ئىسلامىيەتتىمۇ تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىنغان مەسچىد ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىغا تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان قۇبا دېگەن قەدىمكى بىر بازارغا جايلاشقانلىقتىن، «مەسچىدى قۇبا» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ

---

[1] مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 183 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 158 ـ بەت.

بازارنىڭ ئورنىدا قەدىمدە «قۇبا» دېگەن بىر قۇدۇق بولغانلىقتىن بۇ بازارمۇ ئاشۇ قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن قۇبا، دەپ ئاتالغانىكەن.

«مەسچىدى قۇبا» قېلىن خورمىزارلىق ئارىسىغا جايلاشقان ھاۋالىق، كاتتا ۋە ھەيۋەتلىك بىر مەسچىد ئىكەن. بۇ مەسچىدتە ئون مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن. مەسچىدنىڭ ئىچى ئېگىز، يورۇق، ئازادە بولۇپ، ئاستىغا بىر كىشىلىك جايناماز شەكلىدە توقۇلغان گۈزەل پارس گېلەملىرى سېلىنغان ئىكەن.

تارىخى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھىجرىيە تۇنجى يىلى رەبىئەل ئاۋۋالنىڭ 8 ـ كۈنى (مىلادى 622 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە قۇبادىكى بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشكەنىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، بۇ يەردە بىر مەسچىد سالدۇرغانىكەن. بۇ مەسچىدنى ئاللا بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىد، دەپ تەرىپلەپتۇ.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرغان مەزگىلىدە، ھەر شەنبە كۈنى قۇباغا چىقىپ، بىر ۋاخ ناماز ئوقۇپ كېلىدىكەن. ۋە كىشىلەرنىمۇ مەسچىدى قۇباغا كېلىپ بىر ۋاخ ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر ھەدىستە: «مەسچىدى قۇبادا بىر ۋاخ ناماز ئوقۇسا، بىر قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان بىلەن باراۋەردۇر» دېيىلگەن.

بىز زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىدى قۇبانىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. پېشىنغا (جۈمەگە) ئەزان ئېيتىلدى. شۇڭا، دەرھال تاھارەت ئالدۇق ـ تە، مەسچىدى قۇبادا جۈمە

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مۇھەممەد خۇزەرى يازغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى» غا قارالسۇن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983ـ يىلى 1ـ ئاي 1ـ نەشرى. 129ـ بەت.

نامىزنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىدكە قاراپ ماڭدۇق . . .

**«جەننەتۇل بەقىئو»:** «ئەھلى بەقى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ مەدىنىدىكى مەشھۇر چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ نامى بولۇپ، ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىدىكى كوچا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن. ئەينى يىللاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قەبرىستانلىقنى يوقلاپ تۇرۇشنى ناھايىتى شەرەپ بىلەتتىكەن. ھەتتا، كېچىلىرىمۇ كۆپ قېتىم بۇ قەبرىستانلىققا چىقىپ دۇئا قىلار ئىكەن.

مەدىنىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلىمدە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى، ئەھلى ئاياللىرى، قىزلىرى ۋە ساھابىلىرىنىڭ تۇپراق بېشى بولغان «جەننەتۇل بەقىئو» نى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدىم.

بۇ قەبرىستانلىق ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 666 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تولىمۇ ئاددى بىر قەبرىستانلىق ئىكەن. مەن دەسلەپتە بۇ قەبرىستانلىققا چىققاندا، قەبرىلەرنىڭ ئورنىدا كىچىك زومچەك ـ زومچەك توپا دۆۋىسى بىلەن ئۈستىگە بىرەر تالدىن بىرەر تالدىن قويۇلغان قاپقارا كۆيۈك تاشتىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغان، توپا ئۈچۈپ تۇرىدىغان قەبرىلەرنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىمدىن كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالغانىدىم. سىرىق توپىلىق زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر ئارىسىدا كۆك كەپتەرلەر دانلىشىپ يۈرەتتى. قەبرىستانلىق ئىچى چۆلدەرەپ تۇراتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، توققۇز ساھابە، رەسۇلۇللانىڭ قىزى بۈۋى پاتىمە، رەسۇلۇللانىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھامىلىرى قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسىدە قىزغۇچ قۇمساڭغۇ توپا دۆۋىسى ئۈستىگە ئىككى تالدىن قارا كۆيۈك تاش قويۇلغانىدى. ئەھلى مەدىنەلىكلەرنىڭ

قەبرىلىرىدە بولسا زادىلا قەبرە تېشى يوق ئىدى. شۇ چاغدا مەن جەننەتۇل بەقىيئۇدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى بۇ ئاددى ساددىلىقتىن ھەيران بولغىنىمدىن، قولۇمنىڭ دۈمبىسىنى چىشلەپ تۇرۇپلا قالغانىدىم.

شۇ چاغدا ئۆزۈمچە دەرھال ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان گۈلساي مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بىلەن ئالمائاتانىڭ جەنۇبىدىكى دروژبا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنى مەدىنىدىكى مۇشۇ «جەننەتۇل بەقىيئۇ» قەبرىستانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغۇم كېلىپ قالغانىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن ئون ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان گۈلساي جىلغىسىغا جايلاشقان گۈلساي قەبرىستانلىقىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ يەرنىڭ ھازىر چوڭ ـ كىچىك «بىنا»لار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن ياغاچ ياكى تاش ئابىدىلەرگە قارا تۇپراق ئارا ياتقان مەرھۇمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يۇرتى ۋە قازا قىلغاندىكى يېشى يېزىلىپ ئويۇپ قويۇلغان بولسا، بەزى قەبرىلەرنىڭ ئالدىدىكى مەر ـ مەر تاش ئابىدىلەرگە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى «سىياسىي» قىياپىتى، مەنسەپ ـ ئەمەلى قاتارلىقلاردىن بىرنىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇلماي، تولۇق ئويۇپ قويۇلغان. بەلكىم مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات قالغان يېقىنلىرى مەرھۇم ئۇ ئالەمگە بارغاندا، مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ ئالدىدىكى سوئال ـ سوراقتىن قىينالماي ئۆتۈپ كېتىشكە ياردىمى تېگەر، دەپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك.

ئالمائاتادىكى ۋاقتىمدا مەن بىرەيلەننىڭ ئۆلۈم نامىزىغا داخىل بولدۇم. مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى خۇددى دەل ـ دەرەخلىك گۈزەل باغچىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ھەر بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا مەرھۇمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ياشىغان يىلى ئويۇلغان تاش ئابىدە ئورنىتىلغاندىن باشقا، يەنە شۇ قەبرىدە مەڭگۈ ئۇيقۇغا

كەتكەن مەرھۇمنىڭ يېرىم گەۋدىلىك تاش ھەيكىلىمۇ تىكلەپ قويۇلۇپتۇ. قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، بەزىلەر مېنىڭدىن قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن باشقا گەپ قىلماستىن، «بىز بۇتخانا ياساپتۇق، سىلەر بۇت ياساپسىلەر!» دەپ چاقچاق قىلىۋىدىم، شۇ چاغدا ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى . . .

دەرۋەقە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ھايات قالغانلارنىڭ ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن قەبرە قاتۇرۇپ، ياغاچ ياكى تاش ئابىدىلەرنى ئورنىتىپ قويۇشى، مېنىڭچە يامان ئىش ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىسلامىيەتكە ئائىت تارىخى خاتىرىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرەتكە دائىر ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «شۇ يىلى (يەنى ھىجرىيىنىڭ تۇنجى يىلى مىلادى 622 ـ يىلى) رەسۇلۇللانىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشى مۇھاجىر ئوسمان ئىبنى مەزئۇن قازا قىلدى. ئۇ بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغانلاردىن بولۇپ، ئىككىلا ھىجرەتكە قاتناشقانىدى. ئوسمان دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەبرىسىگە سۇ چېچىشقا بۇيرۇدى. قەبرە ئۈستىگە تاش قويغۇزدى ھەمدە شۇ تاش بىلەن قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تونۇۋالىمەن ۋە ئائىلەمدە ۋاپات بولغانلارنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىمەن، دېدى. قەبرىلەرگە تاش قويۇشتىكى مەخسەت ئەنە شۇ ئىدى.»①

بۇ تارىخى خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «رەسۇلۇللانىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشى مۇھاجىر ئوسمان ئىبنى مەزئۇن»نىڭ قەبرىسى دەل مەدىنىدىكى ئاشۇ «جەننەتۇل بەقىئۇ» قەبرىستانلىقىدا ئىكەن. مەن بۇ قەبرىنىمۇ زىيارەت قىلدىم. بۇ قەبرە شۇنداق ئاددى ئىدىكى، تۆت ئەتراپىدا يەردىن يىگىرمە

---

① مۇھەممەد خوزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 152 ـ بەت.

سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قارا كۆيۈك تاشتىن بىر دۈۋە تاش تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرىگە ھېچقانداق ئابىدە ـ بەلگە ئورنىتىلماپتۇ.

ئىسلامىيەت بەرپا بولغان كۈنىدىن ئېتىۋارەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى «ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ھەرگىز مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتمەسلىك» ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، «كېيىنكى دەۋرلەردە قەبرىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك بىنالارنى سېلىش ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇش ئىشلىرى پەيدا بولدى. قارىغاندا ئادەمگە ئۇلار خۇددى بۇتقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. مېيىتنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرە ئۈستىگە كېلىپ تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشى كۆپىنچە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتخانىلاردا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلاردا رەسۇلۇللا قىلمىغان ئىشلارنى قىلىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتۇر.»①

مەن مەدىنىدىكى «جەننەتۇل بەقىيئۇ» نى زىيارەت قىلىۋاتقان چېغىمدا، ئۈرۈمچىدىكى گۇلساي مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ۋە ئالما ئاتادىكى درۇژبا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدىكى يېڭى زامان ھەشەمەتچىلىكى بىلەن مەدىنىدىكى «جەننەتۇل بەقىيئۇ» قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمكى زامان ئاددىي ـ ساددىلىقىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەيتان لەئىن دىلىغا سالغان شۆھرەتپەرەسلىك ۋەسۋەسىدە ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلارنى بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇممەتلىرىنى «ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ھەرگىز مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتمەسلىك» ھەققىدە

① مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 153 ـ بەت.

ئاگاھلاندۇرغانىكەن، دەپ ھېس قىلدىم. . .

## تەۋرەنمەس ئېتىقاد، تۈگىمەس ـ پۈتمەس بايلىق

بۈگۈن مەدىنىدە ھاۋا سەل تۇتۇق ئىدى. ئەتىگەندە ياغقان ئازاراق يامغۇر بىلەن ھاۋا بىر ئاز بولسىمۇ سالقىنلىدى. تۈنۈگۈن ئالدىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، سائەت سەككىزدە سالىھ ھاجى مەدىنە شەھىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىزنى كوچىغا باشلاپ چىقتى.

مەدىنە — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھىجاز ۋادىسىغا جايلاشقان، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدىغان زامانىۋى ئوتتۇرا ھال شەھەر ئىكەن. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھىجازدىكى مۇھىم بىر قاتناش ـ سودا تۈگۈنى بولغاچقا، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى بويىچە ئەڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرگە ئايلىنىپتۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، مەدىنىدە چوڭ ـ كىچىك سودا ماگىزىنلىرى، بانكا ـ سەراپخانىلار، ئاھالىگە خىزمەت قىلىدىغان تۈرلۈك شەھەر مۇئەسسەسىلىرى ۋە ئاھالە ئولتۇراق بىنالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تېز تەرەققىي قىلىپتۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتى 1961 ـ يىلى بۇ شەھەردە ئەرەبىستان بويىچە ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىنى بەرپا قىلىپتۇ. جەنۇبتىكى مەككە بىلەن غەربتىكى جىددەگە تۇتىشىدىغان ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق يوللىرى ياسىلىپتۇ.

سالىھ ھاجى بىزنى باشلاپ نۇرغۇن ئاساسلىق بازارلارنى

ئايلاندۇرغاچ، مەدىنە ھەققىدە نۇرغۇن پاراگىرافلارنى قىلىپ بەردى.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ۋە دىنى، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزى بولغان مەدىنىدە ئۆز قولى بىلەن تۈزۈپ چىققان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، ۋە دىنى جەھەتتىكى بىر قاتار تۈزۈملەر كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا بىرلىككە كەلگەن ئەرەب دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالغانىكەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئەرەبىستاندا نېفىت بايقالغاندىن كېيىن، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تەسىرى كۈچى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلاپتۇ. دۇنيا ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفىت بايلىقى ۋە بۇ بايلىقنى ئېچىشتىن كىرىدىغان زور مىقداردىكى پايدا سەئۇدى دۆلىتىنىڭ يېقىنقى70 يىلنىڭ مابەينىدە ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئامىل بولسىمۇ، ئەمما، ھەر يىلى چەت ئەللەردىن مەككە، مەدىنىگە ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل ئىرقتىن بولغان، ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان ۋە ھەر خىل جىنستىكى مىليونلىغان ساداقەتمەن مۇسۇلمان زىيارەتچىلەردىن كىرىدىغان ساياھەت كىرىمىمۇ سەئۇدى دۆلىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتەلىشىدە ناھايىتى زور رول ئويىنىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، مەدىنە مەھكىمە شەرئىيىنىڭ يېنىدىكى ئېلېكتر بويۇملىرىنى ساتىدىغان چوڭ بىر ماگىزىنغا

كىردۇق. بۇ ماگىزىندا جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كورېيەدە ئىشلەنگەن سۈپەتلىك ئېلېكتىر بۇيۇملىرى سېتىلىدىكەن، سودىسىمۇ ناھايىتى بەلەن بولۇۋېتىپتۇ. ماگىزىن خوجايىنى بۇ چاغدا مىسىردىن كەلگەن بىر خېرىدارغا كىچىك بىر سىنئالغۇنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈۋېتىپتىكەن. مەن مال جازىسىدا تىزىقلىق تۇرغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئونى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، پىركازچىكقا «ئۇنى ئېلىڭ!» دەپ ئىشارەت قىلدىم. مەن بۇ رادىئونى كۆرۈۋېتىپ ئارقىسىدىكى: «جۇڭگودا ئىشلەنگەن» دېگەن ئىنگلىزچە خەتنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز «دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن رادىئو ئىكەن!» دەپ سالدىم. مېنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگىنىمنى ئاڭلىغان ھېلىقى ماگىزىن خوجايىنى دەرھال قېشىمغا كەلدى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا: «شۇنداق، بۇ رادىئو جۇڭگودا ئىشلەنگەن، سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى!» دېدى، ئاندىن مېنىڭدىن: «سىز قەشقەرىمۇ؟» دەپ سورىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ دەرھال: «ھەئە مەن قەشقەرى، سىزچۇ، سىز ئەرەبمۇ؟ ئۇيغۇرچىنى ئەجەب ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم.

— ھەئە، مەن ئەرەب، ئىسمىم ئابدۇللا سەئۇدى، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سودا ئىشى بىلەن دۆلىتىڭلاردىكى گۇاڭجۇ، شاڭخەي، تيەنجىنلەرگە كۆپ بارغانمەن. ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ كۆپ بارغانمەن. زۇرۇرىيەت تۇپەيلىدىن قەشقەرىيە تىلىنى شۇ چاغلاردا ئۆگىنىۋالغانمەن!

مېنىڭ ماگىزىن خوجايىنى بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆرگەن سالىھ ھاجى ئۈرۈمچىلىك تۆت خويزۇ ئائىلىنى باشلاپ ماگىزىن ئايلىنىش ئۈچۈن كەتتى.

مەن مەدىنىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئەرەبلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئەرەب تىلىدەكلا ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولغانىدىم.

بىر كۈنى، تالادىكى ئىسسىقتىن قېچىپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە سالقىندىغاچ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ياش بىر ئادەم يېنىمغا كەلدى — دە، «سىز ئىنگلىزمۇ؟» دېگەن مەنىدە مېنىڭدىن ئىنگلىزچە گەپ سورىدى. مەن «NO!» دەپ، بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ ئاندىن ماڭا ئەرەبچە گەپ قىلىۋېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى «سەدىقە» دېگەن ئەرەبچە سۆزدىن مېنىڭدىن سەدىقە سوراۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. مەن ھەرەم شەرىف ئىچىدە سەدىقە بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭدىن: «سەن نەلىك؟» دەپ ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق سورىدىم. ئۇ: «مەن كەشمىرلىك» دەپ ئىنگلىزچە جاۋاب بەردى.

ئەقەللىسى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ھەقىر ـ پەقىر ئادەملەرمۇ ئەرەب تىلىدا ياكى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ياۋىسى بولغان بەدەۋىيلەرمۇ باشقىلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلىشەلەيدىكەن. مەن بۇنىڭدىن سىرنىڭ نېمىلىكىنى يېشەلمەي كېلىۋاتقانىدىم. بۈگۈنكى بۇ تەساددىپىي پۇرسەتتە، ئابدۇللا سەئۇدى دېگەن ئەرەب سودىگىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلىمدا سۆزلىشىپ، بۇ سىرنى يەشمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلغان ئۇزۇن سۆھبەت ھەممىمىز قىزىقىدىغان بۇ سەزگۈر تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يېيىشقا باشلىدى.

ئابدۇللا سەئۇدى يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇمۇشلۇق ئەرەب ئىكەن.

— سىلەر ئەرەبلەر ئىنگلىزچىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىـ

لەر، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ئۆزۈم قىزىقىدىغان بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يەشمەكچى بولۇپ، — سىلەر ئىنگلىزچىنى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆگەنگەنمۇ؟

— نەدىكىنى دەيسىز، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — پۈتۈنلەي ئۆزىمىز ئۆگەنگەن. رەھىمسىز رىئاللىق بىزنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

— رەھىمسىز رىئاللىق دەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي، — رەھىمسىز رىئاللىق، دەپ سىز نېمىنى كۆزدە تۇتماقچى؟

— ياشاش مۇھتى، تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بولمامدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — ياشاش مۇھتى، تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىزنى ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ، 1948 - يىلى پارتلىغان بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر ئىنگلىزلار قوللىغان ئىسرائىلىيىلىكلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، غەربلىكلەر ئەرەب زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا، ئۇلار بىلەن سودا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. پۇل تېپىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلىنى — ئىنگلىز تىلىنى بىلمەي زادى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئىنگلىزلارنىڭ ئەرەب زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشى يامان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان بىر قېتىملىق پۇرسەت، ياخشى سودا پۇرسىتى ئىدى. شۇڭا، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بارلىق ئەرەبلەر ئۈچۈن بىر خىل مودا ئىشقا ئايلاندى، بايلىق يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىنگلىزلاردا پۇل كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىنگلىزلارنى پەقەت پۇل ئارقىلىقلا مەغلۇپ قىلىش مۇمكىن.

مەن ئابدۇللا سەئۇدىنىڭ بۇ سۆزىگە قايىل بولدۇم ۋە:

— شۇنداق، ھازىرقى زامان دۇنياسى رىقابەت

دۇنياسىدۇر، — دېدىم ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، — بىراق، بۇ رىقابەت بوران ـ چاپقۇنلار بىلەن تولغاندۇر. ھەر قانداق بىر ئادەم، ھەر قانداق بىر مىللەت، ھەر قانداق بىر خەلق بوران ـ چاپقۇنلۇق كەسكىن رىقابەت ئىچىدە دۇنيادىكى باشقا تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشنى خالايدىغان بولسا، چوقۇم بېشىنى تىك تۇتۇپ، بۇ رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشى لازىم. دۇنيا بىزنى بىلىشى، بىز دۇنيانى تېخىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى سىز ئېيتقاندەك ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمەي زادىلا مۇمكىن ئەمەس . . .

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ماقۇللاپ، — دۆلىتىڭلار WTO غا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ (شۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىز تېخى خەلقئارا سودا كېلىشىمى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەمەس ئىدى). بۇ — ئاللا سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ياخشى بىر پۇرسەت، دۇنيا ناھايىتى زور رىقابەت دېڭىزىدۇر. كىشىلەر مۇشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق رىقابەت دېڭىزىدا بىخارامان ئۈزۈلەمدۇ ياكى رىقابەت دېڭىزىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ كېتەمدۇ؟ بۇ ھەر بىر كىشى ئوبدان ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە. .

مەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، ئامېرىكا «11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى» تېررورلۇقىغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ بىلەن NATO [1] بىرلىكتە ئافغانىستاننى قاتتىق بومباردىمان قىلىۋاتقان ئىدى. سەئۇدى زېمىنىغا قەدەم باسقان تۇنجى كۈنۈمدىن باشلاپلا مەن ئەرەبلەرنىڭ كۆزلىرىدە غەربلىكلەرگە قارشى قاتتىق نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنىنىڭ

[1] NATO — شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى.

چاقناۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئابدۇللا سەئۇدى بىلەن بولغان سۆھبەتتە، مەن ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— ھۆرمەتلىك ئابدۇللا سەئۇدى جانابلىرى، — دەپ سورىدىم، — سىز ئوسامە بىن لادىنغا قانداق قارايسىز؟

— بۇ ھەقتە جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆزۈم بىلىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەرھەمەت، قۇلىقىم سىزدە.

— «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى، — ئامېرىكىدا مۇسۇلمانلارنى چەتكە قاقىدىغان ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى.

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1970 - يىلىدىكى 500 مىڭدىن بىراقلا كۆپىيىپ، ھازىرقى 7 مىليونغا يەتكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە 40% نى نېگىرلار ئىگىلەيدىكەن. قالغان قىسمى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئەرەب كۆچمەنلىرى ۋە شەرقىي — جەنۇبىي ئاسىيالىق كۆچمەنلەر ئىكەن؛ ياۋروپادا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان كۆچمەنلىرىنىڭ سانى 11 مىليونغا يېتىدىكەن. 60 مىليون فرانسوزنىڭ 6 مىليونى مۇسۇلمان ئىكەن. ئىسلام دىنى ھازىر فرانسىيە بويىچە 2 - چوڭ دىنغا ئايلىنىپتۇ.

«11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» پارتلىغاندىن كېيىن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئوسامە بىن لادىن باشچىلىقىدىكى «ئەل قائىدە»① تەشكىلاتىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارشى چېكىدىن ئاشقان بۇ

---

① بىزدە «بازا تەشكىلاتى» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ.

ۋەھشىيانە تېررورچىلىق قىلمىشىغا باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن بىرلىكتە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئوسامە بىن لادىن باشچىلىقىدىكى «ئەل قائىدە» تەشكىلاتى بىلەن قەتئىي چەك ـ چېگرا ئايرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىراق، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب سىياسىئونلىرى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماستىنلا، ئوسامە بىن لادىن باشچىلىقىدىكى تېررورچىلار بىلەن ھەققانىيەتنى ياقىلايدىغان مۇسۇلمانلارنى بىر تاياقتا ھەيدىدى. ئوسامە بىن لادىنمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىيانلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش مەقسىتىگە ئاخىر يەتتى! ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر ئەرەبچە گېزىت بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: « ‹11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى› يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئوبرازى ياخشىلىنىشقا باشلىغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرىمۇ كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. ئىراق، ‹11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى› دىن كېيىن، ھەممە ئىش نۆلگە تەڭ بولدى. ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى باشقا تائىپىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتكە دەككە ـ دەشنام، تىل ـ ھاقارەت توپەيلىدىن دەز كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىز ئەمدى ئۆزاققىچە 2 ـ دەرىجىلىك پۇقرا بولۇپ ياشاشقا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھەقىرلەردىن بولۇپ ياشاشقا مەجبۇردۇرمىز.»

ئامېرىكىدىكى مەلۇم ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتا بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇۋاتقان مۇراد ئىسىملىك سەئۇدىلىك بىر ئوقۇغۇچى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، CIA (ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى) تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئۇ 52 كۈن قامالغاندىن كېيىن، ئامېرىكا چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ ھەقتە بېرىلگەن گېزىت خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، CIA ئۇنىڭدىن: «سېنىڭ بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىككى مەكتەپتە ئوقۇشۇڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ » دەپ قايتا ـ قايتا

سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەسلىدە، مۇراد ئوقۇغان ھېلىقى ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت بىر ھەربىي بازىنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئۇنىڭدىن سورالغان سوئالنىڭ يەنە بىرسى: «سەن نېمە ئۈچۈن بۇرۇت قويىۋالدىڭ» دېگەن سوئال ئىكەن. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ئىنتايىن كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۆزىنى توختاتتى ـ دە «داۋاملىق ئاڭلاشنى خاھلامسىز» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قارىدى.

— سىز تېخى ئوسامە بىن لادىن توغرىلىق توختالمىدىڭىزغۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولسا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇراي ـ ھە!

— بىمالال، سۆزلەۋېرىڭ، قولىقىم سىزدە!

— ئوسامە بىن لادىن ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرغانىدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قايتىپ كەلگەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئىنسانپەرۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىراق، سۇدان، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇزاق مۇددەتلىكچە ئەمبارگو يۈرگۈزدى. ھەمدە سەئۇدىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئىراققا قايتا ـ قايتا ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ئىش ئەرەبلەرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان قارشىلىقىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ھازىر ئامېرىكىنىڭ سەئۇدىدا تۇرغۇزغان ئەسكىرى 7000 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئوسامە بىن لادىننىڭ سەئۇدى پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئەسلىدە ناھايىتى قويۇق باردى ـ كەلدىسى بار ئىدى. بىراق، ئۇ ئامېرىكىنىڭ سەئۇدىدا ئەسكەر تۇرغۇزغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئۇنى سەئۇدىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئۆزىنى قوللايدىغان رادىكال ياشلارنى يىغىپ «ئەل قائىدە تەشكىلاتى» نى قۇردى.

ئامېرىكىنىڭ سەئۇدىدا ئەسكەر تۇرغۇزغانلىقى — ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس ئورنى بەيتۇل ھەرەم بىلەن ھەرەم شەرىف ئۈچۈن بىر خىل تەھدىت ھېسابلىنىدۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس جاي مەككە مۇكەررەم بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرنى قوغدايدىغان بۇرچى بار. ئامېرىكىنىڭ سەئۇدىدا ئەسكەر تۇرغۇزغانلىقىنى بىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى دەپسەندە قىلغانلىق دەپ قارايمىز. مۇبادا، رىم ۋاتىكانلىقى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان بولسىدى، خىرىستىئانلار قانداق ھېسسىياتتا كېلەر ئىدى؟! شۇڭا، مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمنىڭ ئىمامى، شەيخ ھەمىد ۋاھابى باشچىلىقىدىكى ئالتە ئىمام «كۇپارلارنىڭ باشقا بىر ئىسلام دۆلىتىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللىغانلار كۇپار بولىدۇ!» دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ تېررورچىلىققا قارشى تۇرىمىز دېگىنى باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئىراقنىڭ نېفىتىنى كونترول قىلىشتۇر.

— تېررورىزمغا قانداق قارايسىز؟

— ھەممىمىزگە، دۇنياغا تىنچلىق كېرەك، — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ھازىرقى دۇنيادا تىغ ئۇچى غەربكە قارىتىلغان تېررورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق تۆت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مەنبەدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ: 1. ئىقتىسادى جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ ئۇزاق مۇددەت جۇغلىنىشى؛ 2. سىياسىي جەھەتتىكى بېسىمغا بولغان قارشىلىقنىڭ كۆپىيىشى؛ 3. مەدەنىيەت جەھەتتىكى توقۇنۇشنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى؛ 4. پىسخىكىلىك مۇۋازىنىتىنىڭ

بۇزۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان جۇغلانمىنىڭ بىراقلا پارتلاپ چىقىشى.

شۇڭا، تېررورلۇقنىڭ يامراپ كېتىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىقتىن بولغان ئىش ئەمەس. تېررورچىلىقنى يالغۇز قورال كۈچىگە تايىنىپ، يەڭمەك قىيىن. ئۇنى تەلتۆكۈس يېڭىش ئۈچۈن، يەنە تېخىمۇ ئادىل، باراۋەر بولغان خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئورنىتىش، نامراتلىقنى تۈگىتىش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تايىنىش كېرەك.

— . . .

مەن ئابدۇللا سەئۇدىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قايىل بولغىنىمدىن ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم . . .

## خەير خوش ئەل رەسۇل شەھرى — مەدىنە

تۈنۈگۈندىن باشلاپ مەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بۈگۈن ئەتىگەن مەن ھەرەم شەرىفتىن چىققاندا ئازراق مۇزلىغاندەك بولدۇم. شۇڭا، ئۈستۈمگە يەنە بىر قەۋەت كىيىم كىيىۋالدىم. بۈگۈن مەن ھەرەم شەرىفنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلماقچىمەن.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە مەن «رىيازۇل جەننەت» تە مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن پەيغەمبەر رەسۇلۇللا بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ھەرەم شەرىفنىڭ غەربىي ئىشىكىگە كەلدىم. ھەرەم شەرىفنىڭ غەربىي ئىشىكى بىلەن شەرقىي ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى جىق بولسا 100 مېتىردەك كېلەر. بىراق، مۇشۇ 100 مېتىر ئارىلىقنى مەن ساقمۇ - ساق بىر سائەتتە مېڭىپ تۈگەتتىم. «رەۋزەتۇ مۇباركە» نىڭ ئالدىدا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىۋاتقان زىيارەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن بىردەك ئېيتىلىۋاتقان: «ۋەسسەللەم ئەلەيكە ياھەبىبۇللا، ئەسسالاتۇ ۋەسسەللەم ياخەيرۇ خەلقۇللاھ ئەشھەدۇئەننەكە رەسۇلۇللا. . . » دېگەن ئاۋاز پۈتۈن ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. دەل سائەت ئالتىدە باشلانغان خوشلىشىش مۇراسىمى سائەت يەتتىدە ئاخىرلاشتى.

مەن رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك قەبرىسى - «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىدىن سالام بېرىپ ئۆتتۈم ۋە «رىيازۇل جەننەت» تە ياتقان رەسۇلۇللادىن كۆز قىيالمىغان ھالدا خوشلىشىپ ھەرەم شەرىفتىن

يېنىپ چىقتىم. بۇ چاغدا مېنىڭ روھىي ھالىتىم ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

ھەرەم شەرىفتىن قايتىپ ياتاققا كەلسەم، ئۆزۈمچىلىك ھېلىقى تۆت خوتۇن ھەدىلەر تېخى قايتمىغانىكەن (ئۇلار قۇربان ھېيت بولغانغا قەدەر مەدىنىدە تۇرماقچى ئىدى). مەن نائىلاج ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ماڭغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ باغاقچە يېزىپ قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشۇمغا سائەت توققۇز بولدى. مەن مېھمانخانا ئالدىدا توختىتىلىپ قويۇلغان «بېنز» ماركىلىق 90 كىشىلىك ئاپتوۋۇزغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا، ئاپتوۋۇز ئورنىدىن قوزغىلىپ مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنتۇلماس سەككىز كۈن ۋە سەككىز تۈننى ئۆتكۈزگەن، مېنىڭدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئەل - رەسۇل شەھىرى! گۈزەل مەدىنىدىن كۆز قىيالمىغان ھالدا ئايرىلدىم. خەير - خوش ئەل رەسۇل شەھىرى، مەڭگۈ گۈللەپ ياشنا گۈزەل مەدىنە!

بىز ئولتۇرغان ئاپتوۋۇز جەنۇبقا قاراپ يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، مەككىگە بارىدىغان يول ئېغىزىدىكى «ئەبيارئەلى» (ئەلى قۇدۇقى) دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ يەر ھازىر زۇلھەلىفە، دېيىلىدىكەن. ئۇ مەدىنىدىن مەككىگە بارىدىغان ھاجىلار ئېھرام باغلايدىغان مىقات ماكان - چېگرا بولۇپ، مەدىنىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان قەدىمكى بىر ئۆتەڭ ئىكەن. بۇ يەردە ھەج قىلىدىغانلارغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېتىلىدىغان كىچىك بازار بار ئىكەن.

ئەرلەر باغلايدىغان ئېھراملىق ئىككى مېتىر يىگىرمە بەش سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، بىر مېتىر يىگىرمە بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى پارچە تىكىلمىگەن توقۇلما لۆڭگە رەخت

بولۇپ، بىر پارچىسى ھېچقانداق كىيىم كېيىلمىگەن يالىڭاچ ھالەتتىكى بەدەننىڭ ئۈستىگە مۈرىدىن باشلاپ ئورىلىدىكەن. يەنە بىر پارچىسى بەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تاكى بەدەننىڭ ئاستىدىكى ئىككى پۇتنىڭ ئوشۇقىغىچە ئورىلىدىكەن. ئېھرام باغلاشتىن ئاۋۋال تىرناق ئېلىش، چاچ ـ ساقالنى ئالدۇرۇش ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى ئالدىن ئوبدان قىلىۋېلىش زۆرۈر ئىكەن. ئاندىن بەدەن تازىلىقى قىلىش ئۈچۈن غۇسۇل ـ تاھارەت ئېلىپ، ئېھرام باغلاش ئۈچۈن نىيەت قىلىش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدى بىلەن ئىككى چاتنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ ئالدىن تەييارلانغان ئېھراملىقنىڭ بىر پارچىسىنى بەلدىن تاكى ئىككى پۇتنىڭ ئوشۇقىغىچە ئورىغاندىن كېيىن، كېيىنكى تاۋاپ پائالىيىتىدە ئالمادىس يېشىلىپ كەتمەسلىكى ياكى كەئبە ئالدىدا سەجدە قىلغاندا ئېچىلىپ كېتىپ، بەدەننىڭ ئاستىدىكى ئەزالار كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئېھرامنىڭ بەل قىسمىنى ۋە چاكلىرىنى مېتال ئىلغۇچ بىلەن چىڭ بېكىتىپ قويۇش كېرەك ئىكەن. بەلنىڭ ئاستى قىسمىغا ئېھراملىق ئورالغاندا، ئىككى چاتنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ ئوراش لازىم ئىكەن. بولمىسا، ئېھراملىق تار ئورىلىپ قېلىپ، كەئبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغاندا ۋە مەرۋى ـ سەفا ئوتتۇرىسىدا سەئيە قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ماڭغاندا، ئېھراملىق تارتىشىپ قېلىپ، ھەرىكەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىكەن.

بەلنىڭ ئاستىنى ئوراپ بولغاندىن كېيىن، ئېھراملىقنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى بەدەننىڭ ئۈستىگە ئورىغاندا، ئوڭ قولىنى يالىڭاچ قالدۇرۇپ، سول مۈرىنىڭ ئۈستىدىن باشلاپ ئوراش لازىم ئىكەن ۋە كېيىنكى تاۋاب پائالىيەتلىرىدە ئالمادىس يېشىلىپ كېتىپ، بەدەننىڭ ئۈستى قىسمى ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بەدەننىڭ ئۈستى قىسمىغا ئورالغان ئېھراملىقنىڭ چاك ـ جىيەكلىرىنىمۇ مېتال ئىلغۇچ بىلەن ئېلىپ چىڭ بېكىتىپ

قويۇش كېرەك ئىكەن. خوتۇن - قىزلارنىڭ ئېھراملىقىغا ئۆزلىرىنىڭ كىيىمى ھېساب بولىدىكەن. كىيىمىنىڭ رەڭگى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت رەتلىك، يىرتىلمىغان ۋە پاكىزە بولسىلا بولۇۋېرىدىكەن.

بىز زۇلھەلىفەدە ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېكىتكەن سۈننەت - پەرز بويىچە «مەسچىدى مىقات» تا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇق.

مېنىڭ قولۇمدىكى ۋىزا رامىزان مەزگىلىدىكى ساياھەت ۋىزىسى بولغانلىقتىن، مەن پەقەت ھەج تەمەتتۇ — «بەھرىمەن ھەج» قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىكەنمەن. شۇڭا، مەن نامازدا: «ئاللاھۇممە ئىننى ئۇرىيدۇلھەججە ۋەلئۇمرەتە. . . » دەپ نىيەت قىلدىم.

«بەھرىمەن ھەج» — مەككە مۇكەررەمدىكى بەيتۇل ھەرەمدە كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش، زەمزەم سۈيى ئىچىش، سەفا - مەرۋى تېغى ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم سەئيە قىلىش، ئاندىن چاچ كېسىپ ئېھرامدىن چىقىش قاتارلىق بىر قاتار تاۋاپ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بىز «مەسچىد مىقات» تا ئېھرام باغلاپ، زۇلھەلىفەدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققاندا، سائەت ئون يېرىم بولغانىدى. دېمەك، ئېھرام باغلاشقا ساقمۇ - ساق بىر سائەت ۋاقىت كېتىپتۇ.

بىز ئولتۇرغان 90 كىشىلىك «بېنز» ماركىلىق ئاپتوۋۇز ئەينەكتەك سىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا سائىتىگە 140 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قىلچىمۇ چايقالماستىن كېتىپ باراتتى. ئەرەبىستاننىڭ 12 - ئايدىمۇ تېمپېراتۇرىسى 40 ℃ قا چىقىپ كېتىدىغان قارا تاشلىق قۇملۇقلىرى ۋە ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس چۆل - جەزىرىلىرى كۆز ئالدىمىزدىن كىنودەك تېز ئۆتۈپ، ئارقىمىزدا قېلىۋاتاتتى. ئاپتوۋۇزنىڭ

ئىچىگە ئورنىتىلغان ھاۋا تەڭشىگۈچ ئۆزۈلمەي ئىشلەپ تۇراتتى. پىژغىرىم ئاپتاپتا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن چۆلدە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاپتوۋۇزنىڭ ئىچى ئادەمگە خۇشياقىدەك دەرىجىدە سالقىن ئىدى. بۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ ئاغزىدىن «لەببەيكە ئاللاھۇممە لاشەرىكە لەكە لەببەيكە. . . » دەپ تەك ئېيتىلىۋاتقان «تەلبىيە» ئاۋازى ئاپتوۋۇز موتورىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

يولدا سەئۇدى ھەربىي ـ ساقچىلىرى بىز ئولتۇرغان «بېنز» ماركىلىق ئاپتوۋۇزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم توختىتىپ تەكشۈردى. ھەر قېتىم توختىغاندا، سەئۇدى ساقچىلىرى ماشىنىغا چىقىپ مېنىڭ بىلەن يەنە بىر زائىرلىق ئىككىمىزنىڭلا پاسپورتىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرەتتى. بىراق، بۇ تەكشۈرۈش ماڭا ياكى ھېلىقى نىگىرغىلا قارىتىلغان مەخسۇس تەكشۈرۈش بولماستىن، بەلكى سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ مەككە مۇكەررەمگە پاسپورتسىز كىرىدىغانلارنى قاتتىق تىزگىنلەش ئۈچۈن قوللانغان زۆرۈر تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان بىر ئىش بولغاچقا، مەنمۇ، ھېلىقى زائىربارلىق نىگىرمۇ سەئۇدى ھەربىي ـ ساقچىلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈشىگە قىلچىمۇ تىرىكمەستىن ئاكتىپ ماسلاشتۇق. شۇڭا ساقچى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا چۈشەنمەسلىكتىن يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر سادىر بولمىدى. پېشىن نامىزى بىلەن دىگەر نامىزىنى يولدا ئوقۇپ ماڭدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىمدا بىز ئۆزۈندىن بېرى بىر بېرىپ تاۋاپ قىلىشنى زارىقىپ كۈتكەن تىنچلىق شەھىرى مەككە مۇكەررەمگە ئاخىر يېتىپ كەلدۇق! . . .

مەدىنىدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، مەن مەككە xx ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئادىل قۇربان قەشقەرىگە: «بۈگۈن كەچقۇرۇن مەككىگە يېتىپ بارىمەن» دەپ تېلېفون

قىلىۋەتكەنىدىم. بىز مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تېلېفوندا ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە شوپۇر مېنى مەككىدىكى مىسفىل كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا ئەپكېلىپ قويدى. بۇ چاغدا، ئادىل قۇربان قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئابدۇللا، ئۆمەر دېگەن ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە شۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئالدىنقى يىل ئۇ ئۆرۈمچىگە ساياھەتكە كەلگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالغانىدىم. بۇ قېتىم مەن سەئۇدىغا شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ساياھەتكە بارغانىدىم.

ئادىل قۇربان قەشقەرى مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ماڭا تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلغانىكەن. ئادىل قۇربان قەشقەرى ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇرچىنى بىمالال سۆزلىيەلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تېخى ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇرچىنى بىمالال سۆزلىيەلمەيدىكەن.

ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ئىككى ئوغلى مېنىڭ يۈك - تاقلىرىمنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپ دادىسىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا باستى. ماشىنىنى ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللا ھەيدىدى. ماشىنا ئون مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭ مىسفىل xx كوچىسىدىكى ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا سائىتىمگە قارىسام، ئېپتارغا يەنە بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بار ئىكەن.

ئادىل قۇربان قەشقەرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندى بولغاي، ئۇمۇ سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مۆھتەرەم ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى، بىز سىلىنى بەيتۇل ھەرەمگە باشلاپ بارايلى. سىلە تاۋاپ پەرىزىنى ئادا قىلىۋەتسىلە. ئۆزلىرى ئەھلى ئىلىم ئادەم ، ئېھرام بىلەن يۈرسىلە ئۆزلىرىگە بىئەپ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

بىز ھايالشىمايلا كىچىك ماشىنا بىلەن بەيتۇل ھەرەمگە

قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا ئېگىز بىر تاغنىڭ ئاستىدىكى تونىلدىن ئۆتۈشىگە، كۈچلۈك پرژېكتور نۇرىدا يۈرۈپ كەتتۇق كۆرۈنگەن ھەشەمەتلىك بەيتۇل ھەرەم كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولدى. ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا بىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئادىل قۇربان قەشقەرى ئىككى ئوغلىغا: «مۇھتەرەم ئەپەندى تاغاڭلار بەيتۇللا ھەرەمگە كېلىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تىل ئۇقمايدۇ. بۈگۈن ھەرەمدە تاۋاپ قىلىدىغانلار كۆپ ئىكەن. مەن مۇھتەرەم تاغاڭلارنى باشلاپ تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلدۇرۇپ چىقاي. ئۇنىڭغىچىلىك شام نامىزىنى ئۆتەپ، بىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار!» دەپ قاتتىق جېكىلىدى.

مەن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەيتۇل ھەرەمگە قاراپ ماڭدىم.

ھەيۋەتلىك بەيتۇل ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپى باشتىن ـ ئاياغ كۆكۈش مەر ـ مەر تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تولىمۇ ئېگىز ئىككى قەۋەت تام بىلەن ئورالغانىدى. ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ مەرمەر تاش تامنىڭ ئېگىزلىكى 21 مېتىر كېلىدىكەن. بەيتۇل ھەرەمنىڭ 64 يەردە چوڭ ـ كىچىك ئىشىكى بار بولۇپ، بىر كىرىپ كېتىۋاتقان ئىشىك «ئابدۇلئەزىز ئىشىكى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز ئۈچ مۇنار ۋە سەفا تېغى تەرەپتىكى مۇنارلار بىلەن قالغان تەرەپتىكى مۇنارلارنىڭ ئېگىزلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 90 مېتىر كېلىدىكەن. ھازىر زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، بۇ مۇنارلار ئەتراپتىكى پرژېكتورلارنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ئاپئاق چاقناپ، خۇددى كۆك بىلەن بوي تالاشقان سەرۋىلەردەك كارامەت ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىلەردە ماڭا ئوخشاش ئاق رەختتىن ئېھرام باغلىغان كىشىلەر مەيلى ئۇلار سىرىق تەنلىك، قارا تەنلىك، ياكى ئاق تەنلىك ۋە قىزىل تەنلىك بولۇشىدىن،

ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن، ئەرەب، پارىس ياكى ئۇيغۇر بولۇشىدىن، ئاسىيالىق، ئافرىقىلىق، ياۋروپالىق ياكى لاتىن ئامېرىكىسلىق ۋە شىمالىي ئامېرىكىلىق بولۇشىدىن ۋە ياكى ئوكئانىيىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە كىشى بىر خىل مۇقەددەس ئېتىقاد كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەج تاۋاپىغا خاس ئىھراملىق بىلەن بىردەك تەلبىيە ئوقۇپ، 64 ئىشىكتىن بەيتۇل ھەرەمنىڭ ئىچىگە خۇددى سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتاتتى. ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەنمۇ ئاشۇ ئاپئاق ئادەم ئېقىمىغا قوشۇلۇپ بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قاراپ بىللە ئېقىشقا باشلىدىم . . .

## مەككە، مۇھەممەدئەلەيھىسسالام، ئىسلامىيەت ۋە بەيتۇللانىڭ قىسقىچە تارىخى ھەم ئۇلار توغرىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر

ئادىل قۇربان قەشقەرى مەككە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىسلامىيەت ۋە بەيتۇللا توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن. بوش ۋاقىتلاردا ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

قەدىمكى زاماندا، ۋىزانتىيە ئىمپىراتورلۇقى (شەرقىي رىم) دىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى باي، مۇنبەت ئۆلكىلەرگە بارىدىغان چوڭ سودا يولى قىزىل دېڭىز ياقىسىدىكى ھىجاز ۋادىسى ئارقىلىق ئۆتەتتى. شەرقتىكى ھىندىستان، جۇڭگو، ۋە ئافرىقىدىكى ھەبەشىستان قاتارلىق باي ئەللەردىن شىمالىدىكى بابىل، سورىيە، كىچىك ئاسىيا، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى ئەللەرگە بارىدىغان سودا يوللىرىمۇ مۇشۇ ھىجاز ۋادىسىدىن ئۆتەتتى. ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يەمەندىن چىقىدىغان مۇشكى، ئەنبەر قاتارلىق خۇشپۇراق ماتېرىياللار يۇنانىستاندا قىممەت باھادا سېتىلاتتى، بۇنداق ماللارنى توشۇيدىغان يوللارمۇ ھىجاز ئارقىلىق ئۆتەتتى. شۇڭا، ھىجازدىن ئۆتىدىغان بۇ سودا يوللىرى تارىختا «ئەترىيەت يولى» دەپمۇ ئاتالغانىدى.

«ئەترىيەت يولى»نىڭ كېسىشكەن يېرىدە پەيدىنپەي بىر نەچچە مەشھۇر سودا تۈگۈنلىرى — شەھەرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ شەھەرلەر ئارىسىدا ھىجازنىڭ جەنۇبىدىكى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان مەككە شەھىرى كارۋانلار توختاپ سودا قىلىدىغان مۇھىم بىر جاي سۈپىتىدە يىراق - يېقىنلاردا مەشھۇر ئىدى. ھەر يىلى باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇدا تۆت ئاي داۋام قىلىدىغان «ئوكاز يەرمەنكىسى» ۋاقتىدا، مەككە شەھىرى ئەتراپىتىكى ئەللەردىن بۇ يەرگە سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە «ئوكاز يەرمەنكىسى» بولۇۋاتقان بۇ تۆت ئاي «ئوغرىلىق، ئۇرۇش، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ھارام قىلىنغان» «ئەزىز ئايلار» يەنى «ھەرام ئايلىرى» دەپ ئېلان قىلىنغاندى.

ئوكاز يەرمەنكىسىدە كىشىلەر ئۆز - ئارا سودا - سېتىق قىلىشقاندىن سىرت، شائىر، خاتىپ (ناتىق)، مەدداھلارنىڭكىمۇ سۆزىنى ئاڭلايتتى. قىماردا دو چىقىشىپ، ئۆز بەخت - تەلىيىنى سىنىشاتتى. شائىرلار شېئىر مۇسابىقە ئۆزۈشەتتى، شېئىرى پاساھەتلىك بولغان شائىر ئۆز قەبىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ داڭقى يىراق - يېقىنلارغا كېتەتتى.

مەككە ئەتراپىدا سۇ بولمىغاچقا، تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، مېۋىلىك باغ يوق ئىدى. شۇڭا، سودا - سېتىق شەھەر ئاھالىسىنىڭ مۇھىم كەسپىگە ئايلانغاندى. سودا كارۋانلىرىنى قارشى ئېلىش، ئۇلارنى يولغا سېلىشقا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى قاتنىشاتتى. ئۇلار تاقەتسىزلىك بىلەن كارۋان كۈتەتتى، بىر - بىرىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشەتتى. كارۋان بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىسا، پۈتۈن شەھەردىكى ئەر - ئايالنىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ ياردەمگە چىقاتتى. ئاياللار ئۇرۇشتا

باتۇرلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشاتتى، قورقۇنچاقلارنى مەسخىرە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈشەتتى.

مەككىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تادان غېنىلەر، تەماگەر سودىگەرلەر، ئاچكۆز سۈتخورلار تۇراتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقاللىرى كىشىلەرنى سودىغا قىزىقتۇرۇپ، سۈتخورلۇق قىلاتتى، ئۇلار بۇنداق ئاسارەت زەنجىرى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قارام قۇل قىلىۋالغانىدى.

شۇ چاغلاردا مەككە بايلىرى نۇرغۇن ئات ـ تۆگىلەرنى ۋە نۇرغۇن ئىجتىمائىي بايلىقنى تىزگىنلىۋالغانىدى، ئۇلار قوللىرىدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىپ قولپۇرۇشلۇقمۇ قىلىشاتتى. قەرزلىرىنى ئۆزەلمەي، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ئۇششاق تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، شەھەر كەمبەغەللىرى مەككە بايلىرىنىڭ تۈرلۈك زوراۋانلىقلىرىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. مەككە شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تائىف شەھىرىنىڭ ئاھالىسى مەككە بايلىرىنى ھەر خىل كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان قارانچۇق مەدىكارلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مۈلكىي تەڭسىزلىك كۆپەيگەنلىكتىن، ھەر قايسى تەبىقلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئېغىرمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىدى.

مەككە شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۆت تېمى جىگەر رەڭ قارا تاشتىن قوپۇرۇلغان، تۆت بۇرجەكلىك «كەئبە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇقەددەس تاۋابگاھ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مەككىدىكى ئاساسلىق قەبىلە ـ قۇرەيشلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىمۇ ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇت ـ سەنەملىرىنى «ئوكاز يەرمەنكىسى» مەزگىلىدە مەككىگە توشۇپ يەرمەسلىك ئۈچۈن، ئاشۇ كەئبە ئىچىگە قويۇپ قويىدىغان

بولدى. كەئبە ئىچىگە قويۇلغان بۇت ـ سەنەملەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ يىللىرى 360 قا يەتتى.

قەدىمكى مەككە شەھىرى ھىجازنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي مەركىزى بولغاندىن باشقا يەنە، «ئوكاز يەرمەنكىسى» مەزگىلىدە ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى تاۋاپ قىلىدىغان دىنى مەركەزلىك رولىنىمۇ ئاتقۇرۇشقا باشلىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571 ـ يىلى (توشقان يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھازىرقى مەككە شەھىرىدىكى ئەبۇ قۇبەيس تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان سۇقرائىل كوچىسىدىكى ئابدۇللا بىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلدى.①

«سەييارە نەبى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر خەتنە قىلىنغان ھالدا تۇغۇلغانىكەن. ئۇنىڭ يۈزىدە «نەبى» لىك نۇرى يېنىپ تۇرغان؛ بېشىنىڭ ئارقىسىدا «نەبى» لىك مۆھرى (پەيغەمبەرلىك ئالامىتى) بولغانىكەن.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئىنىك ئانىسى ھەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تالادا ئويناپ يۈرسە، ئاق كىيىملىك ئىككى كىشى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، يەرگە ياتقۇزغان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنىڭ شەيتان لەئىن ۋەسۋەسە سالغان قىسمىنى — بۇزۇق قېنىنى تازىلاپ ئېلىۋەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جىبرىئىل پەرىشتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرىكىدىكى بۇزۇق قاننى تۆكۈۋېتىپ، يۈرىكىنى ئالتۇن داستا يۇيغاندىن كېيىن، يەنە جايغا سېلىپ قويغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ چاغدا تۆت ياشتا بولۇپ، ئۆزى بۇنى زادى سەزمىگەن، ئىمىش. ئىسلام ۋەقەشۇناسلىرى

---

① مۇھەممەد خوزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 10 ـ بەت.

بۇنى «شەققى سەدىر» يەنى «كۆكرەكنى يېرىش» ۋەقەسى دەپ ئاتىغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆسمۈرلۈك چېغىدىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ـ دانا ئىكەن. توققۇز ياشلىق ۋاقتىدا ئاقىل ـ دانالىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتىكەن. ئۇ ئالدىغا قارا تۇرغاندىمۇ كەينىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىكەن. ئىسسىق كۈنلەردە بىر پارچە ئاق بولۇت دايىم ئۇنىڭ بېشىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بېرەتتىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى، مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇراق ناملىق تۇلپارغا مىنىپ، جېبىرئىل پەرىشتە بىلەن بىللە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسچىدىل ئەقساغا ساياھەت قىلغانىكەن. ئۇ يەردىن ئەرشئالاغا ـ مىئراجغا چىقىپ، ئاللاغا يېقىن بولغان، ئاللا ئۇنىڭغا 99 مىڭ سۆز ئېيتقان ۋە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانىكەن.

دۇنيادىكى ھەر قانداق دىن مۇقەررەر تارىخىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي ماكان ۋە مۇئەييەن تارىخىي زاماندا مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئاللانىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ ھىجازدىكى كۆچمەن ئەرەب بەدەۋىلىرى ۋە مەككە شەھەر ئاھالىسى ھاياتىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي بوھران، ۋە تۈرلۈك كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئىسلامىيەتنىڭ مەككىدە پەيدا بولۇشىمۇ بۇ شەھەردە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. بۇ ھادىسىلەر مەككە شەھەر

كەمبەغەللىرىنىڭ ۋە ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ قۇرەيش چوڭلىرىغا نىسبەتەن تۈرلۈك قارشىلىقلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىدى. چۈنكى، قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ زۇلمىدىن پەقەت ئۇششاق سودىگەرلەر زىيان تارتاتتى. كارۋان سودىسىدىن كىرىدىغان پايدىنى تەقسىم قىلغاندا، قۇرەيش چوڭلىرى ئۇلارغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قىسىپ قېلىپ بەرمەيتتى. سۈتخورلارمۇ ئۆزلىرى بەرگەن قەرزلەرنى قايتۇرۇۋالغاندا، ئۇلاردىن ھەسسىلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋالاتتى. شۇڭا، ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دىكى مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىمۇ تارازىدىن ۋە ئۆلچەمدىن ئۇرىدىغان پاسىق بايلارنى، كاززاپ سۈتخورلارنى قارىلايدىغان مەنا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھىجازدىكى شەھەر ھاياتىنىڭ، سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن مەككە ۋە تائىفتىكى سودا ئىگىلىكى، مەدىنىدىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئەرەب بەدەۋىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈملەر ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىدى. شۇڭا، قەدىمكى ئىسلامىيەت بىر تەرەپتىن مەككىدىكى سودىگەرلەر تەبىقىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدىنىدىكى ناتۇرال يېزا جامائە ئىگىلىكى بىلەن ئەرەب بەدەۋىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىپتىدائىي خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى.

ئەسلىدە ئەرەب بەدەۋىلىرى چوقۇنىدىغان مەجۇسىيلىك (بۇتپەرەسلىك) ئەمدى شەھەر خەلقىنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ كۆچمەن ئەرەب بەدەۋىلىرىمۇ يېڭى ئىدىيىگە موھتاج ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق يېڭى ئىدىيە زېمىن

كېڭەيمىچىلىكى ئارقىلىق مەۋجۇد بوھراننى ھەل قىلالايدىغان مەلۇم بىر خىل قائىدە - ئىنتىزامنى تۈزۈشكە ئاساس بولالايدىغان ئىدىيە بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دېگەن كىتابتا: «ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى شەھەرگە مۇۋاپىقتۇر. يەنى ئۇلارغا بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر شەھەردە ياكى بىر ماكاندا جەم بولۇپ ئولتۇرماي ئىلاج يوق. لېكىن ھەقتائالا ئۇلارنىڭ مىجەزلىرىنى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان قىلىپ ياراتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەئىشەتلىرى ئىنتىزام تېپىپ، پاساد ۋە خاتالاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن بىر قائىدە كېرەك بولىدۇ. بۇ قائىدە - شەرىئەتتۇر. ئۇنىڭ ئاساسىنى ھەق ۋە پاك تەڭرى ياراتقان بولۇپ، ئۇنى زوھۇرغا كەلتۈرۈپ ئاشكارا قىلغۇچى پەيغەمبەر، دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.

ھىجازدىكى مەككىدە تۇغۇلۇپ، مەككىدە ياشىغان ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ باشقا جايلىرىغا بارغان مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا مەنپەئەتى تۈپەيلىدىن تۇغۇلىدىغان ئۆز - ئارا دۈشمەنلىكنى تۈگىتىش، قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئورتاق مەنپەئەت يولىدا بىرلىكتە كۆرەش قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئەرەبلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قەبىلە - ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىغا قەبىلە - ئۇرۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يېپيېڭى بىر خىل تۈزۈمنى - مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈمنى يەنى، ئىسلامىيەتنى دەسسەتتى. بۇ يېپيېڭى ئىسلامىيەت تۈزۈمى ھېچ بىر ئىستىسناسىز ھالدا پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى، قول - ھەقىرلەرنى، كۆچمەن بەدەۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلىپ چىققان يېپيېڭى ئىسلامىيەت تۈزۈمى كىشىلەرنى ئەمدى ئىلگىرىكىدەك قەبىلە -

ئۇرۇققا ياكى مەرتىۋە ـ مۆلۈككە قاراپ ئەمەس، بەلكى دىنغا قاراپ ئايرىيدىغان بولدى. دېمەك، ئىسلام دىنى: «ئەرەبلەرنىڭ ئويغانغان مىللىي ئېڭىنىڭ ئىپادىسى ۋە نەتىجىسى ئىدى.»① .

شۇڭا، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا يەردە ئەمەس، بەلكى قاقاس ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى ھىجازدا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنسەك، ئۇ ھالدا، يەھۇدىي دىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاقاس سىناي يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغانلىقىنىڭ ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاقاس پەلەستىندە پەيدا بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەنگەن بولىمىز.

ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، بەيتۇل ھەرەم ـ ئەرەبچە: «ئۇرۇش ـ تالاش، جېدەل ـ ماجىرا قىلىش مەنئىي قىلىنغان ئورۇن» دېگەنلىك بولىدىكەن؛ كەڭ مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەيتۇل ھەرەم — مەككىنى، مەككىدىكى پۈتۈن مەسچىدى ھەرەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆرسەتسە؛ تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەيتۇل ھەرەم مەسچىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدىكى سەينانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «كەئبە» دەپ ئاتىلىدىغان بەيتۇللانى كۆرسىتىكەن.

نوپۇزلۇق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «كەئبە» — ئەرەبچىدىكى «مۇكەئئەب» سۆزىنىڭ تۈرلەنگەن ۋارىيانتى «كۇئۇب» دېگەن سۆزدىن كەلگەنىكەن.

كەئبە ـ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى ئون ئىككى مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر ئاتمىش سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئون بەش مېتىر بولغان، تاملىرى جىگە رەڭ قارا تاشتىن تەكشى

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 21 ـ توم، 495 ـ بەت.

قوپۇرۇلغان تۆت تەرەپ، تۆت بۇرجەكلىك ئېگىز بىر بىنا ئىكەن. بۇ تۆت بۇرجەكنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتىكىسى — «ئىراق بۇرجىكى»، غەربىي ـ جەنۇب تەرەپتىكىسى — «سۇرىيە بۇرجىكى»، شەرقىي ـ جەنۇب تەرەپتىكىسى — «يەمەن بۇرجىكى» دېيىلىدىكەن. شەرقىي شىمال بۇرجىكى — «ھەجەرۇل ئەسۋەد» بۇرجىكى بولۇپ، بۇ بۇرجەكنىڭ يەردىن بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىسمىغا كۈمۈش رامكا بىلەن چەمبەرلەنگەن بىر قارا تاش ـ «ھەجەرۇل ئەسۋەد» ئورنىتىلغانلىقتىن، شۇنداق دەپ ئاتالغانىكەن. «ھەجەرۇل ئەسۋەد» ئورنىتىلغان ئورۇن كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدىكەن. تاۋاپچىلار ھەر قېتىم كەئبىنى ئايلىنىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، «ھەجەرۇل ئەسۋەد» نى سىيلاپ سۆيۈشىدىكەن. شۇڭا ئىنتايىن سىلىقلىشىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ كەئبىنى مۇشۇ يەردىن باشلاپ سول قولۇمنى بېسىپ يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدىم، كەئبىنى ئايلىنىپ تۆتىنچى قېتىمغا كەلگەندىلا، ئاندىن «ھەجەرۇل ئەسۋەد» نى سىيلاشقا مۇشەررەپ بولالىدىم.

كەئبىنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ يەردىن 1.50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىسمىدا ئىككى قانىتى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئۈچ مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە، ئىككى مېتىر كەڭلىكتە بىر ئالتۇن ئىشىكى بار ئىكەن. ئالتۇن ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەينەك جاۋەن ئىچىدە «مەقامە ئىبراھىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاش بار ئىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلغاندا، كەئبىنىڭ تاش تېمىنى مۇشۇ تاشقا دەسسەپ تۇرۇپ قوپۇرغانىكەن. كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ مۇشۇ «مەقامى ئىبراھىم» غا كەلگەندە ئىككى رەكئەت نەفلى ناماز ئوقۇلىدىكەن. كەئبىنىڭ غەربىي تېمىنىڭ كەينىدە ئېگىزلىكى

بىر مېتىر كېلىدىغان يېرىم ھالقا شەكىلدىكى بىر پاكار تام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوش جاي «ھەتىم» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەر ئەسلىدە كەئبىنىڭ ئىچىدىكى يەر بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر كەئبىنى قايتا ياساتقاندا، كىشىلەرنىڭ پۇتىنىسىدىن قورقۇپ، بۇ يەرنى كەئبىدىن ئايرىپ ياساتقان ئىكەن. «ھەتىم» گەرچە كەئبىدىن ئايرىپ ياسالغان بولسىمۇ، شەرىئەت ھۆكۈمىدە يەنىلا كەئبىگە ھېساب بولىدىكەن.

كەئبىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇب تەرىپىدە مۇقەددەس زەمزەم قۇدۇقى بار ئىكەن. مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە بۇ يەردە زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ، ئاللادىن ماڭا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىشنى تىلىدىم.

مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ ۋە زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، سەئيە سەفا قىلىش ئۈچۈن سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم.

سەفا ـ مەرۋى تېغى ـ كەئبىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى 500 مېتىر كېلىدىغان ئىككى پاكار تاغ ئىكەن. مەن سەفا تېغى ئۈستىدە تۇرۇپ كەئبە تەرەپكە قاراپ سالام قىلغاندىن كېيىن سەئيە قىلىش ئۈچۈن مەرۋى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. يەتتە قېتىمدا جەمئىي 3500 مېتىر مېڭىپ، چېچىمنى كېسىپ، ئىرناق ئالدۇرۇپ ئۆمرە ھەج تاۋاپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پائالىيىتىنى مەرۋى تېغىدا ئاخىرلاشتۇردۇم ۋە ئادىل قۇربان قەشقەرى بىلەن بىللە مەسچىدى ھەرەمدىن قايتىپ چىقتۇق...

ئاخشىمى ئادىل قۇربان قەشقەرى بىلەن ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا كەئبە، زەمزەم بۇلىقى، مەرۋى ـ سەفا تېغى ھەققىدە نۇرغۇن ئاجايىپ قىزىقارلىق گۈزەل رىۋايەتلەرنى

سۆزلەپ بەردى:

رىۋايەتلەردىن قارىغاندا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتا تۇغۇلغان ۋە ئۆسكەنىكەن. ئۇنىڭ دادىسى مەجۇسى بولۇپ، ياغاچتىن بۇت ياساپ ساتىدىغان ياغاچچى ئىكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەجۇسسىيلىككە ئىنتايىن ئۆچ كىشى بولغانلىقتىن، مەجۇسىيلەر بۇتخانىسىغا كىرىپ، پۈتۈن بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ، ئايالى سارە بىلەن پەلەستىنگە قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ يەردىن يەنە مىسىرگە بېرىپ، ھەجەر ئىسىملىك بىر قولنى چۆرىلىككە ئاپتو. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە دېگەن ئايالى تۇغماس ئىكەن. ھەجەر ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئىسمايىل» دەپ ئات قويۇپتۇ.

سارەنىڭ كۈندەشلىكى قاتتىق بىر ئايال ئىكەن. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قىستاپ، ھەجەر بىلەن بالىسى ئىسمائىلنى مىسىردىن قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ھىجازغا ئاپىرىۋېتىسەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نائىلاج، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەجەر بىلەن ئىسمايىل ئانا ـ بالا ئىككىسىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ھىجازدىكى مەككە جىلغىسىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، بىر چەللە ـ باراڭ ياساپ، ئۇلارنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا مەككىدىكى ھازىرقى بەيتۇللانىڭ ئورنىدا كىچىك قىزىل تاشلىق بىر دۆڭ بار ئىكەن.

ئۇزاققا بارماي، ھەجەر بىلەن ئوغلى ئىسمايىلنىڭ يەيدىغىنى بىلەن ئىچىدىغىنى تۈگەپ ئاچ قاپتۇ. چاڭقاپ ئۇسساشقا باشلاپتۇ. ھەجەر بالىسىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، سۇ ئىزدەپ سەفا بىلەن مەرۋى دېگەن ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم چېپىپ بېرىپ كېلىپ، ئاخىر سۇنى تاپالماي، بالىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ

كەلسە، ئىسمائىل تېپچەكلەپ ياتقان يېرىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقىدەك. بالىسىنىڭ سۇغا چىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن ھەجەر ئىختىيارسىز: «زەمزەم! زەمزەم!» دەپ ۋارقىرىۋەتكەنىنى تۇيماي قاپتۇ. «زەمزەم» ئەرەبچىدە: «توختا، بولدى قىل!» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىكەن. شۇڭا، ھېلىقى بۇلاق كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇمۇ دەرھال پەسلەپ، ھازىرقىدەك بىر خىل تەرزدە چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھاجىلارنىڭ ھەج ۋاقتىدا سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ سەئىيە قىلىشى ۋە «زەمزەم» بۇلىقىنىڭ سۈيىنى ئىچىشى ئاشۇ چاغدىن ئۇدۇم قالغان ئىش ئىكەن.

ھەجەر بىلەن ئىسمائىل ئانا ـ بالا ئىككىسى «زەمزەم» بۇلىقىنىڭ يېنىنى ماكان تۇتۇپ شۇ يەردە ياشاشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، ئەرەبلەرنىڭ جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى قاقاس مەككە جىلغىسىدا سۇ پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، «زەمزەم» بۇلىقىنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ ۋە ھەجەردىن ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى سوراپتۇ. ئۇلار بىلەن ياشاشقا باشلاپتۇ. ئىسمائىل چوڭ بولۇپ، جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىرسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاللا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە ئوغلى ئىسمائىلنى كۆرۈش ئىستىكىنى سېلىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ بەك قېرىپ كېتىپتىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خوتۇنى ھەجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى تاشلىۋەتكەن مەككە جىلغىسىغا كېلىپتۇ. بۇ چاغدا خوتۇنى ھەجەر ئاللىقاچان ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن. ئوغلى ئىسمائىل ئۆيدە يوق ئىكەن. بۇۋاينىڭ ئالدىغا ياش بىر كېلىنچەك چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. قارىسا، بۇ كېلىنچەك ئوغلى ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى ئىكەن. قېيىن ئاتا بىلەن كېلىن تونۇشۇپتۇ. كېلىن قېيىن ئاتىسىنى قىزغىن مېھمان قىلىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەتمەكچى

بولۇپ تالاغا چىقىپتۇ. ئۇ ئېتىغا مىنمەكچى بولۇپ، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويۇپتىكەن، پۇتى يەتمەپتۇ. كېلىنى ئۆيدىن بىر تاشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قېيىن ئاتىسىنىڭ پۇتىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنى قويۇپ بەرگەن ھېلىقى تاشقا دەسسەپ ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى تاشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى قاپتۇ. بۇ تاش كېيىنكى چاغلاردا «مەقامە ئىبراھىم» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

قىرىق كېتىپ قاراقسىز قالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپتۇ ۋە مۇشۇ مەككە جىلغىسىدىكى «زەمزەم» بۇلىقى يېنىدا ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بىللە ياشاشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاللادىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەئبىنى بىنا قىلىش ھەققىدە ۋەھيي كېلىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەئبىنىڭ ھۇلىغا تاش بېسىپ، كەئبىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇشقا باشلاپتۇ. تاش تام ئىگىزلەپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويى يەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئوغلى ھېلىقى «مەقامە ئىبراھىم» دەپ ئاتالغان تاشنى دادىسىنىڭ پۇتىغا قويۇپ بېرىپتۇ.

كەئبىنىڭ تېمى پۈتەي، دەپ قالغاندا، بىر تاش كەملەپ قاپتۇ. بۇ چاغدا مەشرىق تەرەپتىكى ئاسماندىن تەرەپ ـ تەرەپكە نۇر چېچىپ زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىب، ئىراق ـ شام تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بىر دانە ئاسمان تېشى يەرگە چۈشۈپ، بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىككە كەلگەندە، داۋاملىق چۈشۈشتىن توختاپ، بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ تاش كېيىنكى چاغلاردا «تاش مۇئەللەق» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۇ قىزغۇچ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، يۈزىدە ساغۇچ چىپار سىزىقچىلار بار قارا رەڭلىك سىلىق بىر تۇتاش ئىكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمايىل

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزىزلىشىگە مۇيەسسەر بولغان ھەمدە كېيىنكى چاغلاردىن تا ھازىرغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بۇ مۇقەددەس كەئبە ياكى بەيتۇللا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس سەجدىگاھى بولغانلىقتىن، كەئبىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى كۈمۈش رامكا بىلەن چەمبەرلەنگەن قارا تاش - «ھەجەرۇل ئەسۋەد» كەئبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار تۇنجى قەدىمىنى باسىدىغان باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئادىل قۇربان قەشقەرى كەئبە، زەمزەم بۇلىقى، سەفا تېغى بىلەن مەرۋى تېغى، ھەجەرۇل ئەسۋەد ھەققىدىكى بۇ ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

— ئىسلامىيەت ھەر قانداق مەجۇسىيلىككە قارشى تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، — شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ «ھەجەرۇل ئەسۋەد» كە چوقۇنۇشىدەك مەجۇسىيلىك ساقتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بۇ قارا تاش ئالدىدا تۇرۇپ: «ماڭا ئايان، سەن زىيىنىڭمۇ، پايداڭمۇ يوق بىر پارچە تاشتۇرسەن» دېگەن، ئاندىن قارا تاشنى سۆيگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ قارا تاشقا ئەسلا چوقۇنمايدىغانلىقىنى، ئۇنى پەقەت ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىشىغا نىشان سۈپىتىدىلا ئەزىزلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى ھەج - تاۋاب قىلغاندا، «ھەجرۇل ئەسۋەد» گە يېقىن تۇرۇپ: «سېنىڭ كىشىلەرنى بالايىئاپەتكىمۇ دۇچار قىلمايدىغان، كىشىلەرگە سائادەتمۇ بەخش ئەتمەيدىغان بىر پارچە تاش ئىكەنلىكىڭ ماڭا ئايان. ئەگەر ئاللانىڭ رەسۇلىنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى سۆيمەس ئىدىم» دېگەن. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلغان. شۇڭا، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشى، ئۇنى

قوللىرى بىلەن سىيلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقى بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىدىندۇر. ئۇلار شۇ يول ئارقىلىق رەسۇلىللا بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، رەسۇلىللا بولسا، «ھەجەرۇل ئەسۋەد» نى ئۆزى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۇتاشتۇرىدىغان، ۋاستە دەپ بىلگەنلىكتىن، شۇنداق قىلغان..[1]

ئادىل قۇربان قەشقەرى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سۆزىنى توختاتتى ۋە سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— بۇگۈن گېپىمىز مۇشۇ يەرگىچىلىك بولسۇن. قالغان گەپنى ئەتە دېيىشسەك قانداق؟ — دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ خانىلىرىغا كىرىپ كەتتۇق . . .

① يوقىرىقىلار ئۈچۈن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

## ئىسلامىيەتنىڭ تۈپ روھى نېمە؟

بۈگۈن مەن خۇپتەندىن كېيىن ئادىل قۇربان قەشقەرى بىلەن مەسچىدى ھەرەمدە تەھەججۇد نامىزىغا داخىل بولدۇم.

ئۇ يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇقراق كەلگەن، ئەمما سالاپەتلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق كالتە قارا ساقىلىنىڭ ئارىسىغا ئانچە — مۇنچە ئاق سانجىغان بولۇپ، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىملىك، ھوشيار ۋە زېرەك بىر زىيالىي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بېشىغا سالغان ئەرەپچە ئاق ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇلغان قارا ئىقالى، ئۈچىسىدىكى تاكى پۇتىنىڭ ئوشۇقىغا قەدەر يېپىپ تۇرىدىغان ئەرەپچە ئۇزۇن ئاق رىداسى ئۇنىڭ بويىغا ئاجايىپ ياراشقانىدى. پۇتىدا ئەرەپچە ئېسىل بولغارىي ساپما كەش بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە ئانچە كۆپ توختالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئارىمىزدا بولۇنغان گەپ — سۆزلەردىن ئۇنىڭ ئاتا بوۋىسىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بولسا مەككىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ ھىندىستاندىكى بومبېي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنىكەن، كېيىن يەنە مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپتۇ. ئاندىن سەئۇدىغا قايتىپ كېلىپ مەككىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇزۇن يىل ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپتۇ. ھازىر ئاشۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئۇنىڭ تىلغا ۋە ئىسلامىيەتكە ئائىت تەتقىقاتتا ئۆزىگە خاس يېڭىچە كۆز — قاراشلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسلامىيەتكە، ئىلىم — پەن يېڭىلىقلىرىغا ئائىت بىلىملەردە ۋە ئېقىم مەسىلىلىرىدە بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئەرەبلەر ئوقۇتقۇچىنى «ئۇستاز» دەپ ھۆرمەتلەيدىكەن، مەنمۇ ئەرەبلەرنىڭ شۇ ئادىتى بويىچە ئۇنى «ئۇستاز» دەپ ئاتىدىم.

بۈگۈن مەككىنىڭ ھاۋاسى بىردىنلا ئىسسىپ كەتتى. شۇڭا، بىز سىرتتىكى ئىسسىقتىن قېچىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقمىدۇق، ئۆزىمىز قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردۇق.

سۆھبەت داۋامىدا، مەن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت ۋە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىدىن ھازىرقى زامان ئىسلام زىيالىيلىرىنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى بىلەن ئىلىم — پەن بىر بىرىنى چەتكە قاقماستىن بەلكى بىر بىرىنى شەرت قىلىشىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئۇ سۆھبىتىمىزنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېدى:

— ئىسلامىيەت ـ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرنىڭ باتىل ئېتىقادىنى، يامان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، تۇرلۇك بۇزۇق ئەخلاقى خۇلقلىرىنى ۋە ئىلىم ـ پەنگە قارشى تۇرىدىغان جاھالەتلىكلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىش يولىدا بىر ئۆمۈر كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى!

— سىز بۇ يەردە نېمىنى كۆزدە تۇتماقچىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن، چۈشەنچەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئىسلامىيەت، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىق مەۋجۇدات ۋە كائىنات مۆجىزاتلىرىنى كۆزىتىش جەريانىدا بايقىغان توغرا قانۇنىيەتلەرنى ۋە بۇ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىلىم — پەن نەتىجىلىرىنى ھەرگىز رەت قىلغان ئەمەس. بەلكى، بۇ ئىلىم — پەن نەتىجىلىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ نەزەرىدىمۇ مەقبۇلدۇر. شۇڭا، ئەينى زامانىدىكى ئىسلام ئۆممەتلىرى باشقا خەلق، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان توغرا ئىلىم ـ مەرىپەتنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شىرىفكە ئۇيغۇن، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بولسا، شۇنى ئىسلامىي ئىلىم ـ مەرىپەتتىن، دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆگەندى ۋە كەڭ تەرغىبات ـ تەبلىغ قىلىپ ئۆگەتتى. ھەم ئىسلامىيەتكە مۇۋاپىق ئەمەس ۋە ئىنسانىيەتكىمۇ مۇۋاپىق كەلمىگەن خۇراپاتلىقنى ئىسلامىي مەرىپەت قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. شۇڭا، سېھىرگەرلىك، پالچىلىق ۋە قۇرئەندازلىق قاتارلىق تۈرلۈك بولمىغۇر ئىشلارنى ئىسلامىيەتمۇ ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلامىي ھاياتنىڭ ئوزۇقى بولغان «قۇرئان كەرىم» دە تەرغىپ قىلىنغان، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىلىم ـ مەرىپەتلا مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولالايدۇ!

ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى، مېنىڭ بۇ سۆزۈم توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ بۇ ھەقتىكى خىيالىمنى بىلمەكچى بولۇپ.

— ئۇستاز، ناھايىتى توغرا، ناھايىتى ئىبرەتلىك سۆزلىرىڭىز! — دەپ ماقۇللىدىم ئۇنىڭ سۆزىنى، — ئىراق، ئىمام بۇخارى، مۇسلىملار ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس شەرىفتە: «ئاللاتائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن تارتىپلا ئېلىۋالمايدۇ. لېكىن (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) ئىلىم ساھىبلىرىنى ئېلىپ كېتىش يولى بىلەن ئېلىۋالىدۇ. ئىلىم ساھىبلىرى قالمىغاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىگە

جاھىللارنى باش قىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ جاھىللار سوئال سورالغاندا، ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» دېيىلگەن. جانابىي ئۇستاز، مەرھەممەت قىلىپ ئېيتىپ بېقىڭچۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە قىلغان «ئاللاتائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن تارتىپلا ئېلىۋالمايدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن «ئۆزلىرىگە جاھىللارنى باش قىلىۋالىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزىدە نېمىلەرنى كۆزدە تۇتقاندۇ؟

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى قىلغاندا، — دېدى ئادىل قۇربان قەشقەرى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئاللاتائالا ئىلىم - مەرىپەتنى ۋە ئىلىم، ئەھلىلىرىنى قەدىرلىمىگەن مىللەتنى خار - زەبۇنلۇقتا ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ جازالىماقچى بولغاندا، ئۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ئىلىملىرىنى ئېلىۋېلىش يولى بىلەن ئۇلارنى جاھىل، بىلىمسىز قىلىپ تاشلاپ قويماستىن، بەلكى شۇ ئىلىم ساھىبلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى خار - زەبۇنلۇقتا ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ جازالايدىغانلىقتىن، بۇ مىللەت جاھىل، نادان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە يولباشچى، قازى - قۇززات، مۆپتى - شەيخ، ئىمام - رەئىس قىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ھالبۇكى، بۇ قارا قورساق جاھىل، نادان كىشىلەر ئىش باشقۇرسا، مەيلى شەرىئەت ئەھكاملىرى بولسۇن ياكى جەمئىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر بولسۇن، ھېچبىرىنى توغرا، مۇۋاپىق ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەت پەيدىنپەي ئۆز ئىچىدىن چىرىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.

— شۇنداق، بۇ ھەدىستە ئىسلامىيەتنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى ياقلايدىغان، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋە يېڭىلىققا

ئىنتىلىدىغان روھى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ.

— دېمەك، ئىسلامىيەتنىڭ پىكىر ـ تەپەككۇرلىرى ۋە پۈتۈن ئىش ـ ھەركەتلىرىنىڭ مىزانى بولغان «قۇرئان كەرىم»، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىلىم ـ مەرىپەت، پەن ـ مائارىپنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مۇقەددەس كىتاب بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىيەت، تەبىئەت، كائىنات، ئاسمان ـ جىسىملىرى، زېمىن ھېكمەتلىرى توغرىسىدا ئىنسانلارغا نۇرغۇن ئىلىمدىن تەلىم بېرىلگەن. مىڭ يىلدىن بېرى، ئالىملار تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە توختىماستىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم»نى تۆۋەندىكىدەك 18 چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: تارىخ؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام؛ «ئىسرائىل» قىسسەسى؛ «تەۋرات»؛ «ئىنجىل»؛ كائىنات — تەبىئەت؛ ئاللانىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى تەلىمات؛ «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى تەلىمات؛ ئىسلامىيەت ھەققىدىكى تەلىمات؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ھەققىدىكى تەلىماتلار؛ تۈرلۈك مۇراسىملار ھەققىدىكى تەلىماتلار؛ ئىسلامىيەت ئەھكاملىرى؛ ئىجتىمائىي تۈزۈم؛ ئىلىم ـ مەرىپەت؛ سودا ـ سېتىق؛ ئەخلاق پەزىلەت؛ يامان ئىش ـ ئەمەللەر؛ ماددى پائالىيەت. بۇ 18 چوڭ تۈرنى يەنە 350 كىچىك تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. «قۇرئان كەرىم» 114 سۈرە، 6666ئايەت، 336 مىڭ سۆزدىن تەركىب تاپقان. «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى ئالىملار تەرىپىدىن «ئوتتۇز پارە» دەپ ئاتالغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەدىنە نۇسخىسىدا 6000 ئايەت، كۇفە، ھىندى ۋە باشقا نۇسخىلىرىدا 6236 ئايەت بار. ھازىر كۇفەچىلىك قوبۇل قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلىۋاتقان نۇسخىلىرىدا بولسا 6225 ئايەت بار. «قۇرئان كەرىم» سەجئى ئۇسۇلى (قاپىيىلىك پروزا

ئۇسۇلى) بىلەن يېزىلغان. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ دەسلەپتە مەككىدە نازىل بولغان «مەككە سۇرىلىرى» دە قوللىنىلغان بۇنداق سەجئى ئۇسۇلىنى ئىسلامىيەتتىن 150 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئەرەب ناتىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەسىدىلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» باشتىن — ئاياغ بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هايات ۋاقتىدا، نۇرغۇن ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۈرە، ئايەتلىرىنى يادقا بىلەتتى. بىراق، شۇ چاغلاردا سۈرە، ئايەتلەر تارقاق بولۇپ يىغىپ رەتلەنمىگەنىدى. ھىجرىيە 28 — يىلى (مىلادى 650 — يىلى) ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىئاللاھۇ ئەنھۇ زامانىسىدا ھەممە ئۈچۈن مەجبۇرى بولغان «ئەھكامى ئىلاھىيە» سۈپىتىدە بىر نۇسخە «قۇرئان كەرىم» كۆچۈرۈپ تەييارلانغان. قالغان نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى خەلىپە ئوسمان رەزىئاللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن پەرمان بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ئىراق ۋالىيسى ھەججاج (715 — 660) زامانىسىدا ئەجەملەر ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نىڭ زىرە ـ زەۋەرلەر قويۇلغان نۇسخىسى ئىشلەنگەن.

— ئۇنداق بولسا، ئىسلامىيەتنىڭ تۈپ روھى نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن ئادىل قۇربان قەشقەرىدىن:

— بۇ سوئالنى ناھايىتى ئوبدان سورىدىڭىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتساق، ئىسلامىيەتنىڭ تۈپ روھى ـ ئۆگىنىشتۇر. يەنى ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتلۇ بۆلئىلمە ۋەلەۋ بىسسىين!» دەپ تەلىم بەرگەنىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «جۇڭگودا بولساڭلارمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار!» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ھەر قانداق بىر كىشى ئىرىق، قايسى مىللەتتىن ياكى قايسى جىنس، قايسى تەبىقىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا دۇنيانىڭ قەيىرىدە

ياشىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇسۇلمانلا بولىدىكەن، چوقۇم ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆگىنىشى كېرەك. بىلىم ئېلىشى لازىم. بولمىسا، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا تۇرۇش شەرىپىگە نائىل بولالمايدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە 5000 يىل بولدى. خىرىستىيان دىنىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 2000 يىلدىن ئاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئاران 1400 يىل بولدى. مۇبادا، ئىسلامىيەت ئىلىم ـ مەرىپەتنى ياقلىمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھازىرقىدەك دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۈپ ئېتىقادى بولۇش سۈپىتى بىلەن قالغان بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت ئىككى دۇنياۋى دىن بىلەن تەڭ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىسلامىيەت ئۆز تارىخىدا دۇنيا ئىلىم — پەن خەزىنىسىگە نۇرغۇن ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقان ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ئالىملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھازىرقى تەبىئىي پەن ئاساسىي بولغان ئالگېبرا، خىمىيە، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەر ئەڭ ئاۋۋال ئىسلامىيەت دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، يالغۇز تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىنلا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىي پەن ئالىملىرى دۇنياغا كەلگەنىدى. غەربلىكلەر فارابىنى «ئارىستوتىل سانى»، ئىبنى سىنانى «ئۇستاز» دەپ تا ھازىرغا قەدەر ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

— تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭىز! — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — ئىسلام دىنى ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، بەزى ئادەملەر ئىسلام دىنىنى نادانلىق، خۇراپاتلىق بىلەن بىر ئورۇنغا قويماقچى بولىشىدۇ. ھەتتا ئىسلام دىنى بىلەن

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زىيان سالىدىغان تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقنى بىر قاتاردا قويۇپ ئەيىپلىشىدۇ.
— بۇنداق قاراش ھەرگىز پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، — دېدى ئۇ، — چۈنكى، ئىسلامىيەت دۇنياغا كەلگە تۈنجى كۈنىدىن باشلاپ، ئۆزىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسى دەپ تونۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئىسلامىيەت لۇغەتلىرىدە «قۇرغۇچى» سۆزىنىڭ «بۇزغۇنچى» سۆزىدىن كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار تارىختا بىرەر شەھەرنى پەتھى قىلغاندا، ياكى بىرەر سەھرانى ئاۋات قىلغاندا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ يەرلەردە مەسچىد، مەكتەپ - مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا كىتابخانا، قىرائەتخانىلارنى بىنا قىلغان، زامانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ مەكتەپ - مەدرىسلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېتۈك مۇئەللىم - ئۇستازلارنى، مۇددەرىس - موللىلارنى تەيىنلىگەن. ئۇ زاماندا خەلىپە، پادىشاھ - سۇلتان، ۋەزىر - ۋۇزۇرا، ئەمىر - ئۇمەر بولغان كىشىلەر بىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدىن تاللانغان، ئىلىم - پەندىن خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىلىم - پەن ئەھلىنى، مائارىپنى باشقىلاردىن ئالاھىدە قەدىرلەيتتى. ئالىملارنى ئىمتىھان قىلىپ تۇراتتى، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭشەنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. تارىخ كىتابلىرىدا ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن بولغان خەلىپە مەئمۇن (مىلادى 833 — 813 — يىللىرى تەختتە) نىڭ «جامئۇل كەبىر» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە يۈز تىللا، «جامئۇل سەغىر» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە ئەللىك تىللا، «مۇپەسسىل» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە يۈز تىللا مۇكاپات بەرگەنلىكى يېزىلغان. . .
پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقتىن، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەردە توختىدى. بىز تاھارەت يەڭگۈشلىۋالغاندىن كېيىن، مەسچىدى ھەرەمگە قاراپ ماڭدۇق. . .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى پائالىيىتىمىز ئاساسەن مەسچىدى ھەرەم ئىچىدە بولدى. ئىپتارنى ھەرەم ئىچىدە قىلدۇق. تەرەۋىدىن كېيىن، مەن كەئبىنى ئۈستى تەرەپتىن كۆرۈش ئۈچۈن ئادىل قۇربان قەشقەرىنى ھەرەمنىڭ ئۈستىدىكى ئۈستى ئۈچۈق سەيناغا چىقشنى تەكلىپ قىلدىم.

مەسچىدى ھەرەمنىڭ ئىچىگە ئۈستى تەرەپتىن قارىسا، پۈتۈن ھەرەم ۋە ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەينانىڭ ئىچى تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. بۇ سەينانىڭ چوڭلۇقى ئىككى پۇتبول مەيدانىنىڭ چوڭلۇقىدەك چىقىدىكەن. شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى ئۇنىڭ جەنۇپتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقىدىن سەل ئۇزۇن ئىكەن.

ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، مەسچىدى ھەرەمنىڭ ئۈستىدىكى بۇ يەتتە تەرەپلىك سەينا يەردىن 24 مېتىر، كەئبىدىن توققۇز مېتىر ئېگىز ئىكەن. پۈتۈن مەسچىدى ھەرەمنىڭ كۆلىمى 300 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر مىليون ئادەم بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ناماز ئوقۇيالايدىكەن. ھېيت كۈنى بولسا، ئۈچ مىليون ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن. كەئبە ئۈستىگە يېپىلغان قارا يوپۇق 450 كىلوگرام ساپ يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 658 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. بۇ يىپەك يوپۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا 47 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 95 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتىلگەن 120 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى كۈمۈش يىپ بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى كەشتىلەنگەنىكەن. مەسچىدى ھەرەمنىڭ ھاۋاسىنىڭ ھەر دايىم تازا، يېڭى، سالقىن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ھەرەمنىڭ ھەممە يېرىگە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغاندىن باشقا يەنە، 400 مىڭ دانە چوڭ — كىچىك ئېلېكتىر شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلغانىكەن. ھەج - تاۋاپ مەزگىلىدە شەھەر بويىچە مەخسۇس بىمارلار ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدىغان ئون چوڭ دوختۇرخانا بار ئىكەن. جىددى قۇتقۇزۇش، دۇالاش ئورۇنلىرى شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تەسىس قىلىنغانىكەن. ھەج تاۋاپچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان 100 دىن ئاتۇق جىددى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىدا توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ.

ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلار سەئىيە قىلىدىغان مەرۋى - سەفا تېغى ئارىلىقىغا جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە يىگىرمە مېتىر ئېگىزلىكتە، يىگىرمە بەش مېتىر كەڭلىكتە، بەش يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى قەۋەت قىلىپ بىر ئەينەكلىك كارىدور ياسالغانىكەن. كارىدور ئوتتۇرىدىكى هارۋا يولى ئارقىلىق ئوڭ - سول يۆنىلىشلىك قىلىپ ئىككى بۆلەككە ئايرىۋېتىلىپتۇ. هارۋا يولى مەخسۇس ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلار، مېيىپلار ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، مېتال ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغانىكەن. كارىدور ئىچىگە هاۋا تەڭشىگۈچ، هاۋا ئالماشتۇرۇش، يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلغانىكەن.

مەن ھەرەم مەسچىدىنىڭ ئۈستىدىكى سەينادا تۇرۇپ ھەرەمنىڭ ئىچىگە قارىۋېدىم، كۆز ئالدىمدا تولىمۇ ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرە ئايان بولدى: كەئبە ئەتراپىدا سائەتنىڭ تەتۈر ئايلىنىشى بويىچە كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىۋاتقان سان — ساناقسىز ئادەملەر خۇددى كائىناتتىكى قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقان يەتتە سەييارە ۋە سان — ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك كۆرۈندى. بۇ نېمە دېگەن تەنتەنىلىك كۆرۈنۈش ھە!

سەئۇدى ۋاقتى كېچە سائەت بىر يېرىمدا تەھەججۇد ۋاقتى بولدى. بىز ئۈستى تەرەپتىن ھەرەمنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە چۈشتۇق بۇ چاغدا بوش ئورۇن قالمىغانىكەن. بىز قاتار ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بوش ئورۇن ئىزدەپ يۈرەتتۇق، ئالدىمىزغا بوي - تۇرۇقى ۋىجىك كەلگەن، نۇرانە

چىراي، ساقىلى كۈمۈشتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت ئادەم ئۇچرىدى. ئۇ ھەرەمدىكى مۇنبەرگە قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. كىشىلەر بۇ مويسىپىتكە ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلىشىۋاتاتتى. ئادىل قۇربان قەشقەرى قولىقىمغا: «بۇ زات ئىمام شەيخ ھەمىد ۋاھابى دېگەن كىشى بولىدۇ. ئۇ ھەم ۋاھابىلارنىڭمۇ شەيخى ھەم ھەرەمنىڭمۇ ئىمامى. بۈگۈنكى تەھەججۇدكە مۇشۇ كىشى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ!» دەپ پىچىرلىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم.

ئادىل قۇربان قەشقەرى ئىمام شەيخ ھەمىد ۋاھابىنىڭ قولىنى سۆيگەندىن كېيىن، مېنى ئۇنىڭغا: «بۇ كىشى جۇڭگودىن كەلگەن ئابدۇۋەلى ئەلى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەنمۇ ئادەت بويىچە ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۈم، بۇ چاغدا ئۇ ماڭا: «ئۇتلۇبۇلئىلمە ۋەلەۋ بىسسىين!» دېدى — دە، قولى بىلەن بېشىمنى ئاستا سىلاپ قويغاندىن كېيىن مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى.

ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ دېيىشىچە، ئىمام شەيخ ھەمىد ۋاھابى بۇ يىل 85 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ۋاھابىلارنىڭ ئىمامى ئىكەن. ئۇ تېخى يېقىندىلا قاماقتىن ئازات قىلىنىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم قاماقتا يېتىشى ئىكەن. بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، ئۇ سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى NATO نىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى قوللىغانلىقىغا نارازى بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغانىكەن.

بىز ھەرەمنىڭ ئىچىدە قاتار ئولتۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن بوش ئورۇننى تېپىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن يېقىملىق تەھەججۇد ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئىمام شەيخ ھەمىد ۋاھابىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

## «ۋىدالىشىش نۇتقى» — دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى»

مېنىڭ تەلىپىمگە ئاساسەن، تۆنۈگۈن ئادىل قۇربان قەشقەرى مېنى xxx راباتىنىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى يالغۇز كىشىلىك بىر خانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ يالغۇز ياتاقتا زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا مېنى يوقلاپ راباتقا كېلىپتۇ. ئۇ مىسىرلىق ئەھمەد ئەمىن يازغان «ئىسلامىيەتنىڭ سۈبھى دەۋرى» دېگەن كىتابنى ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالغاچ كەپتۇ.[1] پېشىنگە يەنە تۆت سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بولغاچقا، ئىككىمىز تالاغا چىقماي ياتاقتا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردۇق.

بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز ئىسلامىيەت تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە بولدى.

ئۇ مېنىڭدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج - تاۋاب قىلىشقا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر قاچاندىن باشلانغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتىكى ئەڭ دەسلەپكى تارىخى خاتىرىلەر 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر قارا خانىيلار سۇلالىسى ھەققىدىكى تارىخلاردا يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

---

① ئەھمەد ئەمىننىڭ «ئىسلامىيەتنىڭ سۈبھى دەۋرى» دېگەن كىتابى يېقىندا ئىمىنجان سەيدىن، غوپۇرجان ئابدۇرېھىملار تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇ ماڭا قولىدىكى «ئىسلامىيەتنىڭ سۇبھى دەۋرى» دېگەن كىتابتىكى «تارىخشۇناسلىق پائالىيەتلىرى» دېگەن بۆلۈمدىن «ھەدىستىكى تارىخ» دەپ ئاتالغان ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر ئابزاسنى ئوقۇپ بەردى.

— ئىسلامىيەت ئېتىقاد بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشقا تەڭ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، — دېدى ئۇ بۇ ئابزاسنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — ئىسلامىيەت رېئال تۇرمۇشتىن چەتنەشكە قارشى تۇرىدۇ. مەئىشەت ـ ئائىلىنى تاشلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشكىمۇ قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دۆلەتلىرىدە خىرىستىيانلارنىڭكىدەك مۇناستىرلار يوق. بۇددا دىنىدىكىدەك راھىب ـ راھىبەلەر يوق! بۇ سۆزۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامىيەت ھەققىدە ئېيتقان ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن.

— مەسىلەن؟

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بولسا: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى، دەپ كەلىمە ـ شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت.»[1] بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلار جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇنداق ئۈچ چوڭ پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان: بىرسى، چىن ۋە توغرا ئېتىقادنى تۇرغۇزۇش؛ يەنە بىرسى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مىزانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش يولى.

ئاللاغا، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە

---

① «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1981ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 27 ـ بەت.

ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئېتىقاد قىلىش ـ ئىمان كەلتۈرۈش — ئىسلامىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئەڭ ئالدىنقى ۋە ئەڭ ئاداققى شەرتتۇر. ھەر كۈنى ئوقۇلىدىغان بەش ۋاخ، ئون يەتتە رەكئەت پەرز نامازلىرى بىلەن يىلدا بىر قېتىم تۇتۇلىدىغان ئوتتۇز كۈنلۈك رامىزان روزىسى — مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەپ، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولىدۇر؛ زاكات بېرىش — كەمبەغەل، غېرىپ ـ غۇرۋالار، ناتىۋان ـ مىسكىنلەرنى قۇتقۇزۇش — ھەر بىر مۇسۇلمان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتتۇر.

دېمەك، ئىسلامىيەتنىڭ پرىنسىپلىرى ئۆزىگە تۇشلۇق مۇئەييەن مەزمۇن ۋە مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پرىنسىپلار تارىختىن بۇيان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكەت مىزانى بولۇپ كەلدى. بىراق، ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى دوگما ئەمەس، ئۇ ئۆزىگە تۇشلۇق جانلىقلىققا ئىگە. پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىق — ئىسلامىيەتنى تارىختىن بۇيان توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئالغا باستۇرۇپ كەلگەن ئىككى چاقتۇر. پرىنسىپاللىق — ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغان بولسا، جانلىقلىق ئۇنى ھەر قانداق ماكانغا ۋە ھەر قانداق زامانغا ماسلىشالايدىغان ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈردى.

— شۇنداق، ھازىر دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ياخشى دەلىلىدۇر، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ.

— ھەج پەرزنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىسلام شەرىئىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن مۇناسىپ شەرت ـ

شارائىت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. يەنى، شەرت ـ شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن مۇسۇلمانلار ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلسا، ئاندىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بەش تۈرلۈك ئالدىنقى شەرت بار. ئۇلار: بىرىنچىدىن، ھەج قىلغۇچى جەزمەن ياش ـ قۇرامىغا يەتكەن بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ساغلام بولغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ئايال كىشى بولسا جەزمەن ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى قانداش تۇغقىنىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان بولۇشى؛ تۆتىنچىدىن، يول راۋان بولغان بولۇشى؛ بەشىنچىدىن، ئىقتىسادى ئەھۋالى يار بەرگەن بولۇشى كېرەك. بۇ بەش ئالدىنقى شەرتتىن بىرەرى ھازىرلانمىسا، ئۇنداق ئادەمگە ھەج پەرز بولمايدۇ. دېمەك، بۇ شەرتلەردىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، ئىسلامىيەتتىكى ھەج قىلىش پەرزىنىڭ پرىنسىپاللىقى بىلەن جانلىقلىقى ئۆز ـ ئارا ماسلاشقان بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئۆز ـ ئارا تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئۆز ئارا شەرت قىلىدۇ. ھەمدە بۇ شەرتلەردە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان.

— ھەج قىلىش ـ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى ھېسابلىنىدۇ، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — بىراق، ھەممىلا مۇسۇلماننىڭ بۇنداق ئارزۇ ـ ئارمىنىنىڭ ئىشقا ئاشالىشى مۇمكىن ئەمەس!

— شۇنداق، — دېدى ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ماقۇللاپ، — مەككە بىلەن مەدىنە — دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇلۇغ، شانلىق، مۇقەددەس تاۋابگاھى. مەدىنىدە ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسى جايلاشقان مەسچىدى نەبەۋى بار؛ مەككىدە مۇقەددەس كەئبە — مەسچىدى ھەرەم (بەيتۇللا) بار. «قۇرئان كەرىم» دە: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي

(بەيتۇللا) مەككىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.»① «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.»② دېگەن ئايەت نازىل بولغان. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغان «قادىر بولالىغان» دېگەن شەرتنى ھەممىلا مۇسۇلمان ھازىرلاپ كېتەلمەيدۇ. مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ جانلىقلىقىنىڭ ئەڭ ئاددى ئىسپاتىدۇر.

ھەجنىڭ قانداق پەرز بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئىسلامىيەت تارىخچىلىرىنىڭ دەلىللىشىدىن قارىغاندا، ھىجرىيە 10 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 25 - كۈنى (مىلادى 632 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى كەئبىنى ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن 100 مىڭ مۇسۇلماننى باشلاپ مەدىنىدىن يولغا چىققانىكەن. ئۇلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8 - كۈنى (مىلادى 632 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) مەككىنىڭ قېشىدىكى مىناغا كېلىپ چۈشكەن. ئەتىسى ئەرافات تېغىغا چىققان.

ھىجرىيە 10 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى (مىلادى 632 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ۋىدالىشىش نۇتقى» نى ئېلان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشىدەك باب - باراۋەر.» «ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلەر بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار بىر ئادەم ئاتا، بىر ھاۋا ئانىدىن ئاپرىدە بولغان. ئۆز ئارا تونۇشۇپ، دوست - ئىتتىپاق ئۆتۈش ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن ۋە ئۇرۇق - قەبىلە قىلغان. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىم ئەڭ تەقۋادار بولسا، شۇ ئادەم ئاللانىڭ نەزەرىدە

---

① ② «قۇرئان كەرىم» 3 - سۈرە: «ئال ئىمران»، 96-، 97- ئايەتلەر.

ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا ئەرەب بولغانلىرىڭلار غەيرى ئەرەب بولغانلاردىن ئەۋزەل ئەمەستۇر؛ غەيرى ئەرەب بولغانلارمۇ ئەرەب بولغانلاردىن ئەۋزەل ئەمەستۇر؛ قارا تەنلىك بولغانلارمۇ ئاق تەنلىك بولغانلاردىن ئەۋزەل ئەمەستۇر؛ ئاق تەنلىك بولغانلارمۇ قارا تەنلىك بولغانلاردىن ئەۋزەل ئەمەستۇر!» «ئى خالايىق! تاكى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارغىنىڭلارغا قەدەر، بىر - بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە شۆھرىتىگە نام - شەرىپىڭلارغا دەخلى - تەرۇز قىلىش خۇددى مۇشۇ ئاينىڭ، مۇشۇ كۈننىڭ، مۇشۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىققا ئوخشاش ھارامدۇر!» «ئى خالايىق! مۆمىنلەر بىر - بىرىگە قېرىنداش، قېرىندىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىگەن مېلى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس.» «ئى خالايىق! سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارىسىلەر، بەلكى، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىڭلاردىن ھېسابلاپ بېرىسىلەر!» ...

ئادىل قۇربان قەشقەرى بۇ چاغدا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى:

— مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىلادى 632 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىنادا سۆزلىگەن بۇ مەشھۇر «ۋىدالىشىش نۇتقى» دا ئىنسانلارنىڭ باب - باراۋەر ئىكەنلىكى ۋە مال - مۈلۈكىنىڭ دەخلى - تەرۇزسىز ئىكەنلىكىدەك ئاددى ئەمما يۈكسەك بىر ھەقىقەت دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا، بىز ئۇنى دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» دەيمىز! ...

ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر غەربلىكلەر تەرىپىدىن ھەدەپ «تۇنجى كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» دەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان فرانسىيە

بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىسى بولغان «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» (ئەسلىسى: «كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى خىتابنامىسى») 1789 - يىلى فرانسىيە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش پارلامېنتى تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدا: «ئەركىنلىك، جۇملىدىن پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى، مال - مۈلۈك، (جىسمانى) بىخەتەرلىك ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش — تەڭرى ئاتا قىلغان، تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇقى» ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بىراق، فرانسىيە پارلامېنتى مىلادى 1789 - يىلى ماقۇللىغان بۇ «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» ئىسلامىيەتنىڭ داھىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادى 632 - يىلى ئېلان قىلغان «ۋىدالىشىش نۇتقى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» دىن ساقمۇ - ساق 1157 يىل كېيىن ئېلان قىلىنغان!

دېمەك، ئىسلامىيەت بەرپا بولغان تۇنجى كۈنىدىن تارتىپلا دىنى ئېتىقاد بىلەن كىشىلىك ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئوخشاشلا مۇھىم ساناپ كەلدى ۋە بۇ خىل روھنى كونكرېت مەزمۇنلار بىلەن ئىزاھلاپ، ئۇنى يۈكسەك پرىنسىپاللىققا كۆتۈردى.

— تولىمۇ تەشەككۈر سىزگە ھۆرمەتلىك ئۇستاز، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — مېنى ئىسلامىيەت ھەققىدىكى نۇرغۇن بىلىمدىن خەۋەردار قىلدىڭىز!

— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ! — دېدى ئادىل قۇربان قەشقەرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىن پايدىلىنارسىز، ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكى سۆھبىتى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاخىرلاشتى.

## ھىجازدىكى ئاخىرقى كۆنلەر ۋە ئاخىرقى تۈنلەر

تارىختىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «مەككە» سۆزى قەدىمكى بابىلۇن تىلىدا «ئۆي» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىكەن. مىلادى I ئەسىردە ياشىغان قەدىمكى يۇنان جۇغراپىيونى پىتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدىمۇ مەككە — «ماكېرابا» (Maceraba) دەپ خاتىرىلەنگەنىكەن. بۇ — «مۇقەددەس ئۆي» دېگەنلىك بولىدىكەن.

مەككە — ھىجاز ۋادىسىدىكى «ۋادى ئىبراھىم» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بىر تاغلىق شەھەر ئىكەن. ھازىرقى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 26 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. شەھەر غەربكە قاراپ داۋاملىق كېڭىيىۋېتىپتۇ. ھازىرقى مەككە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى 400 مىڭدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئەگەر سىز مېنىڭدىن مەككە ھەققىدىكى تەسىراتىمنى سورىسىڭىز، مەن سىزگە : «تاغنىڭ ئىچىدىكى شەھەر، شەھەرنىڭ ئىچىدىكى تاغ» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان كۆكۈچ رەڭلىك قاقاس تاغ بولۇپ، ھاۋا كېلىماتى ئادەتتە مەدىنىگىدىن كۆپ ئىسسىق ئىكەن.

مەككە شەھىرى — كونا مەككە ۋە يېڭى مەككە، دەپ ئايرىلىدىكەن. كونا مەككە «ۋادى ئىبراھىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇرۇق دەريا ئېقىنىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۇ يەردە

قەدىمكى گۈد نۇسخىسىدا سېلىنغان كونا ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە قەسىر سارايلار تا هازىرغىچە ساقلىنىپ قاپتۇ. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەدىمكى زاماندىن قالغان سەرراپ ـ دۇكانلار جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر كىيىم ـ كېچەك، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە قەدىمكى بەزى هالەتلەرنى تا هازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

يېڭى مەككە — كونا مەككىنىڭ غەربىدىكى جىددە تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىدى ھەرەمنىڭ داۋاملىق كېڭەيتىلىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتلەر چېقىلىپ تاشلىنىپ، ئۈزلۈكسىز رەتلىنىش ئارقىلىق شەھەرنى توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان كەڭ كوچىلار بارلىققا كېلىپتۇ. چاسا يول ئېغىزلىرىغا غايەت زور تېپتىكى فونتان ـ كۆلچەكلەر ياسىلىپتۇ. يول ياقىسىدا ئاسمانپەلەك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپتۇ. قاتار ـ قاتار تىكىلگەن ئىسسىق بەلباغ دەرەخلىرى يىلبويى كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. كەچ كىرگەندە، رەڭگا ـ رەڭ چىراغلار چاقناپ، مەككە شەھىرىنى خۇددى كۈندۈزدەك يوپيورۇق قىلىۋېتىدىكەن. شۇڭا، مەككىنىڭ «كېچە بولماس شەھەر» دەپمۇ نامى بار ئىكەن.

ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، سەئۇدى هۆكۈمىتى 1957 ـ يىلى 500 مىليون رىيال ئاجرىتىپ مەسچىدى ھەرەمنى تۇنجى قېتىم كېڭەيتىپ ياساپ چىققاندىن كېيىن، 60ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ، مەسچىدى ھەرەمنى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساپ چىقىپتۇ. 1988 ـ يىلى، سەئۇدى هۆكۈمىتى مەسچىدى ھەرەمنى ئۈچىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياساشقا باشلاپ، 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملاپتۇ.

سەئۇدى هۆكۈمىتى مەككە شەھىرىنىڭ زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن 1976 ـ يىلدىن 1979 ـ

يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى مىليارد 450 مىليون رىيال پۇل ئاجرىتىپ، ۋېرتالىيوت ئايرودرومى، مەككە ـ ئەرەفات ـ مىنا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول تورى، سەفا ـ مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدىكى سەئيەكارىدورى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ۋە مەسچىدى ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىدا مېھمانخانا، سودا سارايلىرى، دوختۇرخانا، جىددى تېببى ياردەم پونكىتلىرى قاتارلىق شەھەر مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ چىقىپتۇ. ھەر يىلى رامىزان مەزگىلىدە زوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق ۋاقتىنى توغرا، دەل مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، يەنە مەككە ئەتراپىدا زامانىۋى ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان رەسەتخانىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. مەككىدە يەنە سەھىيۇل ئىنىستىتۇتى، مەككە ئىسلامىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىي ـ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر بار ئىكەن. رابىتول ئىسلام قاتارلىق خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىمۇ مەككىدە تۇرۇشلۇق ئىكەن.

مەككە شەھىرىنىڭ شەرىق تەرىپىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان ئەرەفات بىلەن مىنا ھاجىلارنىڭ زۇلھەججىنىڭ 10ـ، 11ـ، 11 ـ كۈنلىرى ئۈچ كۈن تۇرۇپ، چوڭ شەيتان — «جەمرەتۇلئەقەبە»، ئوتتۇرا شەيتان — «جەمرەتۇلۋۇستا» ۋە كىچىك شەيتان — «جەمرە تۇسسۇغرا» غا تاش ئاتىدىغان مۇقەددەس جايلاردۇر؛ ئەرەفاتتىكى «جەبەلە رەھمەت» جىلغىسىدا بىرلا ۋاقىتتا 500 مىڭ ئادەم بىللە ناماز ئوقۇيالايدىغان مەشھۇر چوڭ مەسچىد — «مەسچىدى نەمىرە» بار ئىكەن؛ مەككە شەھىرىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان تاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم ۋەھيي كەلگەن جاي — ھىرا غارى بار ئىكەن؛ مەككە شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئەينى چاغدا مەككە قۇرەيشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈلپەتلەرنى سالغاندا، مەككىدىن چىقىپ مەدىنىگە ھىجرەت

قىلىپ ماڭغان چاغدىكى يوشۇرۇنغان غار — سەۋر غارى بار ئىكەن؛ مۇز دەلىفە — مەككە شەھىرىدىن تەخمىنەن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، ئەرەفاتقا چىققان ھاجىلار بۇ يەردە بىر كېچە تۈنەيدىكەن.

مەككىنى مەدىنىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ شەھەردە قىستاڭچىلىق ۋە قاتناش تىقىنچىلىقى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن ھەمدە شەھەر مۇھىتى مەدىنىدەك ئانچە رەتلىك، پاكىزە ئەمەس ئىكەن. بۇ بەلكىم مەككىدە ئادەم ۋە ماشىنا مەدىنىدىن كۆپ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

رامىزان كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، روزى ھېيتمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. مەن تۇرۇۋاتقان راباتتا ۋەتەندىن ھەرەمگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىككى - ئۈچيۈزدەك ھاجىمۇ بىللە تۇرۇۋاتقاندى. ئاڭلىسام، مۇشۇ مەزگىلدە، باشقا راباتلاردا تۇرۇۋاتقان ۋەتەنداش ھاجىلارنىڭ سانى بۇ يەردىكىدىنمۇ كۆپ ئىكەن.

راباتتىكىلەر چوڭ ھەجنى تۈگىتىپ كېتىش ئۈچۈن، رامىزاندىن كېيىن تۇرىدىغان ئۆي ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ يۈرۈشمەكتە. سەئۇدى ھۆكۈمىتى ھەر قايسى راباتلارغا رامىزاندىن كېيىن ھاجىلارنى يولغا سېلىش ھەققىدە ئۇختۇرۇش چۈشۈرگەن. راباتلارمۇ ئېلان چىقىرىشىپ، رامىزاندىن كېيىن راباتنى تاقايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشقاندى. مېنىڭمۇ مەككە - مەدىنىدىكى زىيارىتىم ئاخىرلىشىپ، ھىجازدا تۇرىدىغان كۈنلىرىم ۋە تۈنلىرىم ساناقلىق قالغاندى. ئالدىنقى كۈنى، ئادىل قۇربان قەشقەرى ماڭا: «مۇبادا، خالىسىڭىز سىزگە ھۆكۈمەتتىن مەككىدە داۋاملىق تۇرۇشقا ئىقامەت ئېلىپ بېرىشىم مۇمكىن» دەپ بىشارەتمۇ بەرگەنىدى. بىراق، مەن ئۆمرە ھەجنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

شۇڭا، مەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلغانىدىم ۋە «ئەل ـ سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى» دىن مېنىڭ قايتىش ئايروپىلان بېلىتىمنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈشنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغانىدىم. شۇڭا، ۋەتەنگە قايتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا چۈشتۇم. . .

بۈگۈن ئەتىگەن سەئۇدى ۋاقتى سائەت 5:00 تە، ئادىل قۇربان قەشقەرى ماڭا: «ئايروپىلان بېلىتىڭىزنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم. ئۆزبېكىستان ئاۋئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 312 ـ قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سەئۇدى ۋاقتى سائەت بىردە تاشكەنتكە قاراپ ئۇچىدىكەن. ئۇلار سىزنى شۇ ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق، دەيدۇ. سىزچە قانداق؟» دەپ تېلېفون بەردى. مەن دەرھال ماقۇل بولدۇم. ئۇھ، نەچچە كۈندىن بېرى دەككە ـ دۈككە بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆڭلۈم مانا ئەمدى ئورنىغا چۈشتى.

سەئۇدى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 8:00 دە ئادىل قۇربان قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئابدۇللا، ئۆمەر دېگەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ مېنىڭ بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن راباتقا كېلىپتۇ. بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

مەككە بىلەن جىددەنىڭ ئارىلىقى قىرىق كىلومېتىر كېلىدىكەن. «ئەل ـ سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى»نىڭ خادىملىرى مېنى تاكسى بىلەن جىددەگە يولغا سالدى. بىز يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يىگىرمە مىنۇتتىلا ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدۇق.

مەن «ئەل ـ سوندۇس» نىڭ ئايروپورتتا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنى ئىزدەپ تاپقىچە يېرىم سائەتتەك گاڭگىراپ يۈردۇم. «نادان باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ!» دېگەندەك، تىل

بىلمىگەنلىكىنىڭ كاشىلىسى ماڭا قەدەمدە بىر ئۆزىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىپ تۇردى. ئاخىر، مەن ئۇلارنى بىر ئىشخانىدىن تېپىپ بېلەتنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولدۇم — دە، ئالدى بىلەن ئادىل قۇربان قەشقەرىگە، ئاندىن ۋەتەندىكى ئۆيۈمگە تېلېفون قىلىۋەتتىم. چۈشتىن كېيىن سەئۇدى ۋاقتى سائەت بىردە، مەن ئۆمرە ھەجنى تاماملاپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان 380 ئۆزبېك ھاجى بىللە ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 312 — قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانغا چىقتىم ۋە بېلەتتىكى كۆرسىتىلگەن نومۇر بويىچە ئايروپىلان دېرىزىسىنىڭ يېنىدىكى ماڭا تېگىشلىك ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان، چېچى ئاقارغان، كۆزئەينەكلىك بىر ئادەم: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېگىنىچە يېنىمدىكى بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىمدە ئۇنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم ۋە ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى، ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغانلىقىمنى، ھازىر، ئالما ئاتا ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردۇم. ئۇ ئۆزبېكىستاندىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى، دوكتور جەۋدات ئەپەندى دېگەن ئادەم ئىكەن. بىز ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنى كۈتۈپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ سومكىسىدىن سلاۋيان يېزىقىدا بېسىلغان ئۆزبېك تىلىدىكى بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. مەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان سلاۋيان يېزىقىدىكى «تارىخي رەشىدى» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇيالىدىم. . .

سەئۇدى ۋاقتى سائەت 1:30 بولغاندا، بىز ئولتۇرغان 380 كىشىلىك تۆت ماتورلۇق زور تىپتىكى رېئاكتىپ ئايروپىلان دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ

ئۇچۇش يولىدا غىرقىراپ مېڭىپ كەتتى ۋە بارغانسېرى ئېتتىكلەپ، شىددەتلىك چىرقىرىغان پېتى يەردىن كۆتۈرۈلدى ـ دە، تاكى 8000 مېتىر ئېگىزلىككە چىققانغا قەدەر تىك ئۆرلەپ، ئاندىن گورىزونتال ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جىددەنىڭ ئاسمىنى بەكمۇ ئوچۇق ئىدى. ئايروپىلاننىڭ سول قانىتىنىڭ ئاستىدا مەشھۇر قىزىل دېڭىز چايقىلىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان سائىتىگە 900 كىلومېتىر تېزلىكتە شەرىققە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى!

خەير خوش، سىرلىق ئەمما يېقىملىق تۇيۇلغان ئەرەب زېمىنى خەير خوش، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىلىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرغان مۇقەددەس مەككە ـ مەدىنە!

شۇنداق قىلىپ مەن ھىجازدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئون تۆت كۈن ۋە ئون تۆت تۈننى بىدار ئۆتكۈزگەن، مېنىڭدە نۇرغۇنلىغان ئاچچىق ـ چۈچۈك، شېرىن، تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بۇ سىرلىق زېمىندىن ئايرىلىپ، مېنى ئۆزىگە جەننەتۇل فىردەۋستەك تارتىپ قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ تۇرغان ئانا ۋەتىنىم — جۇڭگوغا، ئانا يۇرتۇم چوقۇغا، قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا، ئوماق نەۋرە قىزىم چوغلۇقنىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتىم!

گېزى كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويغۇم كەلدىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز. . . ھاجىلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا ئېشىۋېتىپتۇ. مەن مەككىدىكى مەزگىلىمدە ھەر قايسى راباتلاردا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ھاجىلىرىنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ

ھەج تاۋاپچىلار (ساياھەتچىلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چوڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ساغلام، دەپ ئېيتىشقا بولىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار خەلقئارا جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا نائىل بولۇۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ بولمىغۇر، نامۇۋاپىق، قىلىقسىزلىقلىرى خەلقئارادا شۇ دۆلەت ياكى شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ئۆلچىمى ۋە مەدەنىيەت كەيپىياتىغا يامان تەسىر بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ھەمدە ۋەتىنىمىز جۇڭگونى بىلىدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان چەت ئەللىك بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى مۇلاھىزىلىرىنىمۇ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. «ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتى ماددى مەدەنىيەتكىلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەتكىمۇ ئېھتىياجلىق، — دەيدۇ ئۇلار، — بەلكى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان جامائەت ئەخلاقىغىمۇ ئېھتىياجلىق. چۈنكى، ماددى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنىلا قوغلىشىپ، نۇقتىئىنەزەر، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىغان مىللەت يەنىلا قالاق ھېسابلىنىدۇ! »

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ قېتىمقى چەت ئەلدىكى ساياھەت ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق، چەت ئەللىك دوستلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە بەرگەن تەنقىدلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار تەنقىد قىلغان ئىشلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشكەن:

1. تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك. بۇ شەخسى تازىلىق بىلەن مۇھىت تازىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. مەن ئالما ئاتا ۋە مەككىدە بولۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۈچىسىغا ئۆزۈندىن بېرى يۇيۇلماي كىرلىشىپ، قاسماق بېسىپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشكەن بەزى ئۇيغۇرلارنى

ئۇچراتتىم. راباتتا تۇرۇۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلار شۇنچىلىك دەرىجىدە ئەبگاللىشىپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىگە كىرىدىغان بولسا، ئادەم ياتىدىغان ياتاقتا ئەمەس، بەلكى مال ئېغىلىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدىكەن. راباتنىڭ كارىدورلىرىدا مېۋە شۆپۆكلىرىنى، تاماق قالدۇقلىرىنى تاشلايدىغان ئەخلەت ساندۇقلىرى بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئۇيغۇرلار ئىككى قەدەم ئارتۇق مېڭىشنى ئېغىر كۆرۈپ، ئەخلەتلەرنى ئىشىك ئالدىغىلا تاشلاپ قويۇپ كارى بولمايدىكەن. مەككىنىڭ هاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا، بۇ ئەخلەتلەر ئۇزاققا بارمايلا چىرىپ، سېسىق پۇراق چىقىرىشقا باشلايدىكەن. مەككىنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ئادەم داۋاملىق تەرلەپ تۇرغانلىقتىن، هەر كۈنى بىر قېتىم چوقۇم يۇيۇنمىسا، زادى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاهارەتخانىدا كېچە ـ كۈندۈز ئىسسىق سۇ تەييار تۇرسىمۇ، ئەمما، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ «تولا يۇيۇنساق، سوغىمىز ئېشىپ كېتىدىكەن!» دېيىشىپ، بويىنى سۇغا سېلىشقا ئېرىنىپ، پەقەت پۇت ـ يولىنى يۇيۇپ، تاهارەت ئالغانغا هېساب قىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار قېشىغا كېلىپ قالغان ئادەمگە خۇددى تاپقا ئوخشاش ئاچچىق بەتبۇي پۇراپ، ئادەمنىڭ تۆت كۆنلۈك يەرگە بەدەر قاچقىسى كېلىدىكەن.

2. ئاممىۋى سورۇنلاردا خۇددى سارائدەك ۋارقىراپ — جارقىراپ سۆزلەش. مۇبادا، بىر يەردە توپلىشىپ تۇرۇشقان ئادەملەر ئارىسىدا كىم ئالا ـ تاغىل ۋارقىراپ سۆزلىسە، سىز شۇنى «ئۇيغۇر ئىكەن!» دەپ هېسابلاۋەرسىڭىز بولىدۇ! مەن هەرەمنىڭ ئىچىدە بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇددى مەكتەپنىڭ جاڭگىلىدا ئېشەكنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئوتۇنچىدەك ۋارقىرىشىپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. مەككىنىڭ كوچىلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى خۇددى قەشقەر هېيتگاهدىن قېلىشمايدۇ. بىراق، هېيتگاهدىكىدەك «هەممە ئادەم تەڭ قايىنىغان، هەممە

قۇشلار تەڭ سايرىغان» ۋاز - ۋاز ھالەت بۇ يەردە يوق ئىكەن!
بۇ يەردە كوچىدا ھاڭۋېقىپ يۈرگەن بىرەرسىنى ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ناگاندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ماشىنا سىگنالىدىن باشقا ئاۋازنى ئاساسەن ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن. ئەمما، ھەم تىجارەت ھەم زىيارەت ئۈچۈن ھەرەمگە كەلگەن بەزى - «چاھار بازارچى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مېلىنى ۋاقىراپ - جارقىراپ ماختاۋاتقانلىقىنى بولسا، قويۇق - قويۇق ئاڭلاش مۇمكىن.
3. بەزى ئۇيغۇرلاردا تەرتىپ - ئىنتىزام ئۇقۇمى ئاساسەن يوق. بۇ خىل ھالەت ۋوگزال - بېكەتلەردە، ئايروپورتلاردا بەك روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئالما ئاتا خەلقئارا ئايروپورتىدا ئايروپىلانغا چىقىدىغاندا ۋە جىددە ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدا ئايروپىلاندىن چۈشىدىغاندا، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ بەك ھەيران قالغانىدىم.
مەن ئالما ئاتا خەلقئارا ئايروپورتىدا ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىمنى ئۆتەش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغاندا، يۈك - تاق جىڭلىتىدىغان ئېغىزدا ئىككى قەشقەرلىك ئۇيغۇرنىڭ بىر - بىرىگە زادى يول بەرمەي مۇشتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
ئالما ئاتا ئايروپورتىدا بەلگىلىمە بويىچە بىللە ماڭغان ھەر بەش ئادەم ئۆزلىرى ئېلىپ ماڭغان يۈك - تاقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ جىڭلاتسا بولىدىكەن. ئۈرۈمچىدىن چىققان بەش ئۇيغۇر ئۆزلىرىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ جىڭلىتىۋېدى، ئومۇمىي ئېغىرلىقى ئۆلچەمدىن 20 كىلوگرام ئارتۇق چىقتى. ئۇنىڭغىچىلىك ھېلىقىلارنىڭ يۈكى ئۆزۈتۈش تاسمىسى بىلەن ئېلىپ كېتىلدى. تەكشۈرگۈچى ئۇلارغا ئارتۇق چىققان يۈكنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى ئۈچۈن بەش ئامېرىكا دوللىرىدىن جەمئىي 100 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشنى ئېيتىۋىدى، يۈكنىڭ ئىگىلىرى بىر - بىرى بىلەن زادى كېلىشەلمىدى. ئاخىر

ئايروپىلانغا بېسىپ بولۇنغان يۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ
يۈكىنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىپ بىر - بىرلەپ باشقىدىن
جىڭلاشقا توغرا كەلدى. نەتىجىدە ھەر بىر ئادەم يەنىلا بەش
ئامېرىكا دوللىرىدىن ھەق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ
كاشىلىسىدىن تاشكەنتكە ئۇچىدىغان ئايروپىلان ساقمۇ ساق بىر
سائەت كېچىكتى. ئايروپىلانغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار
بېلەتتىكى نومېر بويىچە ئۆز ئورنىغا ئولتۇرماستىن، ئالدىدىكى
ۋە دېرىزە يېنىدىكى ئورۇننى تالىشىپ، بىر - بىرىنى تىللىشىپ
ياقا سىقىشتى. كىشىلەر تۆۋە، دېيىشكىنىچە ياقىلىرىنى
تۇتۇشتى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ، مەن ئۇياتقىنىمدىن ئورۇندۇقنىڭ
ئاستىغا كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم.

ئى ئۇيغۇرلار، ۋەتەندىغۇ شۇنچىۋالا كەڭ زېمىنغا
پېتىشماستىن ئورۇن - مەرتىۋە تالىشىمىز، ھەتتا ئاق تاغلىق،
قارا تاغلىق بولۇشۇپ، ئۆزىمىزنى قەدىرلىمەيمىز. ھالا چەت
ئەللەردىمۇ بىر - بىرىمىز بىلەن ئىتتەك تالىشىپ، ئۆزگىلەرگە
ئۆزىمىزنى خار - زار ئەيلەپ يۈرۈشسەك، ھەتتا، ئاللانىڭ
مۇبارەك ئۆيى بولمىش مۇقەددەس كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن
ھەرەمگە كېتىۋېتىپمۇ، يەنە بىر - بىرىمىزگە يول قويۇشماي
يۈرۈشسەك، ئەمدى نەگىمۇ پېتىشارمىز - ھە؟!

4. جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ئەخلاقىغا رىئايە قىلماسلىق.
ئاممىۋى سورۇنلاردا، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ
بارغاندا، باشقىلارنىڭ خالاش - خالىماسلىقى بىلەن قىلچىمۇ
كارى بولماستىن، ئاچچىق ئىسىنى پۇرقىرىتىپ تۇرۇپ سېسىق
تاماكا چېكىش - ئۇيغۇرلاردا زادى تۈزەلمەي كېلىۋاتقان ئەڭ
بولمىغۇر قىلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، چەت ئەلگە
چىققان بۇ ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق بولمىغۇر قىلىقلىرىنى ۋەتەندە
تاشلاپ قويسىغۇ بىر نورى. ئەمما، ئۇنىمۇ چەت ئەلگە ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ چىقىشقان! ئايروپىلان بۆلمىسىدە تاماكا چېكىشكە

قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بىراق، بەزى «نوچى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي، سىپىق ئىسىنى پۇرقىرىتىپ تاماكىسىنى بەھۇزۇر چېكىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار زادى كىمنى كۆزگە ئىلمايدىغاندۇ؟ ئاخىر، ئۇنداقلارنى «ئۆزىنى ئايار» دەپ، «ھازىر رامىزان مەزگىلى جۈمۈ!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى.

5. ھورۇنلۇق، قاشاڭلىق قىلىش. مەككىدىكى چاغلىرىمدا، بىر كۈنى مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، راباتقا قايتسام، چوڭ كوچىنىڭ ياقىسىدا خۇددى قاپقا① ھاشىرىدىن قايتىپ شەھەرگە كىرگەن ھاشارچىلاردەك تۈكلۈك مەيدىلىرىنى ئېچىپ قويۇشۇپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئۇيغۇرنى كۆردۈم. سورىسام، ئۇلار xxx دېگەن راباتقا چۈشكەن ھاجىلار ئىكەن. بىز سۆزلىشىپ تۇراتتۇق، قاتناش ساقچىسى كېلىپ، ئۇلارنى ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇرۇۋەتتى.

مەن مەككىدە بەزىلەرنىڭ: «قەيەردە ئادەم توپلىشۋالغان بولسا، ئۇلارنى يا قەشقەرلىك ھاجىلار، ياكى بولمىسا، خوتەنلىك ھاجىلار، ھېچ بولمىغاندا، ئاقسۇلۇق ھاجىلار دېسە، زادى خاتالاشمايدۇ!» دېگىنىنىڭ ئاڭلاپ قالدىم.

6. ئۇيالماسلىق. ھەدىستە: «ھايا ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن!» دېيىلگەن. ھەر قانداق بىر سورۇننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدە ـ مىزانى بولغان بولىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۇخلاش ـ قوپۇشنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مىزانى بولىدۇ. خۇددى كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، شىبلىت كىيىپ قوش ھەيدىسە بولمىغىنىدەك، كالتە ئىشتان، كالتە كۆينەك بىلەن كوچىغا چىقىشقىمۇ بولمايدۇ!

---

① قاپقا ـ قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى بىر تاغ. ھاشىرى بىلەن داڭلىق.

مەن تۇرۇۋاتقان راباتنىڭ ھەممىلا خانىلىرىدا سوغۇق ھاۋا چىقىرىپ تۇرىدىغان كومپىرېستور بولمىغانلىقتىن، بەزى كۈنلىرى ئۆينىڭ ئىچى تونۇردەك قىزىپ كېتىدىكەن. مەككىنىڭ كېچىلىك ھاۋاسى سالقىن بولغاچقا، راباتتىكى ھاجىلار كالتە ئىشتان، كالتە كۆينەك بىلەنلا كوچىغا چىقىشىۋېلىپ، كوچىدا ئۇياق - بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقان ناتونۇش ئادەملەردىن قىلچىمۇ ئۇيالماستىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى كۆردۈم.

7. ئاچ كۆزلۈك، چۆللۈك قىلىش. رامىزان مەزگىلىدە مەككە - مەدىنىدە ئىپتارلىق ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. ئىپتارلىق داستىخىنىدا تەملىك پىشۇرۇلغان دوخۇپكا چۆجىسى، سۇپەتلىك يېڭى قېتىق، ئالىي دەرىجىلىك خورما قېقى، ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى، ئەرەبچە بولكا قاتارلىق ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر مول بولىدىكەن ۋە ئەتىگەندىكى زوھۇرلۇققا دەپ، داستىخانغا بىر كىشىلىكتىن تاماق ئارتۇق قويۇلىدىكەن. ئەمما، قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان بەزى ئۇيغۇر ھاجىلىرى ئىنساپ - دىيانەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاچ كۆزلۈك، چۆللۈك قىلىشىپ، تاماقنى جىق ئېلىۋالىدىكەن. يەپ بولالماي، ئەتىسى سېسىتىپ، تاشلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسراپ قىلماي ھەم چوڭچىلىق قىلماي يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار!» دېگەن. جاھان داستىخىنىنىڭ نېمىتى شۇنچىلىك كەڭ ۋە مول ئىكەنلىكى، ئىنسانلار ئىسراپچىلىقتىن، چوڭچىلىقتىن خالىي بولالىسىلا، بۇ داستىخاندىكى نازۇ - نېمەتلەر ئۇلارنىڭ خالىغىنىچە يەپ، خالىغىنىچە ئىچىشىگە مەڭگۈ يېتىدۇ.

8. ئۆششۇقلۇق، مۇتىھەملىك قىلىش. ئەرەبلەر سودا قىلىشقاندا ئاساسەن باھا تالاشمايدىكەن. خېرىدار خالىسا، مال ئىگىسى قويغان باھا بويىچە پۇلنى تۆلەپ، مالنى ئېلىپ كېتىۋېرىشىدىكەن. بىراق، سودىغا «ماھىر» بەزى ئۇيغۇرلار بىر

ھەللە[1]نى تالىشىپ، مەككىنى بېشىغا كىيىشتىن يانمايدىكەن. مەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەرەپ پىركارچىكى بىلەن باھا تالىشىپ مۇتىھەملىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىياغا ئوقەت قىلىشقا چىقىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋېتىپتۇ. ئادىل قۇربان قەشقەرىنىڭ دېيىشىچە، ھازىر سەئۇدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 80 مىڭغا يېتىپتۇ!

چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، قانۇنلۇق تىجارەت ۋە قانۇنلۇق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىنكاسىمۇ ياخشى ئىكەن. بىراق، بەش قول ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ۋەتەندە «يۇرتقا پاتمىغان» لار بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا «يۇرتقا پاتماي» يۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنداق «يۇرت بۇزۇقلىرى» چەت ئەلدىمۇ بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك قىلىشىپ، باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشىپ، ھەتتا مافىيە خاراكتېرىدىكى قارا جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئورىسىنى كولىشىپ، بىر - بىرىنىڭ پېيىدا يۈرۈشىدىكەن! مەن ئالما ئاتادىكى چېغىمدا، xxx ھاجى ئىسىملىك بىر ۋەتەندىشىم ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان «يۇرت بۇزۇقلىرى» تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنىپ قاتتىق ئۇرۇلغانلىقىنى، ئاخىر 9000 ئامېرىكا دوللىرىلىق تۆلەم بېرىپ، ئاران قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان بۇنداق «يۇرت بۇزۇقلىرى» چەت ئەللىكلەرنى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇرت بۇزۇقلىرىنىڭ

---

① ھەللە — سەئۇدى پۇل بىرلىكى. بىر رىيالنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ.

ھەممىسىنى چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلغانمۇ ـ قانداق؟» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىز ئۇيغۇرلار «شۇنچىلىكقۇ» دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپتۇق!

يۇقىرىدا مەن مىسالغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىشلار گەرچە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردا سادىر بولۇۋاتقان «ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار» بولسىمۇ، ئەمما، «كۆلنىڭ سۈيىنى بۇلغىغان ئۆردەكنىڭ كۆتى» دېگەندەك، بۇنداق «ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار» پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزۈۋېتىپتۇ! شۇڭا، مەن بۇ ئىشلار گەرچە «ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار» بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى قىلچىمۇ كۆپتۈرۈۋەتمەي ۋە قىلچىمۇ يوشۇرماي ئەينەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. «دېمىسەم دەرت بولىدىكەن، دېسەم گەپ بولىدىكەن!» بىراق، ماڭا نېمە ئامال؟!

# ترانزىت زالدا ئۆتكەن بىر كېچە

بىز ئولتۇرغان رېئاكتىپ ئايروپىلان شەرىققە قاراپ ئۇچۇپ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار «شور دەريا» دەپ ئاتايدىغان پايانسىز پارس قولتۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى ۋە ئىران - ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىزلىكىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئايروپىلان بۆلمىسىنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان ماتورىنىڭ بىر خىل يېقىمسىز گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ۋاقىت زېرىكىشلىك ئىچىدە تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. يېنىمدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان جەۋدات ئەپەندى قولىدىكى سىلاۋيان يېزىقىدا بېسىلغان ئۆزبېكچە «تارىخىي رەشىدى» نى ئوقۇۋېرىپ زېرىككەن بولسا كېرەك، كىتابنى ئاستا يېپىپ قويدى ۋە ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، سۈكۈتتە ئولتۇردى.

— ئاڭلىسام، دۆلىتىڭلاردا مىر ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ بەشيۈز ئاتمىش يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كاتتا يىغىن ئېچىلىپتۇ. ئابدۇۋەلى ئەپەندى بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ ئۇ ئارىمىزدىكى سۈكۈتنى ئاخىرى بۇزدى.

— ۋەتەندىكى چېغىمدا، شۇنداق بىر يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، — بىراق، مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىققىلى ساق بىر

ئاي بولۇپ قالدى. بۇ يىغىن ھەققىدە بىر خەۋەر ئاڭلىغىنىم يوق. جەۋدات ئەپەندى، سىز ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز، بۇ يىغىن قاچان ئېچىلىپتۇ؟

— يىغىن 7 - دېكابىردىن 9 - دېكابىرغىچە خىتاينىڭ پايتەختى پېكىندە ئېچىلىپتۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ ماڭا.

— ھوي، شۇنداق بولۇپتىمۇ، ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولۇپتۇ، — دېدىم مەن خۇشاللىقىمنى يوشۇرالماستىنلا، — بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن ئۆزبېكىستاندىنمۇ ئالىملار كەلگەندۇ؟

— بىزدىن ئالىملارنىڭ بارغان - بارمىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم، — دېدى ئۇ خالا - خالىماي سۆزلەپ تۇرۇپ، — بىراق، مۇشۇنداق خەلقئارا چوڭ يىغىندىمۇ سىلەردىن بەزىلەر مىرئەلىشىر نەۋائىينى «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى» دەپ دەۋا قىلىپ چىققىنى قىزىق ئىش — تە!

— . . .

مەن جەۋدات ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزىگە روشەن ئىستېھزا يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلتىپاتسىز قالدۇردۇم.

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى ئەپەندى، سىز بۇنداق قاراشقا قوشۇلىسىزمۇ؟

— مەن ئالما ئاتادىكى چېغىمدا، — دېدىم نائىلاج، — قازاقستانلىق بەزى ئالىملارنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنى «ئۇلۇغ قازاق ئالىمى» دەۋالغىنىنى ئاڭلىدىم. ھازىرقى دۇنيادا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنىڭ باشقىلاردىن شۆھرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق بىر مەشھۇر شەخسنى ئۆزىمىزنىڭ، دەپ ئېلان قىلىشى مودال بىر ئىش بولۇپ قالدى. ئۇلار مەشھۇر زاتلارنىڭ نامىنى سېتىشنى خۇددى بازاردا ياڭاق ساتقاندەك ئوڭاي بىر ئىش دەپ قارىسا

كېرەك!

— ئاخۇنكە، بۇنىڭدا سېتىش كەتمەيدۇ! — دەپ سۆزۈمگە دەرھال رەدىيە بەردى جەۋدات ئەپەندىمۇ بوش كەلمەي، — چۈنكى، مىر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسلىدىنلا بىزگە تالىق — تە!

مەن كۈلۈپ قويدۇم ـ يۇ، ئۈندىمىدىم.

— بىزلەردە مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ھەيكەل تىكلەنگەنلىكى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر! — دەپ تېخىمۇ ئەزۋەرلىدى ئۇ مېنىڭ جىم ئولتۇرغۇنۇمنى كۆرۈپ.

— . . .

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىمۇ يەنە ئىلتىپاتسىز قالدۇردۇم.

— مىر ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ بەش يۈز ئاتمىش يىللىقىنى خاتىرىلەشكە مانا بىزلا ھەقلىقمىز، — دېدى ئۇ ئېغىۋاگەرچىلىك قىلىپ، — چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك نامايەندىسىدۇر.

— ئەپەندىم، قولىڭىزدىكى كىتاب مىرزا ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابقۇ دەيمەن، — دېدىم مەن تەمكىنلىك بىلەن.

— ھۇششەرە، بۇ دەل ئاشۇ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابدۇر، — دېدى ئۇ قولىدىكى يېپىغلىق كىتابنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— مەن سىلاۋىيانچە يېزىقنى سىزدەك تېز ئوقۇيالمايمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — مۇبادا، مالال كۆرمىسىڭىز، قولىڭىزدىكى «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى «سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ جەننەت كەبى زامانىدا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بايانى» دېگەن بابنى ئاچقان بولسىڭىز؟

ئۇ قولىدىكى كىتابنىڭ مەن ئېچىشنى ئىلتىماس قىلغان قىسمىنى ئېچىپ ۋاراقلاپ يۈرۈپ، ھېلىقى بابنى تاپتى ۋە

ئەمدىچۇ، دېگەندەك تەئەججۇپ نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى.

— مۇشۇ بابتىكى «ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بايانى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى تېكىستنى ماڭا ئوقۇپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ يەنە ئىلتىماس قىلدىم مەن ئۇنىڭدىن.

جەۋدات ئەپەندى تا مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى زادىلا چۈشەنمىدى بولغاي، شۇڭا ھېچبىر ئويلانماستىنلا، قولىدىكى كىتابنىڭ ئاشۇ بۆلۈمىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىندۇر. ئاتىسىنى ‹كىچىككىنە باخشى› دەپ ئاتايتتى. . .»①

بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا «ئەمدى ئوقۇمىسىڭىزمۇ بولىدۇ!» دەپ ئىشارەت قىلدىم.

— بۇ بىر ئابزاس سۆز نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ مۇددىئايىمنى يەنىلا چۈشەنمەي.

— بۇ بىر ئابزاس سۆز شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇكى، ئاتىسى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بىرى بولغان كىچىككىنە باخشىنىڭ ئوغلى بولمىش ئەمىر ئەلىشىر يەنىلا ئۇيغۇر بولىدۇ، خالاس! — دېدىم ـ دە، مېنىڭ سۆزۈمگە يوشۇرۇنغان ئاچچىق ئىستىھزانى مانا ئەمدى چۈشەنگەن جەۋدات ئەپەندىنىڭ بارغانسېرى تامدەك ئاقىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

جەۋدات ئەپەندى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويغاندىن باشقا سۆز قىلمىدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان بۆلمىسىدە يەنىلا بايىقى زېرىكىشلىك ئايروپىلان ماتورىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىدىن باشقا ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمىدى. . .

---

① «بۇلاق» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 5 ـ سان. 8 ـ بەت.

تاشكەنت ۋاقتى كەچ سائەت سەككىزدە، بىز ئولتۇرغان چوڭ تىپتىكى رىئاكتىپ ئايروپىلان تاشكەنت خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كېلىپ، ساق - سالامەت يەرگە قوندى.

مەن چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدىغاندا، ئايروپورت دائىرىلىرى ماڭا بۇگۈن ئالما ئاتاغا ئايروپىلان ئۇچمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ مەن تاشكەنت خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ترانزىت زالىدا بىر ئاخشام قونۇشقا مەجبۇر بولدىم.

تاشكەنت خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ترانزىت زالى سوۋېت دەۋرىدە سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ترانزىت زالىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى بېجى كېچىرىم قىلىنغان تۈرلۈك ماللار سېتىلىدىغان چوڭ ماگىزىن ئىكەن. ئىككىنچى قەۋىتى چەت ئەللىكلەر ئايروپىلان كۈتكەندە دەم ئالىدىغان ئورۇن ئىكەن.

ترانزىت زالىنىڭ خادىمى دىلارە خېنىم مېنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقىپ «مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئالسىڭىز بولىدۇ!» دەپ بىر قاتتىق ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ قويدى. دېمەك، مەن مۇشۇ قاتتىق ئورۇندۇقتا ئايروپىلان كۈتۈپ بىر كېچە ئولتۇرىدىكەنمەن. بۇ زالدا ماڭا ئوخشاش ئايروپىلان كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۈچ - تۆت چەت ئەللىكمۇ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

شۇ كۈندىكى تاشكەنتنىڭ يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 16 سېلسىيە گرادۇس بولسىمۇ، ئەمما، ترانزىت زالىنىڭ ئىچى بەك سوغۇق ئىدى. مەن ئورۇندۇقتا بىر پەس ئولتۇرۇپلا مۈزلاشقا باشلىدىم. ئاخىر سوغۇققا زادى چىدىيالماي، ترانزىت زالىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى نۆۋەتچىلەر بۆلۈمىگە كېلىپ، ئىشىكنى تاقىلداتتىم. ئىشىك ئېچىلىپ ئىچىدىن «نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟» دەپ ياشقىنە بىر ئايال ئالدىمغا چىقتى. قارىسام،

ئۇ راھىلە خانىم ئىكەن. ئۆتكەن قېتىم مەن سەئۇدىغا ماڭغاندا مۇشۇ ترانزىت زالىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئايروپورتنىڭ دېپچسىبتىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان تاتار ئايال ئىدى.

— ياخشىمۇ سىز راھىلە خانىم! — دەپ ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ دەسلەپتە سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى — يۇ، ئەمما، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشۇۋالدى:

— ۋۇي بۇ ئابدۇۋەلى ئەپەندىغۇ، سەئۇدىدىن قاچان قايتىشىڭىز؟ — دېدى ئۇ سالىمىمغا سالام قايتۇرۇپ تۇرۇپ.

— تېخى باياتىن ئايروپىلاندىن چۈشۈشىم. بىراق، بۈگۈن ئالما ئاتاغا ئايروپىلان ئۇچمايدىكەن. شۇڭا، سىزلەرگە بىر كېچە قوناق بولىدىغان بولدۇم، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خۇش، خىزمىتىڭىزگە تەييارمىز! — دېدى راھىلە خانىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— سىزنى مالال قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، — دېدىم مەن گەپنى ئەگىتمەيلا، — مۇزلاپ كەتتىم. پوفايكام بىلەن چاپىنىم سومكامنىڭ ئىچىدە ئىدى. سومكامنى ئەكەلتۈرۈپ بەرگىلى بولارمۇ؟

— بولىدۇ، مەن يۈك - تاق بۆلۈمىگە تېلېفون قىلاي، كارتا نومېرىڭىز نەچچە ئىدى؟ — دېدى ئۇ تېلېفون تروپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

مەن كارتا نومۇرۇمنى راھىلە خانىمغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا توك ئوچىقىنىڭ ئالدىدا 40 ياشلاردا بار، قارامتۇل كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كىيىمى مېنىڭكىدىنمۇ نېپىز ئىكەن. ئۆزايىدىن ئۇنىڭ بەك مۇزلاپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. چىرايىغا قاراپ، ئۇنى بىر تۇرۇپ خەنزۇغا، بىر تۇرۇپ ھىندىغا ئوخشاتتىم.

— سەن قەيەردىن، — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. مەن

مىنىڭ ساپ خەنزۇ تىلىدا سۆزلەۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرغىنىچە «ۋاي يۇرتلۇغۇم، جۇڭگولۇقۇم» دەپ بىر تەرەپتىن خەنزۇچە سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن مىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكىتىدىن سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم — يۇ، ئەمما، ئىتتىك ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم دە، ئۇنى ئاستا ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم ۋە:

— سەن خەنزۇمۇ، يۇرتۇڭ قەيەردىن، بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىپ يۇرىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

- مەن خەنزۇ، فۇجيەننىڭ فۇتيەن دىگەن شەھىرىدىن بولىمەن. ئىسمىم لىن جىنمۇ . . .

ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا تاشكەنت خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ سوغۇق ترانزىت زالىدا كىچىچە داۋام قىلغان سۆھبىتىمىز مانا مۇشۇنداق كۇتۇلمىگەن بىر شارائىتتا باشلاندى.

لىن جىنمۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىدىن شۇنى ئۇقتۇمكى، ئۇ فۇجيەن جيەنلۇڭ چەت ئەلگە مەدىكار چىقىرىش شىركىتىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تىل - ئاۋىۋ شەھىرىدە ھۆددىگە ئالغان بىر قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ تېخنىكى ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئىسرائىلىيىگە ئىككىنچى قېتىم چىقىشى ئىكەن. ئۇ دەسلەپتە ئىسرائىلىيىگە مەدىكار ئىشلەشكە چىققاندا جۇڭگونىڭ ئىرۇسالىمدىكى بىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىككى يىل ئىشلىگەنىكەن. بۇ قېتىم ئۇ تىل - ئاۋىۋ خەلقئارا ئايروپورتىدا چېگرىدىن كىرىدىغاندا، ئىسرائىلىيە تاموژنىسى رەسمىيىتىنىڭ تولۇق ئەمەسكەن، دىگەن سەۋەب بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپتۇ. پاسپورت - گۇۋاھنامىلىرى ئۇنىڭ بىللە ماڭغان يەنە بىر ھەمراھىنىڭ قولىدا قاپتۇ. ئۆزى بۇنىڭدىن ئالتە كۈن ئىلگىرى ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ تىل - ئاۋىۋتىن بېيجىڭغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانى بىلەن تاشكەنت خەلقئارا

ئايروپورتىغا كەلگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ يا رۇس تىلىنى، يا ئىنگلىز تىلىنى، يا ئۆزبېك تىلىنى بىلمەي بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا مەن ئۇچراپ قاپتىمەن.

مەن ئۇنى باشلاپ، بىرىنچى قەۋەتنىڭ نۆۋەتچىلەر ئۆيىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان راھىلە خانىمنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدىم ۋە:

— ھۆرمەتلىك راھىلە خانىم، بۇ كىشىمۇ ماڭا ئوخشاش خىتايدىن كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا ئالتە كۈن بوپتۇ. سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

راھىلە خانىم لىن جىنمۇنىڭ قولىدىكى ئايروپىلان بېلىتىنى ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرى تولۇق ئەمەسكەن، — دەپ چۈشەندۈردى بىزگە، — شۇڭا، ئۇ خىتايغا بېرىپ رەسمىيەتلىرىنى تولۇقلاپ كېلىشى زۆرۈر. ئەتە چۈشتىن ئىلگىرى تاشكەنت ۋاقتى سائەت ئون بىلەن بىز ئۇنى ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ پېكىنگە ئۇچىدىغان 314 - قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانغا سېلىپ قويىمىز.

مەن راھىلە خانىمنىڭ سۆزىنى لىن جىنمۇغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەردىم، مېنىڭ خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلەۋاتقىنىمغا زوقى كەلدىمۇ - قانداق، راھىلە خانىم ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ۋاي - ۋۇي ئابدۇۋەلى ئەپەندى، خىتايچىنى خۇددى خىتايلارنىڭ ئۆزىدەكلا سۆزلەيدىكەنسىزغۇ!

— يوغىسۇ، نەدىمۇ سىزگە يەتكىلى بولسۇن. سىزمۇ ئورۇسچىنى خۇددى ئورۇستەكلا سۆزلەيسىز كەنغۇ!

— ھا! . . . ھا! . . .

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئۆزىنىڭ ئەتە چۈشتىن ئىلگىرى تاشكەنت ۋاقتى سائەت ئوندا

ۋەتەنگە قايتالىغىنىنى ئاڭلىغان لىن جىنمۇ خۇشال بولغىنىدىن:
— بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى! — دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ باياتىنقى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىچارە، مىسكىن ئەپتىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
— سىزنى ماڭا ئاسمان تەڭرىسى ئۇچراشتۇردى، — دەپ قىزغىن سۆزلەپ كەتتى ئۇ، — يۇرت - قاياشىم يوق، يا تىل ئۇقمىغان مۇشۇنداق بىر يات ئەلدە سىزدەك بىر ۋەتەندىشىمنى ئۇچرىتالىغىنىم، ماڭا بۇدساتۋانىڭ يار - يۆلەكتە بولغانلىقى ئەمەسمۇ؟
— ئۇنداق دېمە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ، — نېمىلا بولمىسۇن، سېنىڭ بىلەن مەن ئىككىمىز بىر جۇڭگولۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىچارە، مىسكىنلەرگە يار - يۆلەك بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.
بىز پاراڭلاشقاچ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتۇق. بۇ چاغدا مېنىڭ سومكامنى ئاللىقاچان ئەپكېلىپ قويغانىكەن. سومكامدىن پوپايكام بىلەن چاپاننى ئېلىپ ئۇچامغا كىيىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر ئاز ئىسسىغاندەك بولدۇم. بىراق، ترانزىت زالىنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا بەربىر يېتىپ ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىككىمىز ئولتۇرغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.
ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەپتۇ. فۇتيەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، بىناكارلىق لايىھەلەش كەسپىدە ئوقۇپتۇ. ئۇ تارىخ كەسپىدە ئوقۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىكەن. ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخى ھەققىدە بىلىدىغان نەرسىلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇ ئىسرائىلىيىنىڭ ئېرۇسالىم شەھىرىدە تۇرغان ئىككى يىل

جەريانىدا جىق ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپتۇ.

مەن سەئۇدىغا زىيارەتكە بارغان مەزگىل «11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋە ئوتتۇرا شەرقتە پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشمۇ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا، بىز ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتمۇ تەبىئىي ھالدا پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدى...

لى جىنمۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىركىتىدە تەرجىمانلىق قىلىدىغان چىن فامىلىلىك بىر تەرجىمان بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن. ئېرۇسالىمنىڭ ياز كۈنلىرىدىكى ھاۋاسى ناھايىتى تىنجلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخشاملىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ ئىككىسى ئېرۇسالىمنىڭ يېڭى شەھەر رايونىدىكى ئافا تاللا بازىرىدا چەت ئەللىكلەر كۆپ بارىدىغان بىر قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچكەچ ھاۋالىنىدىكەن.

لى جىنمۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقىدەك يامانلاپ كېتىشىگە ئىسرائىلىيىنىڭ ھازىرقى زۇڭلىسى شاروننىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېرۇسالىمدىكى قۇددۇس شەرىفكە باستۇرۇپ كىرگەنلىكى سەۋەبچى بولۇپتۇدەك. ئەسلىدە بىر مەھەل پەسكويغا چۈشكەن پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى شۇنىڭدىن باشلاپ، باشقىلاتىن كۈچىيىپ، ئېرۇسالىم، تىل ـ ئاۋىف ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا تىنچ پۇقرالار ئاساسلىق زەربە بېرىش نىشانى قىلىنغان قانلىق تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئېرۇسالىم — يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى دەپ قارىلىدىغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر. ئۇ

ئافرىقا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىختا 37 قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىۋېلىنغان، سەككىز قېتىم خاراب قىلىنىۋېتىلگەنىكەن. ئېرۇسالىم تارىختا يەھۇدىيلار تەرىپىدىن 500 يىل، خىرىستىيانلار تەرىپىدىن 400 يىل، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن 1200 يىل ئىدارە قىلىنغان بولۇپ، شەھەردە ھەر خىل دىنلارغا تالىق تارىخىي ئىزلاردىن 200 نەچچىسى بار ئىكەن. قۇددۇس شەرىف تېغى ئەتراپىدا ھەر خىل دىنلارغا ئائىت بولغان تارىخىي ئىزلار ئۈستى - ئۈستىگە قاتلىنىپ كەلگەن بولۇپ، قەيەرنىڭ زادى قايسى دىنغا تالىق ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالماقمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىكەن.

لىن جىنمۇ چېن فامىلىلىك تەرجىمان دوستى بىلەن ئېرۇسالىم كونا شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قۇددۇس شەرىف تېغىنى كۆرگىلى ئىككى قېتىم بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، چوڭ - كىچىكلىكى ئاران يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قۇددۇس شەرىف مەيدانىدا تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قارايدىغان بولسا، پۈتۈن قۇددۇس شەرىف تېغىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى تولۇق كۆرگىلى بولىدىكەن. مەيداننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قۇددۇس شەرىف تېغىنىڭ ئاستىدا ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 52 مېتىر كېلىدىغان بىر تاش تام بار ئىكەن. بۇ تاش تام — يەھۇدىيلارنىڭ «ئەل بەقەر تېمى» ئىكەن؛ تاش تامنىڭ ئۈستىدە، غۇبارسىز، زەڭگەر رەڭلىك تىنىق ئاسماننىڭ ئاستىغا جايلاشقان قۇددۇس شەرىف تېغىنىڭ شىمالىي بېشىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتۇن قۇببىلىق مەسچىدى — «مەسچىدىل سەھرا»، جەنۇبىي بېشىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قارا قۇببىلىق مەسچىدى — «مەسچىدىل ئەقسا» جايلاشقانىكەن.

قۇددۇس شەرىف تېغى — يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ناھايىتى مۇقەددەس ھېسابلىنىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر -

يەھۇدىيلارنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغان يەر ئىكەن؛ بۇيەر ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مىكائىل پەرىشتە بىلەن چېلىشقان يەر ئىكەن. شۇڭا، ئاللا تەرىپىدىن «ئىسرائىل» (پەرىشتە بىلەن كۈچ سىناشقان، دېگەن مەنىدە) دەپ نام بېرىلگەنىكەن.

مىلادىدىن 1010 يىل ئىلگىرى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس جايىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مورىيا تېغى (ھازىرقى قۇددۇس شەرىف تېغى) دا تابۇد، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى قاتارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى ساقلايدىغان تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى ياسانقۇزماقچى بولغانىكەن. مىلادىدىن 957 - يىل ئىلگىرى، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، ئېنى ئون مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان تېمپىل ئىبادەتخانىسى ياساپ پۈتتۈرۈلگەنىكەن. بۇ ئىبادەتخانا شۇ چاغلاردا دۇنيا بويىچە ناھايىتى ھەيۋەتلىك ياسالغان ئىبادەتخانا بولغانلىقى ئۈچۈن، «خۇدا تۇرىدىغان ئۆي» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. مىلادىدىن 586 يىل ئىلگىرى، بابىلون قوشۇنلىرى ئېرۇسالىمغا باستۇرۇپ كىرىپ، تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلاپ، يەھۇدىيلارنى ئېرۇسالىمدىن قوغلاپ چىقارغانىكەن. مىلادىدىن 538 يىل ئىلگىرى، پارس شاھى دارىئۇس بابىلوننى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، تارىختا «بابىلون تۇتقۇنلىرى» دەپ ئاتالغان بىر مىليون يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلغانىكەن. مىلادىدىن 516 يىل ئىلگىرى، يەھۇدىيلار بىرىنچى قېتىمقى تېمپىل ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى ئورنىدا ئىككىنچى قېتىملىق تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى قايتا ياساپ چىققانىكەن. مىلادى 70 - يىلى، رىم ئىمپېراتورلۇقى ئېرۇسالىمدىكى تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى يەنە بىر قېتىم ۋەيران قىلىۋەتكەندە، ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي تېمىدىن بىر بۆلەك تام ھۇلىلا ساق قالغانىكەن. يەھۇدىيلار خارابىلىقتىن تاش تېرىپ

كېلىپ ئىبادەتخانىنىڭ قالدۇق ھۇلى ئۈستىدە بىر تاش تامنى قوپۇرۇپ چىقىپتۇ. كېيىن، رىم ئىمپېراتورلۇقى ھەر يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يەنى تېمپىل ئىبادەتخانىسى ۋەيران قىلىنغان خاتىرە كۈنىدە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىرۇسالىمدىكى تېمپىل ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىقىغا كېلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان يەھۇدىيلار بۇ تاش تامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يۈزىنى تاشقا يېقىپ، پۇخادىن چىققىچە يىغا ـ زارە قىلىشىدىغان بولغانىكەن. «ئەل بەقەر تېمى» نىڭ كېلىش سەۋەبى مانا مۇشۇ ئىكەن.

لىن جىنمۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا، «ئەل بەقەر تېمى» نىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاش پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقسا، يەھۇدىيلار «تېمپىل تېغى» دەپ ئاتايدىغان قۇددۇس شەرىف تېغىنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدىكەن. بۇ يەر «بەيتۇل مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بەيتۇل مۇقەددەس — ئىسلامىيەت دۇنياسىدا مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەم بىلەن مەدىنىدىكى ھەرەم شەرىفتىن قالسىلا يەنە بىر مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدىكەن. بەيتۇل مۇقەددەس — ئېگىز قورۇق تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان يوغان بىر سەينانىڭ ئىچىدىكى «مەسچىدىل ئەقسا» بىلەن «مەسچىدىل سەھرا» نى كۆرسىتىدىكەن.

دۇنياغا مەشھۇر بولغان «مەسچىدىل سەھرا» مەسچىدىنىڭ ئالتۇن قۇببىسى سەھەردىكى شەپەق نۇرىدا ياكى كەچلىك شەپەق نۇرىدا ئاجايىپ جۇلالىنىپ كۆرىنىدىكەن. بۇمەسچىد ھەزرىتى ئۆمەر رەزىئاللاھۇ ئەنھۇغا ئاتاپ سېلىنغان بولۇپ، مىلادى 691 ـ يىلى قايتا ياسالغاندا، ھازىرقى سەككىز بۇرجەكلىك مەسچىدكە ئۆزگەرتىلگەنىكەن. بۇ مەسچىدنىڭ قۇببىسىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى 54 مېتىر بولۇپ، دىئامېتىرى 24 مېتىر كېلىدىكەن. 1994 ـ يىلى، ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۆسەيىن ئالتە

مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇل خەجلەپ، 24 كىلوگرام ئالتۇن بىلەن «مەسچىدىل سەھرا» نىڭ قۇببىسىنى قاپلىتىپ چىقىپتۇ. مەسچىدنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۆت ئەتراپى مىس ۋادەك بىلەن ئىهاتىلەنگەن، گىرۋەكلىرىگە كۈمۈش بىلەن مىستىن جىيەك تۇتۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 17.7 مېتىر، ئىنى 5. 13 مېتىر كېلىدىغان يوغان بىر دانە كۆكتاش قويۇلغۇق ئىكەن. بۇ كۆكتاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆيۈقچە بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام قۇددۇس شەرىفتە مىئراجغا چىققاندا مىنگەن بۇراق دېگەن ئېتىنىڭ تۇياق ئىزى ئىمىش.

مەسچىدىل ئەقسا «مەسچىدىل سەھرا» غا قارىغاندا كۆپ ئاددى ئىكەن. كىشىلەر كۆپىنچە هاللاردا «مەسچىدىل ئەقسا» بىلەن «مەسچىدىل سەھرا» نى ئايرىلاشتۇرۇپ قويۇپ بىر، دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم ئىككى مەسچىد ئىكەن. «مەسچىدىل ئەقسا» نىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر، ئىنى 61 مېتىر، قۇببىسىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى 18 مېتىر كېلىدىكەن. سىرتتىن قارىسا، ناهايىتى هەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. مەسچىدنىڭ ئىچىدە يۇمىلاق مەر - مەر تۈۋرۈكتىن 53 ى، چاسا مەرمەر تۈۋرۈكتىن 49 ى بار ئىكەن. شۇڭا، ئالىملارنىڭ «مەسچىدىل ئەقسا» نى «يەر يۈزىدىكى ئەڭ هەشەمەتلىك، ئەڭ چىرايلىق ئىمارەت ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دەپ ئاتىشى بىكار گەپ ئەمەسكەن.

لىن جىنمۇ يەھۇدىيلار «تېمپىل تېغى» دەپ ئاتايدىغان ئېرۇسالىمدىكى «قۇددۇس شەرىف» نىڭ تارىخىنى ماڭا قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن «هازىرقى پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىشنىڭ تۈگۈنى زادى نېمە؟» دەپ سورىۋىدىم. ئۇ بۇ هەقتە ماڭا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— يەھۇدىيلارنىڭ « تەۋرات » دېگەن كىتابىدا، — دېدى ئۇ، — خۇدا ئالەمنى ئون ئۈلۈش گۈزەل قىلىپ يارىتىپ، توققۇز ئۈلۈشىنى ئېرۇسالىمغا ئايرىپ بەرگەن: خۇدا ئالەمگە ئون ئۈلۈش تەشۋىش - ئەندىشە چۈشۈرگەندە، توققۇز ئۈلۈشىنى ئېرۇسالىمغا بەرگەن، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەينى يىللاردا ئىسرائىلىيىلىكلەر قۇددۇس شەرىق تېغىنىڭ ئاستىدىن بىر تونىل قېزىپ، تاغنىڭ ئاستىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ «ئەل بەقەر تېمى» بىلەن «جەۋرى - مۇشەققەت يولى» نى ئۆز - ئارا تۇتاشتۇرماقچى بولغاندا ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئىسرائىلىيە زوڭلىسى بولغان شارون مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس تاۋابگاھى بولغان «بەيتۇل مۇقەددەس» نىڭ ئىچىگە كىرگەندە پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ قانلىق ماجىرا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانىكەن. ھازىر ئوڭچىل يەھۇدىي رادىكاللىرى «مەسچىدىل سەھرا بىلەن مەسچىدىل ئەقسانى چۇۋۇپ تاشلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى بىنا قىلىمىز! » دەپ جار سېلىشماقتا. ھەر يىلى تېمپىل ئىبادەتخانىسى خارابىلىقىدىن نەمۇنە قالغان يوغان بىر تاشنى يەھۇدىيلارنىڭ «ئەل بەقەر تېمى» نىڭ يېنىغا يۆتكەپ كېلىپ، يەھۇدىي تېمپىل ئىبادەتخانىسىنى قايتا قۇرۇشقا سىمۋول قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق ماجىرا زادىلا بېسىقماي كېلىۋېتىپتۇ. ھالبۇكى، بۇنداق قانلىق ماجىرا ھازىرقى زامان تارىخىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1948 - يىلى 5 - ئايدا، 1956 - يىلى 10 - ئايدا، 1967 - يىلى 6 - ئايدا، 1973 - يىلى 10 - ئايدا ۋە 1982 - يىلى 5 - ئايدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەش قېتىملىق ئوتتۇرا شەرىق ئۇرۇشىنىڭ ۋە ھازىرغا قەدەر بېسىقماي كېلىۋاتقان ئىسرائىلىيە - پەلەستىن ئۇرۇشىنىڭ ۋاستىلىك ۋە

بىۋاستە پىلتىسى بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق، پەلەستىن مەسىلىسى هازىرقى خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرى ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئەڭ كۆپ تارتىۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يۇرمىنىڭ بۇ قېتىمقى سەئۇدىغا قىلغان زىيارىتىم مەزگىلىدە بەزى زىيالىيلار بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىمدا ئەڭ كۆپ توختالغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىدىن بىرى بولدى. ئۇلارنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، 1947 ـ يىلى ب د ت ئانسانبىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پىلانلىشى بىلەن پەلەستىننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، پەلەستىندە ئەرەب دۆلىتى بىلەن يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى بەلگىلىگەنىكەن. ئىككىنچى يىلى، ئىسرائىلىيە پەلەستىن زېمىنىدىكى ئەرەب مۇساپىرلىرى مەسىلىسى هەل بولمىغان شارائىتتا دۆلەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىغانلىقتىن ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپتۇ. نەتىجىدە، پەلەستىنلىكلەر ئۆز ۋەتىنى تۇرۇغلۇق مۇساپىرلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە هازىرقى زامان تارىخىدىكى «ئەڭ ئادالەتسىز تەقدىر» گە مۇپتىلا بولۇپتۇ.

بەزى ئەرەب زىيالىيلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىلەر ئادەتتە هەممىگە باب كېلىدىغان پرىنسىپنى «ئورتاق پرىنسىپ» دەپ ئاتىشىدۇ. ب د ت ئانسانبىلى «ئىسرائىلىيە ئۆزى بېسىۋالغان بارلىق ئەرەب زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك» دەپ قايتا ـ قايتا قارار ماقۇللىغان. شۇڭا، ئىسرائىلىيە ئۆزى ئىشغال قىلىۋالغان بارلىق ئەرەب زېمىنىنى شەرتسىز هالدا ئەرەبلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئىراق ب د ت ئانسانبىلى ماقۇللىغان قارار بويىچە ئۆزى بېسىۋالغان كۇۋەيت زېمىنىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. «ئورتاق پرىنسىپ» بويىچە بولغاندا، ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە بىر خىل، ئىراقنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە يەنە بىر خىل پوزىتسىيە قوللانماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا بۇ مەسىلىدە پۈتۈنلەي قوش ئۆلچەم قوللانماقتا.

قوش ئۆلچەم بويىچە، كۆپىنچە ھاللاردا بىر يۈرۈش مۇرەككەپ ھوقۇق تىلى ئارقا تېرەك قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق زىيالىي ئېغىزىدا دېيىلىۋاتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلىنىۋاتقان ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشى، ھوقۇق تىلىنىڭ ئالدامچىلىقىنى قىلچىمۇ يۈز - خاتىرە قىلماستىن رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىشى كېرەك. ھازىر ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرىنى قاتمال ھالەتتىكى سېلىشتۇرۇش، تېرە تاراقشىتىپ، قورقۇق ھەيۋە قىلىش ئارقىلىق ئادەم قورقىتىدىغان ھوقۇق تىلى قاپلاپ كەتتى. بۇنداق قاتمال ھالەت ساددا، سەممىي، جانلىق ۋە تېتىك بولغان مەتبۇئات ئۇسلۇبىنى چەتكە قاقماقتا. بۇنى بەزىلەر: «تىلنىڭ چېكىنىشى، يەنى تىلنىڭ رودېمىتلىشىشى» دەپ ئاتاشماقتا. بۇنداق «رودېمىتلاشقان تىل» بىلەن قاتماللاشقان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى ھېچنېمىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان پاڭقايلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا سىياسىئونلىرى ئىجاد قىلغان «رەزىللىك ئوق مەركىزى»، «ئۇششۇق دۆلەتلەر»، «تېررورچى دۆلەتلەر» دېگەنگە ئوخشاش «رودېمىتلاشقان تىل» بىلەن ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشنى مەقسەت قىلغان «يېڭى مودال سۆز»لەر مەتبۇئاتنى قاپلاپ، كىشىلەرنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا ئەسلا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىممەت قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا ئاڭلىق، ئاڭسىز يوسۇندا يېتەكلىمەكتە.

مۇبادا، يېقىن كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ كۆرەشچى - بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى باغداتنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىردىنلا گۈلدۈرلەپ ئۇچقاندا، «مەدەنىيەتلىك دۇنيا» تېلېۋىزورلىرىدا

كۆرسىتىلىۋاتقان دەھشەتلىك بومباردىمانچىلىق كۆرۈنۈشلىرى ئالدىدا ھەيران بولۇپ قېتىپ قېلىشى مۇمكىن. كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلىش قورالىغا ئەڭ كۆپ ئىگە بولغان بىر دۆلەتنىڭ ئۆچ ئىلىك ئۆپرىماس تىلىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنى كولدۇرلىتىش ئارقىلىق جىنايەتكارنى بېكىتىشى — زامانىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان ئىلغار ئالاھىدە مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدا، «ئاكاڭ قارىغاي ئاق دېسە ئاق، قارا دېسە قارا بولىدۇ.» قېنى كىم ئۇنداق ئەمەس دەپباقسۇنچۇ؟! ...»

بىراق، مەن ئۇلارنىڭ بۇ كۆز - قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىنى توغرا، دەپ ھېسابلاپ كەتمەيمەن، چۈنكى، «ئوتتۇرىدا قانشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ!»

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسا كېرەك. مەن بىر قېتىم ئاتپوسكا بىلەن قەشقەردىن چۆقۇغا كەلسەم، يۇرت ئىچىنى مالىمانچىلىق قاپلاپ كەتكەنىكەن. يۇرتىمىزدىكى دېھقانلار باشقا يۇرتتىكى دېھقانلارغا ئوخشاش. «ئىنقىلاپ قىلىش گۇناھ ئەمەس، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق! » دەپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تاشلاپ كوچىغا چىقىشىۋالغانىكەن. مەن دادام رەھمەتلىكتىن: «ئېتىزلار تېرىقسىز قالسا، كېلەر يىلى ئۇلار قارنىغا نېمە يېيىشىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەي بالام، نېمىسىنى دەيسەن، بۇ ئىشقا سېنىڭ بىلەن مەن باش قاتۇرۇپ بولالامدۇق؟ جاھاننى ساراڭ ئوخشايدۇ، ساراڭنى ساراڭ ئوخشايدۇ! بۇنداق مالىمان جاھاننى ئوخشايدىغان بىر نوچى ساراڭ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!» دەپ ئېيتقانىدى. شۇڭا، ھازىرقىدەك «مالىمان» دۇنيانى ئوخشايدىغانغا بىرەر «ساراڭ» چىقمىسا، بۇنداق «مالىمان» زاماننى تىنجىتقىلى بولامدۇ؟!

مەن لىن جىنمۇدىن ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ پەلەستىن

مەسىلىسىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى ئاڭلىغان مۇنداق بىر ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەردى:

ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر قېتىم ئۇ ھېلىقى چىن فامىلىلىك تەرجىمان دوستى بىلەن بىللە ئېرۇسالىمدىكى مەلۇم بىر قەھۋەخانىغا قەھۋە ئىچىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئۇلار ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى بىر ئۈستەلدە ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر ئىسرائىلىيە ئەسكىرىمۇ قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ لىن جىنمۇ ئىككىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قەھۋەسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپتۇ. چىن فامىلىلىك تەرجىمان ئۇنىڭ بىلەن ئىبرانىي تىلىدا بىر ھازاغىچە سۆزلىشىپتۇ. كېيىن لىن جىنمۇنىڭ تەرجىمان دوستى ھېلىقى ئىسرائىلىيە ئەسكىرىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ.

— بىز پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈردۇق، — دەپتۇ ھېلىقى ئىسرائىلىيە ئەسكىرى ئۇنىڭغا، - بىز ھەر قېتىم پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، قېرىلار بىلەن باللارنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ بولۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز ئۇلارنىڭ تېلېۋىزورىنى، ئائىلە سايمانلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، چۇل - چۇل قىلىۋەتتۇق. دەسلەپتە بۇ بىزگە ھېچقانداق تۇيۇلمىغانىدى. كېيىن بۇ ئىشنى ئويلىسام، ئۆز - ئۆزۈمگە قىلىپ قويغاندەكلا قاتتىق بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالدىم. ھالا بۈگۈن، ئاشۇ قىلغانلىرىمغا بەكمۇ ئۆكۈنمەكتىمەن. ئۆيۈمگە قايتقاندا، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. بەزىدە ساراڭلاردەكلا تامغا ئۆزۈمچە ئۇسۇپ كېتىمەن. ھازىر مەن ئىشسىز يۈرۈۋاتىمەن، مېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق!

لىن جىنمۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىېرۇسالىم گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، ھازىر پەلەستىنىنىڭ گازا رايونى بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «ئۇنىۋېرسال بىئاراملىق كېسىلى» دېگەن بىر خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇدەك. ئۇلار ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان ئەرەب زېمىنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن «شەخس بوھرانى»غا دۇچ كەلمەكتە ئىكەن. بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەت نەتىجىسىدە، كۆپ سانلىق ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، زەھەر چېكىش، ئۆزىنى نابۇد قىلىۋېلىش، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك چارىلەرنى قوللانماقتا ئىكەن. . .

تاشكەنتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاسمىنى ئاقىرىشقا باشلىغاندا، بىزنىڭ سۆھبىتىمىزمۇ ئاياغلىشىپ قالغاندى. چۈشتىن ئىلگىرى تاشكەنت ۋاقتى سائەت ئوندا، مەن لىن جىنمۇنى تاشكەنت خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ترانزىت زالىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ئۇزۇتۇپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، تاشكەنتتىن بېيجىڭغا ئۇچىدىغان 314 ـ قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلان بىلەن ۋەتەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. مەنمۇ بىر سائەتتىن كېيىن، تاشكەنتتىن ئالما ئاتاغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان بىلەن ئالما ئاتاغا قاراپ ئۇچتۇم . . .

## ئاخىرقى سۆز

ئايروپىلان ئون مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە يەر باغرىلاپ ئۇچماقتا. ئاستىمدا ئاقباش تەڭرىتاغلىرى سوزۇلۇپ ياتماقتا. كۆز يەتكۈسىز يەتتىسۇ دالاسى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان. مەشھۇر تۈركىستان تۆمۈر يولى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ يىلانباغرى سوزۇلغان. ئۇ تاشكەنتتىن تاكى ئالما ئاتاغىچە مېنىڭ نەزەر دائىرەمنىڭ سىرتىغا چىقمىدى. تەپەككۇر قاناتلىرىم خۇددى لاچىندەك پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ تاپتا ئايروپىلان بىردىنلا شەرققە قايرىلىپ ئۇچسا، بىر سائەت ئىچىدە ۋەتىنىمگە يېتىپ بارسام ياكى بولمىسا، ئاللا ماڭا لاچىننىڭ قانىتىدەك ئىككى كۈچلۈك قانات ئاتا قىلسا، كۆكتە بىر شۇڭغۇسام، هويلامدىكى قىبرى ئۈژمىنىڭ شېخىغا بېرىپ قونسام . . .

ئالما ئاتا ۋاقتى سائەت ئون ئىككى يېرىمدا، مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان ئالما ئاتا خەلقئارا ئايروپورتىغا سىيلىق قوندى. مەن چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۇچۇن، بەلگۈلىمە بويىچە يېنىمدىكى ئامېرىكا دوللىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى دىكلاراتسىيىگە تولدۇردۇم. يېنىمدا پارچە توققۇز ئامېرىكا دوللىرى بار ئىدى، نېمە ئۇچۇندۇر، ئۇنى تولدۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن. تاموژنىدىن ئۆتىدىغاندا، لىرا ئىسىملىق بىر قازاق قىزى ماڭا: «بۇ توققۇز ئامېرىكا دوللىرى دىكلاراتسىيىگە چۈشمەپتۇ. شۇڭا، ئىشتىراف تۆلەيسىز!» دەپ، هېلىقى توققۇز

ئامېرىكا دوللىرىنى مېنىڭدىن ئېلىۋالدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز ئۇيغۇرلاردا خەقنىڭ ھەققىنى ئالسا، دۇئا قىلىدىغان ئادەت بار. شۇڭا، مېنىڭ ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىپ قويغان بولسىڭىز، مەن بەك خۇشال بولغان بولاتتىم!

— دۇئانى قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى لىرا مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمەي.

— ئىككى قولىڭىزنىڭ ئالقىنىنى يۈزىڭىزگە قارىتىپ ئېچىپ «ئىلاھا ئامىن!» دېسىڭىز بولىدۇ! — دېدىم مەن كۈلمەي تۇرۇپ.

— سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن! — دەپ دۇئا قىلدى ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ئىلاھا ئامىن!...

مەن ئايروپورتتىن چىقىپ، تاكسى كىرا قىلىپ ئۇدۇل بىر نەۋرە ئىنىم ماھمۇتنىڭ ياتىقىغا كەلدىم. ماھمۇت ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى خوجا ئەھمەت ئاكا ھەم ئايالى زۈلخۇمار خانىم بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق. ئاخشىمى مەن ئۇلارغا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم.

ئىنىم ماھمۇت ئالما ئاتادىن ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئالدىن زاكاز قىلىپ قويۇپتىكەن. ئەتىسى، چۈشتىن كېيىن ئالما ئاتا ۋاقتى سائەت تۆتتە، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 160 كىشىلىك ئىككى ماتورلۇق رېئاكتىپ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئۇچتۇم...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن 2001 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا قازاقىستاندىكى ئالما ئاتا بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەدىنە، مەككە، جىددە قاتارلىق جايلاردا بىر ئايدەك زىيارەتتە بولدۇم. 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ

25 ـ كۈنىگىچە، رەپىقەم تۇنىسا كەنجى بىلەن بىللە ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل ئارال — خۇككايدو ئارىلىدا ساياھەتتە بولدۇم. بۇ قېتىمقى ياپونىيىگە قىلغان زىيارىتىمىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇئەللىپنىڭ ساياھەت خاتىرىسى: «چەت ئەلدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» نىڭ 3 ـ قىسمى: «خۇككايدودىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» نى ئوقۇغايسىز.

# ئۈچىنچى قىسىم

# خوككايدودىكى كۆنلەر ۋە تۈنلەر

## «ئوخايوگودايماس!»

بۈگۈن ئەتىگەن مەن ۋە ئايالىم تۇنسا ئىككىمىز ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل ئارال — خوككايدو ئارىلىنىڭ مەركىزى ساپوررو شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن، شاڭخەي شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان خۇڭچياۋ خەلقئارا ئايروپورتىدا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا چىقتۇق. بۇ چاغدا شاڭخەيدە قارا يامغۇر يېغىۋاتقانىدى. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 8:25 مىنۇت ئۆتكەندە بىز ئولتۇرغان «ئايروبوس ـ 320» تىپلىق 158 كىشىلىك، ئىككى ماتورلۇق رېئاكتىپ ئايروپىلان خۇڭچياۋ خەلقئارا ئايروپورتىدىن غارقىراپ ئۇچقان پېتى ئاسمانغا تېز كۆتۈرۈلدى.

ئايروپىلان قانىتىنىڭ ئاستىدا ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز بىنالار، بۇ بىنالارنى ئايرىپ تۇرغان تۈپتۈز كوچا ـ يوللار، بۇ كوچا ـ يوللاردا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ھەر خىل ئاپتوموبىللار، شاڭخەينىڭ قايناق بازارلىرىدا مېڭىپ يۈرۈشكەن مىغ ـ مىغ ئادەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاستىمىزدىكى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئېگىز سانىلىدىغان شاڭخەي تېلېۋىزىيە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دەريا قىرغىقىدا گۈزەل

ۋەيتەن باغچىسى غىلپاللا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى.

يىللار ھەقىقەتەن ئىنسانىنىڭ كىشىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى بېيىتىدۇ. شۇنداقلا بىر شەھەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ شەھەردە يۈز بەرگەن سان - ساناقسىز ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئەينەن سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ.

بۇ مېنىڭ شاڭخەيگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشىم ئىدى. بىرىنچى قېتىمقى سەپىرىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئارمىيىدە ئىشلەيدىغان چاغلىرىم بولۇپ، مىلادى 1978 - يىلى 11 - ئايدا مەن ئەسكەر ئېلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە كەلگەنىدىم. شۇ چاغلاردا دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ سانائەت ۋە ئىستېمال شەھىرى ھېسابلىنىدىغان شاڭخەي شەھىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ - ھەس بولغىنىمدىن خۇددى ھازىرقىدەكلا ئاغزىمنى ئېچىپ قالغانىدىم. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كونىچە نۇسخىدىكى ھەر خىل ئېگىز - پەس ئۆيلەر، كوچىلارنى قاپلاپ ئۇياق - بۇياققا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان سان - ساناقسىز ۋېلىسىپىتلىك كىشىلەر، ئەخلەت قاپلاپ، يۇندا ئېقىپ تۇرىدىغان پاسكىنا، سېسىق ۋە تار، قىستاڭ كوچىلار، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ۋەيتەن باغچىسى مېنىڭدە ئاجايىپ چوڭقۇر، ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. شۇ چاغدىكى شاڭخەي ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ھازىرقىدىن كۆپ ئارقىدا تۇراتتى. ئارىدىن يىگىرمە تۆت يىل ئۆتۈپ مەن شاڭخەيگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، شاڭخەينىڭ تار، قىستاڭ، ئەمما پاكىزە كوچىلىرى، بۇ كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپ - يېشىل دەل - دەرەخلەر مېنى ئۆزىگە يەنىلا مەھلىيا قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز ئاسما كۆۋرۈكلەر، دەريا بويىدىكى پىرىستانلاردا توختاپ كەتكەن پاراخودلار، دەريانىڭ

شەرقىدىكى پۇدۇڭ رايونىدا ئاسمانپەلەك قەد كۆتۈرگەن ئەللىك ـ ئاتمىش، سەكسەن ـ توقسان قەۋەتلىك، ھەتتا يۈز نەچچە قەۋەتلىك قاتمۇ ـ قات ئېگىز خىزمەت بىنالىرى، سان ـ ساناقسىز ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، تۈرلۈك ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى مىكرو رايونلار، بەشيۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلار ۋە بۇ ئېگىز ـ ئېگىز ئىمارەتلەر ئارىسىدىكى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان ئىستىراھەت باغچە ـ مەيدانلىرى مېنىڭدە يېپيېڭى تەسىراتلارنى قوزغىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شاڭخەيلىكلەر دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىي بويىچە، تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا پۇدۇڭ رايونىنى ئېچىۋېتىلگەن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ ۋە شاڭخەي شەھىرىنى چاڭجياڭ دېلتىسىدىكى تەرەققىيات بەلۋىغى بويىچە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان رايونغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى بولغان شاڭخەي شەھىرىدە «بوئىن ـ 777» تىپلىق رېئاكتىپ پاساژىر ئايروپىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى ھەر خىل رېئاكتىپ پاساژىر ئايروپىلانلىرى قونۇپ ۋە ئۇچالايدىغان شەرقىي دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان پۇدۇڭ خەلقئارا ئايروپورتى بىلەن شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان خۇڭچاۋ خەلقئارا ئايروپورتلىرى شاڭخەي شەھىرىنى دۇنيادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار بىلەن زىچ باغلاپ تۇرىدىكەن؛ شاڭخەي شەھىرى ئۆزىنىڭ شەرقىي دېڭىز بويىغا جايلاشقانلىق ئەپلىك جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا، جەنۇپ بىلەن شىمال، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇدا ۋە قۇرۇقلۇق غول قاتناش تۈگۈنلۈك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپتۇ!

ياپونيه، كورىيه ۋە شاڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت، رايونلار بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئېرىلىپ تۇرىدىغان شاڭخەي شەھىرى خەلقئارا پورت شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيادىكى 180 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىۋارەن، شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىق، شاڭخەينىڭ ئىقتىسادىي داۋاملىق تۇردە تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا بېسىپتۇ. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، خەلق تۇرمۇشى تىنچ - پاراۋانلىق، ئاسايىشلىق ئىچىدە داۋام قىلىۋېتىپتۇ.

شاڭخەي شەھىرى ئۆزىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسىنىڭ مۇھىم ئورنى بىلەن شەرقتىن كىرگۈزۈش، غەربتىن چىقىرىش بازىسلىق رولىنى تېخىمۇ زور جارى قىلدۇرۇش داۋامىدا چوقۇم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يېڭى دىققەت مەركىزىگە ۋە مەبلەغ سېلىش قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ!

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى. ئايروپىلان بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يامغۇر توختىغان، ئېتىزلىقلار ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. ئەنە شەرقىي دېڭىز ياقىسى كۆرۈندى. بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان 10000 مېتىر ئېگىزلىككە چىققاندا، شەرقىي دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ، سائىتىگە 800 كىلومېتىر تېزلىكتە شىمالغا قاراپ گورزىنتال ئۇچۇشقا باشلىدى. ئاستىمىزدا يېيىلىپ ياتقان شەرقىي دېڭىزنىڭ ياقىسى ناھايىتى چوڭ ئاجايىپ بۇرۇلۇشلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ھېلى بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يۇمىلاق تۇمشۇق ھاسىل قىلسا، ھېلى ئىككىنچى تەرەپكە بۇرۇلۇپ

قولتۇق ـ لىمان ھاسىل قىلاتتى. بۇ قولتۇق ـ لىمانلاردا ھەر
خىل تونناژلىق پاراخوت ـ كېمىلەر قاتار ـ قاتار تىزىلىپ
تۇرۇشاتتى. بۇ قولتۇق لىمانلارنىڭ سەل نېرىسىدا كۆز يەتكۈسىز
تۇتاش كەتكەن شاللىقلار سارغىيىپ تۇرۇشاتتى. شەرقىي دېڭىز
ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا خۇددى يالتىراق كۈمۈش قەغەزدەك
كۆزنى چېقىپ تۇراتتى. دېڭىز ياقىسىدىكى يېزىلاردا باغلار قارا
مەيدانلاردەك سوزۇلغانىدى. بىر ـ بىرىدىن ئۇزۇن بازار ـ
يېزىلار ھەر خىل شەكىلدىكى ئاپئاق ئۆيلىرى بىلەن خۇددى ھەرە
ئۇۋىسىغا ئوخشايتتى.

مەن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سول تەرىپىمگە قارىۋېدىم،
ئىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان غەرپ تەرەپتىكى چاڭجياڭ
دەرياسىنى ئاران ئىلغا قىلالىدىم. شەرقىي دېڭىزدىن بالقىپ
چىققان ئەتىگەنلىك قۇياش ۋەتىنىمنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى
ئالتۇن نۇرىغا چۆمكىگەنىدى. ئايروپىلان ئەمدى پايانسىز تىنچ
ئوكيان ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى، ئاستىمىزدىكى ئوكيان
يۈزىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاق سىزىقچىلار
ۋە ئوكياننىڭ ئۇ يېرى ـ بۇ يېرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن چوڭ
تونناژلىق پاراخودلار كۆزگە ئاندا ـ ساندا چېلىقىپ قالمىسا،
تىنچ ئوكيان خۇددى ئۆزىنىڭ نامىدەك تېپتىنچ، ھەركەتسىز
ئىدى. «نېمە دېگەن پايانسىز ئوكيان بۇ!» دەپ ئىختىيارسىز
ھالدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە خىتاپ قىلغىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. تۆت
ئەتراپنى قاپلىغان پايانى يوق بۇ تېنچ ئوكيان ئۇپۇقتا ئاسمان
بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى دېڭىز ـ
ئوكيان، يەنىلا دېڭىز ـ ئوكيان! . . . مەن ئۇپۇقتا قوشۇلۇپ
كەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاق بۇژغۇن كۆتۈرۈپ ئۆرلىگەن شىددەتلىك
دولقۇنلىرى بىلەن ئاندا ـ ساندا ئاق سىزىقچە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان
بۇ تىنچ ئوكياننى قانداق تەسۋىرلەشنى بىلمەي ئولتۇردۇم.
قايسىبىر كىتابتىن: «قەلەم بولسا دەرەخ ـ ئورمان! سىياھ

بولسا دېڭىز ـ ئوكيان، قەغەز بولسا زېمىن ـ ئاسمان، بولۇپ شائىر جىمى ئىنسان! . . .» دېگەن قۇرلارنى ئوقىغانىدىم. بىراق، مۇشۇ دەقىقىلەردە پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ يازغان تەقدىردىمۇ ئاستىمدا سوزۇلۇپ ياتقان تىنچ ئوكياننىڭ پايانسىز قەلبىنى تەسۋىرلەپ بولالماسلىقىمغا كۆزۈم يەتتى! بىر چاغلاردا يېنىمغا قارىسام، يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئايالىم تۇنىسا بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ، تاتلىق ئۇخلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىمغا ئورتاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جەينىكىم بىلەن ئاستا نوقىدىم. ئۇ ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ: «نېمە؟» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا ئايروپىلاننىڭ ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز ئوكيانغا «قارا» دېگەندەك ئىملىدىم.

ئايروپىلان تىنچ ئوكيان ئۈستىدە شىمالغا قاراپ تەخمىنەن ئۈچ سائەتتەك ئۇچقاندىن كېيىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بىلەن ياپون تاقىم ئاراللىرىنى ئايرىپ مەشھۇر چاۋشيەن بوغۇزىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى.

سول تەرەپتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بۆلۈكىگە جايلاشقان كورىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان ئېدىرلىقلارنىڭ كەينىدە مەشھۇر دابەيشەن تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

بىز ئولتۇرغان «ئايروبوس — 320» تىپلىق 180 كىشىلىك رېئاكتىپ ئايروپىلان يايپېشىل كورىيە زېمىنىنى ئارقىغا تاشلاپ چاۋشيەن بوغۇزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەشھۇر سوسىما بوغۇزىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، 1905 ـ يىلىدىكى چارروسىيە ـ ياپونىيە دېڭىز ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەنگەن تارىخىي رومان «سوسىما» نى ئوقىغانىدىم. ئەينى يىللاردا ياپونىيە فلوتى چارروسىيىنىڭ بالتىق دېڭىز فلوتىنى

مۇشۇ سوسما بوغۇزىدا پۇتۇنلەي تارمار كەلتۇرگەنىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى، ياپون مىلىتارىزمىنى تەنقىد قىلىش يۈزىسىدىن دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە قويۇلغان ياپونىيە فىلىمى «ئاھ، دېڭىز ئارمىيىسى» دېگەن كىنو فىلىمىدىمۇ ئاشۇ قېتىملىق سوسما دېڭىز ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى.

بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان سوسما بوغىزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ياپونىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىردى ۋە ياپونىيىنىڭ فۇكوئوكا، ناگويا قاتارلىق شەھەرلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، ياپونىيىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ ئىككى سائەت داۋاملىق ئۇچتى. شۇ يەر ۋاقتى سائەت 12:30 ئۆتكەندە، ئايروپىلان ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى — گۈزەل خوككايدو ئارىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شىن چىتوسې خەلقئارا ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى.

بىز ياپون تاموژنىسىدا چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن، يېرىم سائەتتەك ھايال بولدۇق.

ياپون تاموژنا خادىملىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن سىلىق ـ سىپايە ئىكەن. ئۇلار چېگرىدىن كىرىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ پاسپورتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن پاسپورتقا «تاققىدە!» قىلىپ چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىش تامغىسىنى ئۇرىدىكەن ۋە ئورنىدىن «شاققىدە» تۇرۇپ: «سىزنىڭ ياپونىيىگە كەلگىنىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!» دەپ، پاسپورتنى تولىمۇ ئېھتىرام بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىدىكەن. مەن ياپونىيە زېمىنىغا تۇنجى قېتىم قەدەم بېسىپلا، تاموژنا خادىملىرىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ، تەربىيە كۆرگەن مەدەنىيەتلىك ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئايالىم تۇنسا ۋە مەن ئىككىمىز ياپونىيە تاموژنىسىدىن

چىقساق، ساپوررو شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «خەلقئارا ئالاقە پلازا»سىدا خىزمەت قىلىدىغان قىزىمىز مېھرىئاي ۋاجىما ئىسىملىك بىر خىزمەتدېشى بىلەن بىللە بىزنى ئىشىكتە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن. قىزىمىزنى كۆرمىگىلى بىر يېرىم يىلدەك بولۇپ قالغاچقىمۇ، مەن ۋە ئاپىسى ئىككىمىزمۇ ئۇنى بەك سېغىنىپ كەتكەنىدۇق. قىزىمىزمۇ بىزنى بەك سېغىنىپتۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى باغرىمىزغا چىڭ بېسىپ، قانماي سۆيۈپ كەتتۇق. ئۇ سەل جۇدەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ياپونىيەدە كىشىلەر ناھايىتى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىكەن. ھەممە ئادەم ئۆگىنىش، خىزمەت ئۈچۈن ئالدىرايدىكەن، ئۆزىنى ئاز ئويلايدىكەن، بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت رېتىمى تولىمۇ ئىتتىك بولىدىكەن، شۇڭا، ئادەملەر تۇرمۇش مەئىشتى قانچە ئاددى بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارايدىكەن. ياپونىيەدە كىشىلەر غىزالىنىش، زىياپەت، مېھماندارچىلىق، دېگەندەك ئىشلارغا ھەقىقەتەن كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمايدىكەن. ياپونلار ھەممە ئىشتا، ھەممە ۋاقىتتا ۋە ھەممە يەردە ئۆگىنىش، خىزمەتنىلا ئويلاپ، ئۆزىنى ئاز ئويلىغاچقا، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى راھەت پاراغىتى ئىش ـ خىزمەت بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. شۇنداق، بىز خوككايدودا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە، بىكارچىلىقتىكى «راھەت ـ پاراغەت» دەستىدىن بىزدىكىدەك سەمىرىپ، قورساق سالغان ئادەملەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتۇق.

بىز قىزىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاجىما دېگەن خىزمەتدېشى بىلەنمۇ سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق. ياپونلارنىڭ سالاملىشىش قائىدىسى ئۇيغۇرلارغا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئىككى قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ بېشىمنى سەل ئېگىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ سالام قىلدىم. ئۇ ماڭا «ئوھايوگودايماس!» دېگىنىچە تولۇق ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ سالام قىلدى. مەن مېھرىئايدىن بۇ بىر

جۈملە ياپونچە سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىسام، ئۇ ماڭا ئۇيغۇرچىدىكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنانى بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. «ئوخايوگودايماس» — مەن ياپونىيە زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئۆگىنىۋالغان ياپونچە تۇنجى سۆز بولدى!

بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مېھرىئايىنىڭ خىزمەتدېشى ۋاجىمانىڭ «مازىدا» ماركىلىق پىكاپىغا ئولتۇرۇپ خوككايدو مەركىزى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ئارقىلىق ساپوررو شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە ئايالىم ئىككىمىزنىڭ ياپونىيە زېمىنىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى گۈزەل خوككايدو ئارىلىدا مەنىلىك ئۆتكۈزگەن قىرىق كۈن ۋە قىرىق تۈنىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشلىدۇق!

## «ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئالدىراڭلار! ئالدىراڭلار!! ئالدىراڭلار!!!»

ساپوررو شەھىرى خوككايدوننىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ياپونىيە بويىچە بەشىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدۇ. شەھەرنىڭ مەركىزىدە ئاق رەڭلىك بىر قەدىمكى سائەت راۋىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 1878 - يىلى ساپوررو ئاگرونوملار مەكتىپىنىڭ مەشىق مەيدانىغا ياسالغان بۇ سائەت راۋىقى ساپوررو شەھىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈن ياپونىيەگە مەشھۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىمۇ مەشھۇر بولغان ئاسارىئەتىقە ۋە سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خۇددى سۆبھىدىكى چاقناپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزىدەك، «ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئالدىراڭلار! ئالدىراڭلار!! ئالدىراڭلار!!!» دەپ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازىنى ساپوررونىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا ياڭرىتىپ، بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بويان، بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتمۇ توختىماستىن ساداقەتلىك بىلەن ۋاقىتنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ھەر قېتىم سائەت راۋىقىدىن جاراڭلىق ئۇرۇلغان قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلانغاندا، تۇرمۇش رېتىمى ئاجايىپ تېز ئۆتىدىغان تىرىشچان ياپونلار ئەتىنىڭ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، جىمىكى تىرىكچىلىك غەملىرىنى، جىمىكى خىزمەتلىرىنى، جىمىكى قانۇنلارنى، دۆلەتنىڭ جىمىكى باج - سېلىقلىرىنى بىر مىنۇت بولسىمۇ

يادىلىرىدىن چىقىرىپ، بىلەكلىرىدىكى سائەتلىرىنى ئاجايىپ زىلىلىق بىلەن ئۇنىڭغا تەڭشەيدۇ!

بۇگۈن شەنبە، كىمۇبى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ساساكى ـ كىنساكۇ ئەپەندى بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلمەكچى. شۇڭا، بىز ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھماننى كۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق.

ساساكى كىنساكۇ — بىز ساپوررودىكى چېغىمىزدا قىزىمىز مېھرىئاينىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ياپونىيىلىك بىر دوستىمىزنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ چاچلىرى كۇمۇشتەك ئاقارغان، ئەقىللىق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، جۇغى كىچىك، تېتىك بىر بوۋاي بولۇپ، بۇ يىل ئۇ 78 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، بەش بالىسى ياپونىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆز ئۆيىدە مومىيى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مومىيى ساساكى سان خانىم ئاغرىقچان بولغاچقا سىرتلارغا چىقالمايدىكەن.

ساساكى كىنساكۇ ئەپەندى قىزىمىز مېھرىئايدىن «ساپوررو خەلقئارا پلازا» دا خەنزۇ تىلىدىن ساۋاق ئېلىۋاتقان نۇرغۇن ياپونلار ئىچىدىكى ئاددىي بىر ياپون ئىكەن. ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ساپوررودىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىموبى شەھىرىدىن ساپورروغا كېلىپ، مېھرىئايدىن ساۋاق ئېلىپ، كەچتە يەنە كىموبىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىكەن.

ساساكى كىنساكۇ مېھرىئايدىن بىزنىڭ خوككايدوغا كېلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپتۇ. بىز ساپوررو شەھىرىگە كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ كىموبىدىن ئاتايتەن بىزنى كۆرگىلى كېلىپتۇ. شۇ كۈنى، بىزمۇ ئۇنىڭ تېلېفونىنى

ئىلىپلا ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغانىدۇق. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، ئايىقىنى سېلىۋېتىپ، ياپونلارنىڭ قائىدىسى بويىچە تاتامى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ئوھايو گودايماس!» دېگىنىچە بىزگە تەزىم قىلدى. دادامدەك قېرىسال بىر ئادەمنىڭ بىزگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم قىلغىنىدىن قاتتىق ئۇيالدىم — دە، ئىتتىك ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ۋە:

— سىز ياشانغان ئادەم تۇرۇپ، ئۇنداق تۈزۈت قىلىپ كەتمەڭ. بولمىسا، بىز بەك خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمىز! — دېۋىدىم، ئۇمۇ ئەمدىلەتىن ئۆگەنگەن خەنزۇ تىلىدا ھەجىلەپ سۆزلەپ:

— بىز ياپونلاردا: «يەتتە ياشلىق سەپەردىن كەلسە، يەتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئايروپورتقا ئالدىڭلارغا چىقالمىدىم، شۇڭا بەك ئۆزرىلىكمەن! — دېۋىدى، تۇنسا دەرھال:

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، بىزنى ئاتايىتەن كىمۇبىدىن يوقلاپ كەپسىز، بىز بەك ئوسىرلەندۇق! — دېدى قىزغىنلىق بىلەن، — قىزىمىز مېھرىئاي سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلىپ بەردى. سىز مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق يەنە تىرىشىپ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋېتىپسىز. بىز سىزدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك، قېنى تۆرگە ئۆتۈڭ!

ساساكى كىنساكۇ بوۋاي تۆرگە ئۆتۈپ مىسىل ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. تۇنسا راستلاقلىق داستىخاننى ئېچىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇيغۇر قائىدىسى بويىچە بوۋاينىڭ قولىغا سۇ بەردىم.

— سىلەرنىڭ بۇ ئادىتىڭلار بىزگە بەك ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، — دېدى ئۇ قول چايقاپ بولغاندىن كېيىن — بىزمۇ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قول چايقايمىز.

— دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ ئادەتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن، — خۇددى سىلەرنىڭ تىلىڭلاردىكى بەزى سۆزلەر بىلەن بىزنىڭ تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئوخشىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

تۇنسا دەملەنگەن بىر پىيالە چاينى پەتنۇس بىلەن ئۇنىڭغا سۇنىۋېدى، ئۇ چاينى ئالماقچى بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، مەن بۇ چاغدا:

— بىھاجەت، بىھاجەت، ئولتۇرۇپ ئالسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دەپ ئۇنى توستۇم.

بىز ئۈرۈمچىدىن ياپونىيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا بىر تونۇر توقاچ ياقتۇرۇۋالغانىدۇق. گەرچە بۇ توقاچلار ئاللىقاچان قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بولكىدىن باشقا نان تېپىلمايدىغان ياپونىيىدە بۇ قاتتىق توقاچلار بىزگە بەك ئەسقاتاتتى. مەن توقاچلارنى يامان تەسلىكتە سۇندۇرۇپ، ساساكى كىنساكۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدۇم. ئۇ ئۇيغۇر توقاچلىرىغا ئېغىز تېگىپ، يەپ كۆرگەندىن كېيىن «ناھايىتى تەملىك ئىكەن، بولكىدىن كۆپ مېزىلىك ئىكەن!» دەپ ماختاپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك ساساكى سان، تۇزۇت قىلماي داستىخانغا باققاچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى تۇنسا كۈلۈمسىرەپ، — مەن مېھراي بىلەن بىللە، سىزگە ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بېرەيلى!

مېھرىئاينىڭ دېيىشىچە، «سان» دېگەن سۆز ياپون تىلىدا «جاناب»، «ئەپەندى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن.

بۇ چاغدا، بايىقى جىددىيلىك تۈگىگەنىدى. شۇڭا، ساساكى كىنساكۇ بوۋايمۇ بەك تۇزۇت قىلىپ كەتمىدى. تاماق پىشقىچە مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئىككىمىزنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سۆھبەت بەزىدە خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئېغىزدا، بەزىدە خەنزۇچە يېزىق ئارقىلىق قەغەزدە داۋام قىلدى.

— ھۆرمەتلىك ساساكى سان، بۇ يىل سىز 78 ياشقا كىرىپسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەمما ناھايىتى تېتىك تۇرۇپسىز، يەنە تېخى ياشانغانلىقىڭىزغا تەن بەرمەستىن، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋېتىپسىز، بىز سىزگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇق! بىراق، ھۆرمەتلىك ساساكى سان، ئۆزىڭىزنى كېچىكىپ قالغاندەك ھېس قىلامسىز؟

ساساكى كىنساكۇ مېنىڭ سۆزۈمدىكى «قايىل بولدۇق!» دېگەن خەنزۇچە سۆزنى چۈشىنەلمەي مېنىڭدىن قايتا سورىۋېدى. مەن دەرھال ئالدىمدىكى قەغەزگە خەنزۇچە «قايىل بولۇش» دېگەن سۆزنى يېزىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋېدىم، مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشىنىپ، كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— تىرىشچان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، — دېدى ئۇ خەنزۇ تىلىدا ھەجىلەپ تۇرۇپ، — خۇددى ئۆگىنىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولمىغىنىدەك، ئاخىرلىشىش نۇقتىسىمۇ بولمايدۇ. مەن بالىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپلا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. بىراق، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بالىلىقتىكى بۇ ئارزۇ - ھەۋىسىم ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. مانا يېشىم سەكسەنگە ئۇلاشقاندا، مەن بالىلىقتىكى بۇ ئارزۇيۇمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاپ، ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىغا قېتىلدىم. شۇڭا، مەن ئۈچۈن مەڭگۈ كېچىكىش مەۋجۇد ئەمەس!

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، مەن ئالدىمدىكى بۇ ۋىجىك بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدىن ياپون مىللىتىنىڭ ئاكتىپ، تىرىشچان ۋەھەر قانداق ئىشنى باشقا ئەپچىقمىغۇچە زادىلا توختىمايدىغان قەيسەر روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

مادىي مەئىشەتتە ئىنتايىن مول بولغان ياپونلار ئادەتتە

مۇناسىۋەت تورىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي كەتمەيدىكەن. ئۇلار تولاراق يەككە - يېگانە ياشاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، ئوشۇق ئىشقا ئارىلاشمايدىكەن. شۇڭا، سىرتلاردا بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، «ئوخايوگوزايماس» دەپ، ئۆز - ئارا سالاملىشىپ قويۇپلا ئۆز يولىغا راۋان بولۇشىدىكەن، ئۇلار بىر - بىرىگە بىز ئۇيغۇرلاردەك بەك «ۋاي» دېيىشىپ كەتمەيدىكەن. ياپونلار بىرلىكتە تاماق يېسە، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا پۇل تۆلىشىدىكەن. ئۇلار «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ، ئاستىدا مانتا يەپتۇ» دېگەندەك يۈرۈۋېرىدىكەن. چەت ئەللىك ئەجنەبىلەرنى كۆرسە قولىدىكى بار ۋەجنىڭ ھەممىسىنى داستىخانغا تۆكۈشكە ئالدىرايدىغان بىزگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەكسىچە، ياپونلار چەت ئەللىكلەرنى بەك ۋاي - ۋايلاپ كېتىشمەيدىكەن.

ياپونلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان قىزىقىشى ئۇلارنىڭ باشقا چەت ئەللىكلەرگە بولغان قىزىقىشىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇڭگونى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئۇلار بىز جۇڭگولۇقلارغا كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ يېرىم - يارتا چۈشەنچىسىگە ئاساسەن باھا بېرىشىدىكەن.

ياپونلار جۇڭگودىن ياپونىيىگە تارقالغان خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان «پىڭجيامىڭ» ۋە «پيەنجيامىڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ياپونچە يېزىقنىمۇ بىللە قوللىنىدىكەن. بىر قېتىم بىز مېترودا كېتىۋاتساق، بىر ياپون بىزنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، خەنزۇچە خەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىلەرنىڭ جۇڭگودا مۇشۇنداق يېزىق بارمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، بىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدۇق!

ياپونىيىدە يول ئېغىزىدىكى يول بەلگىسى، كوچا ناملىرى، رىكلام — ئېلانلار، مېترودىكى بېكەت — ئىستانسىلارنىڭ نامى

قاتارلىقلار ئاساسەن دېگۈدەك خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغانلىقتىن، خەنزۇچە خەتلەرنى بىلىشىمىزلا ئاساسلىقچە ئېزىپ قالمايدىكەنمىز.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو ـ ياپونىيە دوستلۇق مۇناسىۋىتى نورماللاشقاندىن كېيىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى سان ۋە سۈپەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپتۇ. گەرچە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە سىياسىي جەھەتتە يا ئۇنداق، يا مۇنداق سۈركىلىشلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىز جۇڭگو ـ ياپونىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق ـ خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس پۇختا ئاساس سېلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

جۇڭگو ـ ياپونىيە دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى دوستانە ئالاقىنى چىڭىتىش، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى قارشى تەرەپنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدا خادىملارنى ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپتۇ.

2002 ـ يىلى جۇڭگو — ياپونىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقىنىغا 30 يىل بولغان خاتىرە يىلى ھېسابلىنىدۇ. بىز ياپونىيىدە ساياھەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، «ساپوررو خەلقئارا پلازا»نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خوككايدو «ياپونىيە — جۇڭگو ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دوستلۇق مەركىزى» ئۇيۇشتۇرغان «ياپونىيە — جۇڭگو ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى»غا قاتناشتۇق. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ چوڭ يىغىندا تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، 2002 ـ يىلى پۈتۈن ياپونىيە بويىچە

ياپونىيە — جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ھەر خىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى 230 دىن ئاشىدىكەن. جۇڭگو تەرەپ 5000 كىشىلىك بىر ساياھەت-ئالماشتۇرۇش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ياپونىيىگە ئەۋەتىپتۇ. ياپونىيە تەرەپمۇ 13 مىڭ كىشىلىك بىر ئۆمەك تەشكىللەپ جۇڭگوغا ئەۋەتىپتۇ. 30 يىلنىڭ ئالدىدا ياپونىيە - جۇڭگو دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا باردى - كەلدى قىلىشقان ئادەملەر ئاران 9000 ئادەم (قېتىم) غا يەتكەنىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا باردى - كەلدى قىلىشۋاتقان سانى ھەر يىلى بىر مىليون 800 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئىككى دۆلەتتە ئۆز ئارا دوستانە شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقان شەھەرلەر 210 جۈپتىن ئاشىدىكەن. قىزىمىز مېھرىئايمۇ دۆلىتىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن ياپونىيىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى شىنياڭ شەھىرى بىلەن دوستانە شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقان ساپوررو شەھىرىدىكى «ساپوررو خەلقئارا ئالاقە پلازا» دا خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن ئىدى.

«ساپوررو خەلقئارا ئالاقە پىلازا» سى — ساپوررو شەھىرى ۋە پۈتۈن خوككايدو بويىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم فۇنكسىيىلىك مۇئەسسەسە ھېسابلىنىدىكەن. «پلازا» — ساپوررولۇقلار بىلەن ساپوررودا تۇرۇشلۇق چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز - ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سورۇنىنىڭ نامى ئىكەن. «پلازا» نىڭ يۇقىرىقىدەك رولىدىن باشقا يەنە، تۈرلۈك خەلقئارا پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر خىل يىغىن ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش، ساپوررودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان چەت

ئەللىكلەرنى تۇرلۇك تۇرمۇش ئۇچۇرلىرى ۋە چەت ئەللىكلەرگە ئائىت تۇرلۇك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەرنى يولغا قويۇشتەك رولىمۇ بار ئىكەن. «پلازا» دا يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان تۇرلۇك لېكسىيىلەر، جۇملىدىن، جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدىغان لېكسىيىلەر داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلىدىكەن. پەيشەنبە كۈنى، ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان ياپونلار «پلازا» غا كېلىپ، مەخسۇس چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىتىدىغان تۇرلۇك كۇرسلاردا ئوقۇيدىكەن. قىزىمىز مېھرىئاي «ساپوررو خەلقئارا پلازا» جۇڭگو بۆلۈمىنىڭ لېكتورلۇقىنى، قوشۇمچە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئاتقۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چىڭىتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ساپوررو شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ساپورروداتۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ماختىشىغىمۇ مۇيەسسەر بولۇپتۇ. بىز مېھرىئاينىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قىزىمىزنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش يولىدا كۆرسەتكەن بارلىق ئەجىر - تۆھپىسىدىن تولىمۇ پەخىرلەندۇق!

بىز خوككايدودا ساياھەتتە بولۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە سۆزلەشتۇق. بۇ جەرياندا، مەن مۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى

چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. جوڭگو — ياپونىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى كۆچەيتىشتە يۇقىرىدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق، تۆۋەندىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى قىزغىن ئىكەن؛ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق، ئاساسقاتلامدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى قىزغىن ئىكەن؛ سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق، ئىقتىسادىي ساھەدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى قىزغىن ئىكەن. دېمەك، بۇ ئىشتىن جوڭگو — ياپونىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق، قوشنىدارچىلىق — دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى يەنىلا جوڭگو ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقى ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ياپون ماللىرى جوڭگونىڭ شەھەر - يېزا بازارلىرىنى قاپلاپ كەتكەن، ياپونىيىدە ياسالغان ھەر خىل چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار شەھەر - بازارلارنىڭ كوچىلىرىدا پاتماي قالغان، ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ھەر خىل چوڭ - كىچىك ئېلېكتر سايمانلىرى جوڭگولۇقلارنىڭ ئۆيلىرىدە ۋە ئىشخانىلىرىدا تۆرنى ئىگىلەپ تۇرغان ھالەت ھېلىغىچە كۆز ئالدىمىدا تۇرۇپتۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن بىر سەكرەپلا دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندىكى ئىقتىسادى چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان ياپونىيىگە ھەممىمىز ھەۋەس قىلاتتۇق (بۇنداق ھالەت ھېلىمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق).

بىراق، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيىتى ئىزچىل تۆردە داۋالغۇپ بىر ئىزىدا توختىماي كەلدى. ياپونىيە پايچېك بازىرىنىڭ تېز تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە قەرزنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كۆپۈك ئىقتىسادىنىڭ ۋەيران بولۇشى، پۇل مۇئامىلىسىدىكى كىرىزىس، ياپونىيە

ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا ئون نەچچە يىل روناق تاپالماسلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ خۇددى بابكارنىڭ مۈكىسىدەك ھەمىشە ئالمىشىپ تۇرۇشى، ئاھالىنىڭ كەيپىياتىدىكى پاسسىپلىق . . . تەك بىر قاتار مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ياپونىيىنىڭ خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنى قاتتىق تەسىرگە ئۇچراپتۇ.

مەن ساساكى كىنساكو بوۋايدىن: «بۇ مەسىلىلەرگە قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى.

— ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، — دېدى ئۇ، — ئەمما ياپونلاردىكى تار مىللەتچىلىك خاھىشى بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بىزدىكى تارمىللەتچىلىك خاھىشى ياپونىيىنىڭ ئارال دۆلىتى بولۇشىدەك تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ئەسلىدە، تار مىللەتچىلىك خاھىشى بىلەن بېكىنمىچىلىك خاھىشى بىر جۈپ قوشكېزەكلەردۇر. ياپونىيە تارىختا باشقىلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان ھەمدە سودا ئارقىلىق بېيىغانىدى. شۇڭا، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ياپونىيە ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش ھېسابلانماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى تاق يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىش بولۇپ قالدى. يەنى، ياپونىيە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنگەندە ياكى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغاندا ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەللەردىن كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىشتا، باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا، باشقا دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشتا ياپونىيە ئىشكىنى سىرتقا ئانچە چوڭ ئېچىۋەتمەيدۇ ياكى تاقاپ قويىدۇ! ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى

سان، بىلەمسىز، ياپونلاردا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان بۇرۇنقىدەك ئەركەكلىك مىجەز قالمىدى. بىز ئۇششاق ئىشلاردا قىلنى قىرىققا يارىمىز، دەپ ناھايىتى زىغىرلاپ كېتىپ، كەڭ قورساق بولالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، باشقىلار بىزنى «تاكتىكىغا ئۇستا، ئىستراتېگىيىگە نائۇستا» دەپ ئاتاشماقتا.

مەن بۇ ۋىجىك، ئاددى بىر بوۋاينىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق ئاجايىپ پاساھەتلىك ئوخشىتىشلارنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن.

ئۇ مېنىڭ ئۇندىمىگىنىمنى كۆرۈپ، سۆزلەۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن يېقىندا دۆلىتىمىزنىڭ سابىق ئىچكى كابىنېت باش ۋەزىرى ناكاسونې ياسۇخىرو يازغان: «21 - ئەسىردىكى ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئىستراتېگىيىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم. ناكاسونې بۇ كىتابتا: «ھازىرقى ياپونىيىدە ئىستراتېگىيە يوق. ياپونىيە ھەتتا ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك نەزەر - دائىرە، مۇددىئا - مەقسەتكە ياكى بۇنداق نەزەر - دائىرە، مۇددىئا - مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش پروگراممىسىغىمۇ ئىگە ئەمەس . . . ياپونىيە ھۆكۈمىتى كۈندىلىك خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قىسقا مۇددەتلىك مەسىلىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئىچكى كابىنېت بىر دەم تارقىتىۋېتىلسە، بىردەم قايتا تەشكىل قىلىنماقتا. ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ياپونىيىنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىد كۈتمەك ناھايىتى قىيىن» دەپ ئېتىراپ قىلدى. دېموكراتلار پارتىيىسىدىن سايلانغان ئاسائۇ دېگەن بىر پارلامېنت ئەزاسىمۇ: «ياپونىيە رەھبەرلىرى ئۇزاقنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، ھازىر ياپونىيىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىيالمايۋاتقانلىقىمۇ ئۇزاقنى كۆرەلمەيۋاتقانلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش» دەپ ھېسابلىدى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بۇ يالغۇزلا

مىنىڭلا كۆز ـ قارىشىم ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

شۇنداق، ساساكى كىنساكۇ بوۋاينىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرى ياپونىيىدىكى خېلى بىر قىسىم جامائەتچىلىكنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن.

ياپون مىللىتى «ئىستراتېگىيىدە نائۇستا» بولغان ۋە «كەڭ قورساق» بولالمىغىنى بىلەن، تاكتىكىغا يامان، زىغىرلاشتا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر مىللەت. قورشاۋ شاھماتتا ياپونىيە ماھىرلىرى ئومۇمي جەھەتتە جۇڭگو ماھىرلىرىغا يېتەلمىسىمۇ، ئەمما قىسمەنلىكتە جۇڭگو ماھىرلىرىنى خېلى ئالدىرىتىپ قويىدۇ؛ تارىختىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن جۇڭگو ـ ياپونىيە جاۋۇ دېڭىز ئۇرۇشى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ باشلانغان جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى ياپونىيە مىلىتارىستلىرى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىشپىيون — جاسۇسلارنى ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى جۇڭگوغا مەخپىي رازۋېتكىغا ئەۋەتىپ، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇلار سىزغان جۇڭگو خەرىتىسى جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى سىزغان خەرىتىلەردىن نەچچە ھەسسە ئېنىق ئىكەن.

ياپونلارنىڭ زىللىقى ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، مەلۇم بىر ياپون ئالىمى دۆلىتىمىزنىڭ 14 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر دېڭىزچىسى جېڭ خې دېڭىز ئارقىلىق غەربكە ماڭغاندا، ئىشلەتكەن ياغاچ كېمىگە قانچىلىك تۆمۈر مىخ سەرپ قىلىنغانلىقىنى ناھايىتى زور ئىجتىھات بىلەن مۇپەسسەل ئېنىقلاپ چىققانىكەن؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى داجاۋنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ياپونىيىلىك بىر ئالىم لى داجاۋنىڭ ياپونىيىدە تۇرغان مەزگىلدىكى تۇرالغۇسىنى، تاماق يېگەن ئاشخانىنى، سەيلى قىلغاندىكى ماڭغان يوللىرىنى مەخسۇس

ئىنقىلاپ چىققانىكەن؛ بەزى ياپون ئالىملىرى جۇڭگودىكى مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ بىر نەچچە يىللىق باج سوممىسىدىكى ئۆزگىرىشنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىكەن؛ ھەتتا ياپونىيىدە سىشىتەيخۇ ئۆلگەندە سائەت نەچچىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتكەن، ئۇنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا كىملەر ھازا ئېچىپ ماڭغان ۋەھاكازالارنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان ئالىملار بار ئىكەن . . . بۇنداق ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا بىز جۇڭگولۇقلار ھېچنېمە دەپ بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ياپونىيىنىڭ سانائەت ماللىرى، سوغاتلىق بۇيۇملىرى ۋە يېمەك - ئىچمەك مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن نەپىس ۋە سۇپەتلىك ئىشلىنىدىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ياپون مىللىتىنىڭ زىللىقى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۆجىزە يارىتىشىغا تۈرتكە بولغان، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

— بىز ياپونلارنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر يېرىمىز شۇكى، — دېدى ساساكى كىنساكۇ بوۋاي كۈلۈپ، — ئىنچىكە ھېسابلاپ، پۇختا ئىش قىلىدىغانلىقىمىزدا. بۇ ياپونلاردا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ھەقىقىتىدۇر.

— بىز ئۇيغۇرلاردا: «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس!» دېگەن بىر ماقال بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — بۇ ئۇيغۇر ماقالى دەل سىلەردىكى ئاشۇ تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئىنتايىن توغرا چۈشىدۇ!

— ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ بانكا مىمۇرال چېكىدىكى سان - سىفىرلارنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلار ھەر قېتىم خەج - خىراجىتى ئۈچۈن پۇل چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ھەممىدىن ئاۋۋال چىقىم قىلىنىغان ئاشۇ خىراجەت بەدىلىگە قانچىلىك پايدا ئۇندۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىم قىلىشنى

ئۈيلىشىدۇ. چۈنكى، مىمۇرال چەكتىكى سان ـ سىفىرلار ئازلىسا ئازلايدىكى، ھەرگىز كۆپىيىپ قالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەم ئۆز ئۆمرىدىكى بىر قىسىم ۋاقتىنى مەنىسىز، بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتكەن بولسا، شۇ ئادەم ئۇچۇن ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمىدىكى ۋاقىت ئىچىدە قىلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان ھېسابلانامدۇ؟

— ئاپىرىن سۆزىڭىزگە، — دېدىم مەن قايىل بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي، — ھۆرمەتلىك ساساكى سان، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ سۆزىڭىز بىلەن ماڭا ناھايىتى ئاددى ئەمما تولىمۇ يۈكسەك بولغان بىر تۈرلۈك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىز!

— يوغىسۇ، ھۆرمەتلىك ئابدۇۋېلى سان، — دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن، — ماڭا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىۋەتتىڭىز. سىز بەلكىم ساپوررو شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى سائەت راۋىقىنى كۆرگەن بولسىڭىز كېرەك. ئاشۇ سائەت راۋىقىدىكى سائەت 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆزىنىڭ سۇزۇك ئەمما جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن: «ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئالدىراڭلار! ئالدىراڭلار!! ئالدىراڭلار!!!» دەپ، ياپون مىللىتىنى ئۆمرىنىڭ ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتلىرىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىككە ئۈندەپ كەلمەكتە.

مەن فرانسىيەدە چىقىدىغان «سىز قىزىقىدىغان نۇقتىلار» دېگەن ژۇرنالغا بېسىلغان بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ ماقالىدا يېزىلىشىچە، بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ۋاقىت سەرپىياتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇنداق بولىدىكەن: ئادەم ئۆمرىدە ئۆرە تۇرۇشقا 30 يىل، ئۇخلاشقا 23 يىل، ئولتۇرۇشقا 17 يىل، مېڭىشقا 16 يىل، يۈگۈرۈشكە بىر يىل 75 كۈن، تاماق يېيىشكە ئالتە ـ يەتتە يىل، تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئالتە يىل، ماشىنا

ھەيدەشكە بەش يىل، چىش كۈرۈشكە تۆت يىل، قىرىق پارالق سوقۇشقا بىر يىل 258 كۈن، كىتاب ئوقۇشقا 250 كۈن، تاماق ئىچىشكە بىر يىل 195 كۈن، ھاجەت قىلىشقا 195 كۈن، كىيىنىشكە بىر يىل 166 كۈن، ئۈچرەتتە تۇرۇشقا بىر يىل 135 كۈن، ھېيت ـ بايرام ئۈچۈن بىر يىل 75 كۈن، ئىچ ـ پەش تارتىشقا 110 كۈن، چىشنى چايقاشقا 92 كۈن، يىغلاشقا 50 كۈن، سالام ـ سائەت قىلىشقا سەككىز كۈن، سائەتكە قاراشقا ئۈچ كۈن سەرپ قىلىنىدىكەن. بۇنىڭغا يەنە مۇنچىغا چۈشۈشكە سەرپ قىلىدىغان ئىككى يىلنى، ئۇيقۇسىزلىقتىن بىكارغا سەرپ بولغان 18 ھەپتىنى، تېلېفون ئۇرۇشقا كەتكەن ئىككى يېرىم يىلنى، باشقىلاردىن كېلىدىغان تېلېفوننى ساقلاشقا سەرپ قىلىنىدىغان بىر ھەپتىنى، ئەرلەرنىڭ ئۆز ئۆمرىدە ھاراق ئىچىپ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان سەككىز يېرىم يىل ۋاقتىنىمۇ قوشۇش كېرەك.

مەن ساساكى كىنساكو يوۋاينىڭ بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ھەر خىل ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتنى ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ھېسابلاپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولغىنىمدىن تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ مېيىقىدا بىر كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قورامىغا يەتكەن ئەرلەر بىر يىل ئىچىدىكى ئويغاق يۈرگەن ۋاقتىنىڭ ئاران % 40 نى خىزمەتكە (پايدىلىق ئىشلارغا) سەرپ قىلىدىكەن؛ تىرىشمايدىغان ھۇرۇن كىشىلەرنىڭ خىزمەتكە ياكى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ھەتتا 30 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. مەن گەرچە سەكسەننىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان چال بولساممۇ، ئەمما ئۆمرۈمنىڭ قالغان ساناقلىق قىسمىنى ھەرگىزمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى ئۇ سۆزىنى توختىتىپ مېھرىبانلىقىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن

– خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مېھرىئاينى ئۆزۈمگە ئۇستاز تۇتتۇم!

...

ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇۋېدى، تاماق تەييار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ساساكى كىنساكۇ سۆزىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. تۇنىسا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تەخسە ئۇيغۇر لەغمىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. مەن: «ساساكى سان، قېنى مەرھەمەت!» دەپ ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم.

## «نامراتلىق يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلىلا ئەمەس!»

مەن ئابى سان بىلەن قىزىم مېھرىئاينىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تونۇشتۇم. ئۇ ئىلگىرى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغانىكەن، ھازىر خوككايدو ياپونىيە ـ جۇڭگو دوستلۇق مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى — ئابى ئېيىچى بولۇپ، يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر مويسىپىت ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي ـ شىمالىدىكى خاربىندا تۇغۇلغانىكەن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر جۇڭگولۇق ئۇنى بېقىۋالغانىكەن. 14 يېشىدا ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ بوي ـ تۇرقى بەستلىك، ساغلام ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن ئۇنىڭ بىلىمى چوڭقۇر، پىششەدەم ئالىم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مېھرىئاي «ساپوررو خەلقئارا ئالاقە پلازا» دا ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىكەن. بىز ساپورروغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىز چۈشكەن ئۆيگە كۆپ قېتىم بىزنى كۆرگىلى كەلدى.

ئاۋغۇست ئايلىرى خوككايدونىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ساپورونىڭ ھاۋاسى بەكمۇ ئىسسىپ ۋە بەكمۇ سوۋۇپ كەتمەيدىكەن. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە بىنائەن ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇش ئۈچۈن كەلدى.

بۈگۈن شەنبە ئىدى. ئابى يېڭجى ئەتىگەن سائەت ئونلاردا خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ياپونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئايىغىنى سالدى — دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىزگە تەزىم قىلدى. مەن «ئابى سان، تۈزۈت قىلمىغايسىز!» دېگىنىمچە ئىتتىك بېرىپ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلدىم.

تۇنسا داستىخانىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرنى تىزىپ مول تەييارلىغانىدى. بىز بۇ نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ۋەتەندىن ئالغاچ كەلگەنىدۇق. كۆچانىڭ بىر دەستە ھەمەك نېنى داستىخانىنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك يېرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

بۇ بىر دەستە ناننىڭ توقۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان پروفېسسور ئابى يېڭجى مېنىڭدىن بىر نەرسىنى سورىماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۇمەللىدى - يۇ، ئەمما قائىدە - ئەدەب يۈزىسىدىن جىم ئولتۇردى. مەن بۇنى سەزگەن بولسامۇ، ئەمما پاراڭ قىلمىدىم.

مەن ئادىتىمىز بويىچە مېھماننىڭ قولىغا سۇ بەردىم. ئابى يېڭجى قول چايقاپ بولغاندىن كېيىن تاتامى ئۈستىدىكى مېسىل ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، تۇنسا پەتنۇس بىلەن ئۇنىڭغا چاي سۇندى. مەن ناننى ئوشتۇپ قويۇپ، ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدىم. بىز بىردەم «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشكەندىن كېيىن تۇنسا ئۇزرىلىك بىلەن داستىخاندىن تۇرۇپ، قىزىم مېھراي بىلەن بىللە تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىككىسى بۈگۈنكى بۇ ئەزىز مېھمىنىمىزغا پولۇ ئېتىپ بەرمەكچى بولۇپ تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى.

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، — دەپ سورىدى ئاخىر ئابى يېڭجى چاي ئىچىۋېتىپ مېنىڭدىن، — نېمە ئۈچۈن داستىخاندىكى بىر دەستە نان توقۇز بولىدۇ؟

— بىز ئۇيغۇرلار «توققۇز» ساننى ئېزگۈلۈكتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— شۇنداقمۇ؟ «توققۇز» ياپونلاردىمۇ ئېزگۈلۈكتىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى ئابى يىچىجى كۈلۈپ كېتىپ.

غىزا پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىز ئىككىمىز ئۆزىمىز قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئابى يىچىجى ئاتاغلىق خەنزۇشۇناس بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتمۇ خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلدى.

— ھۆرمەتلىك ئابى سان، — دېدىم مەن گەپنى ئەگىتمەستىنلا، — سىلەر ياپونلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىگىرمە يىل ئىچىدە ئىقتىسادتا تېز تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھازىرقى زامان سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندىڭلار. ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ئېگىلىكنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ كارامەت مۆجىزە ياراتتىڭلار.

— گېپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋابەن، — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە مەغلۇب بولغان، گەرچە بۇ ئۇرۇشتا مىلىتارىستلار دۆلىتى بولغان ياپونىيە سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، زېمىنىڭلارنى بېسىۋالغان، جۇڭگو خەلقىنى مىسلىسىز زور بالايى ئاپەتكە دۇچار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە ئۆزىمۇ ئېغىر ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچراپ، پۈتكۈل مىللىي ئىگىلىك تەلتۆكۈس ۋەيران بولغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىنى قايتا قۇرۇشتا بىزمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ھەممە ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدۇق.

— شۇنداق، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ياپونىيە سانائىتى تېز

سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغاچقا، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېشىشىغا سەۋەبچى بولدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ياپونىيە دۇنيا بويىچە ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ پەرقى تۈگىگەن ساناقلىق زامانىۋى باي دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

— تەھلىلىڭىز ناھايىتى توغرا، ئابدۇۋەلى سان، — دېدى ئابى تېچىجى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن — ياپونىيىنىڭ يەر مەيدانى جۇڭگونىڭ يەر مەيدانىنىڭ ئاران يىگىرمە بەشتىن بىرىگە، نوپۇسى جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى GDP — دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيەلەرنى ئارقىسىدا تاشلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

— ھۆرمەتلىك ئابى سان، ئېيتىپ بېقىڭچۇ، — دەپ ئىلتىماس قىلدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىلەرنىڭ بۇنداق كاتتا مۆجىزە يارىتالىشىڭلاردىكى سىر زادى نېمە؟

— بۇنىڭدىكى سىر ناھايىتى ئاددى، — دەپ كۈلدى ئابى تېچىجى، — بۇ مۆجىزىلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى «تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى» نىڭ شاراپىتىدىن ھاسىل بولغان!

— «تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى» ؟! — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي.

— شۇنداق، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ياپونىيە ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن «ياپونىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنى» ، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن، — ياپونىيە

پادشاھى — تىننو 1945 ـ يىلى 15 ـ ئاۋغۇستتا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سۈلھىسىنى قوبۇل قىلىپ، ياپونىيىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 1946 ـ يىلى 3 ـ نويابىر كۈنى ياپونىيە تىننوسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوماندانى، ئامېرىكا گېنرالى ماك ئارتورنىڭ قولىدىن ئامېرىكا تۈزگەن «ياپونىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنى» نىڭ لايىھىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، «ياپونىيە تىننوسىنىڭ پەرمانى» سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا «تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى» دەپ ئاتالغان بۇ ئاساسىي قانۇن ياپونىيە تارىخىدا: «ياپون سامورايلىرىنىڭ فېئودال مونارخىيىلىك ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ» دەپ شەرەپلىك نام ئالدى.

— ياپونىيە بۇنىڭدىن 134 يىل ئىلگىرىكى «مېيجى يېڭىلىقا كۆچۈشى» دىن تارتىپ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغاندىغۇ؟

— بارىكاللا، ئابدۇۋەلى سان، سىز ياپونىيە تارىخىدىن خېلى ئوبدانلا خەۋەردار ئىكەنسىزغۇ؟! — دېدى ئابى جېنجى ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان قايىللىقىنى يوشۇرالماي.

— چۈنكى، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن نورغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر 1868 ـ يىلى ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئاشۇ «مېيجى يېڭىلىقا كۆچۈشى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ جىددى تەرزدە.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، — بىراق، ئاشۇ «مېجى يېڭىلىقا كۆچۈشى» گە سىلەر جۇڭگولۇقلار سەۋەبچى بولغان، بىلەمسىز؟!

— قانداق دەيسىز؟!

— 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن تارتىپ، مەركىزى ھاكىمىيەت بولغان ياپونىيە شوگۇناتى بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت بولغان ۋاسساللار ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي بوھرانىنى

بىرلىكتە يېڭىش ئۈچۈن، پائال تۈردە چارە ـ ئاماللارنى ئىزدەشكە باشلىدى، — دېدى ئابې ميېجى ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن گەپنى 1868 ـ يىلى ياپونىيىدە يۈز بەرگەن «مېيجى يېڭىلىقىقا كۆچۈشى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارىختىن باشلىدى، — ياپونىيە بىلەن جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى ئۆزىنىڭ سودا ئوبيېكتى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخى رەسمىي سودا شەرتنامىسى ئىمزالانغانمىغانىدى. ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋاستىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئارىلىقتىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەچچە ئون ھەسسە پايدا ئۈندۈرۈۋالاتتى. ياپونىيە شوگۇناتى بىلەن ھەر قايسى ۋاسىللىقلار ياپونىيە ـ جۇڭگو سودىسىدىن كىرىدىغان ئىقتىسادىي پايدىغا بىۋاستە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن رەسمىي سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش قارارىغا كەلدى.

1861 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شوگۇنات ۋەزىرلىرىدىن كوگۇرى تارايۇلى، ئوكابى ناگاتسۇنى قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتىكى ياپونىيە تىننوسى مېيجىغا مەلۇماتنامە يوللاپ، سودا ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شاڭخەي، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلىرىغا ھۆكۈمەت كېمىسى بىلەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. كوگۇرى، ئوكابىلارنىڭ بۇ تەكلىپىدە: «جۇڭگوغا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىشتىن مەخسەت، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت» دېيىلگەنىدى. ئەينى چاغلاردا شاڭخەي غەربلىكلەرنىڭ يىراق شەرقتىكى سودا ـ سېتىق، قاتناش ـ نەقلىيات ۋە ھەربىي بازىسى بولغاچقا، ياپونلار شاڭخەينى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى» يەنى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلاپ بېقىش بىلەن بىللە، غەرب

مەدەنىيىتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىدى.

1861 ـ 27 ـ ماي كۈنى ياپونىيە شوگۇناتىنىڭ ئەمەلدارى، ياساۋۇل نىداچى شۇكېشچىرۇ باشچىلىقىدىكى 51 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى «چىتوسىۋەن» ناملىق ياغاچ كېمە بىلەن شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقتى، 2 ـ ئىيۇندا شاڭخەيگە يېتىپ كېلىپ، خۇاڭپۇجياڭ پرىستانىدا لەنگەر تاشلىدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن «مېيجى يېڭىلىقىقا كۆچۈشى» نىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر سىياسىئون ۋە ھەربىي ستراتېگ تاكاياما شىنساكۇ بىلەن ساتسۇما ۋاسساللىقىدىكى گوجىرو تومو ئاتسۇ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

ياپونىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى شاڭخەيگە يېتىپ كەلگەندە، جۇڭگودىكى تەيپىڭ تىيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. بۇ مەزگىلدە مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگونىڭ شەرقتىكى داڭلىق چوڭ دۆلەتلىك سالاپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، شاڭخەينىڭ كوچىلىرىنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەپ ـ سەپ بولۇپ مېڭىپ كېتىۋاتقان چەت ئەل ماتروسلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. تەيپىڭ تىيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە ھۆكۈمرانلىق ئاساسى لىڭشىپ قالغان چىرىك مانجۇ ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كېتىۋاتقان قوزغىلاڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەللىك ئاۋانتيۇرىستلاردىن يالانما قوشۇن تەشكىللەپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا سالغانىدى، ياپونىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر زامانىۋى تېخنىكا ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان چەت ئەل يالانما قوشۇنىنىڭ مەشھۇر ئاۋانتيۇرىست ۋادىھ قوماندانلىقىدا، نەيزە ـ قىلىچقا ئوخشاش ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللانغان تەيپىڭ تىيەنگو قوشۇنلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. سۇجۇ دەرياسىدىكى

كىچىكلەرنىڭ غەربلىكلەر ئۈچۈن ھەقسىز ئېچىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈشتى. «قاراڭلار، شاڭخەي خۇددى بۈيۈك بىرىتانىيە ھامىيلىقىدىكى دومىنىئوننىڭ ئۆزى بولۇپ قاپتۇ، — دېگەنىدى ياپونىيە سىياسىئونى تاكايااما ھەمراھلىرىغا شۇ چاغدا، — ھەرگىز كۈلمەڭلار، ‹ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش غونەننىڭ بېشىغا كەلمەسمۇ؟›، دېگەن گەپ بار. مۇبادا، قۇدرەت تاپماي، قالاق، نامرات پېتىمىزچە تۇرۇۋېرىدىغان بولساق، جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ھالىتى دەل بىزنىڭ ئەتىمىز بولىدۇ!»

ئەلچىلەر ئۆمىكى شاڭخەيدە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار يەنە غەربلىكلەرنىڭ يېڭىچە توپ - زەمبىرەكلىرىنى، پاراخوت - كورابىللىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشتى. بۇ چاغدا يەنە ئاشۇ تاكايااما نەيزە، قىلىچلىرى ئارقىلىق ئەجنەبىيلەرنىڭ زامانىۋى قورال - ياراغلىرى بىلەن قوراللانغان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان تەيپىڭ قوشۇنلىرىغا قاراپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى - دە، «جۇڭگو كونىلىقتا ئېسىلىۋالغانلىقتىن نامراتلاشماقتا. نامراتلىق، قالاقلىق مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ؛ مۇبادا ياپونىيە غەربنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزمايدىغان بولسا، خۇددى جۇڭگوغا ئوخشاش، مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!» دەپ ئالدىنئالا بىشارەت بەرگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، غەربلىكلەر نامراتلىق، قالاقلىق ئاخىر جۇڭگونىڭ بېشىغا چىقىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنىدى. 1731 - يىلى غەربتە نەشر قىلىنغان «يەرشارى ساياھەت خاتىرىسى» دە شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ «مەمۇرچىلىقى» ئۈستىدە مۇنداق تەھلىل يۈرگۈزۈلگەنىدى: «ئۇلارنىڭ تۇزۇلمىسىنىڭ ئۆزگەرمەي ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ھەرگىزمۇ بۇ تۈزۈلمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. چۈنكى،

ئۆزگەرمەي ئۇزاققىچە بىر خىللا داۋاملىشىدىغان بۇنداق تۇزۇلمە هەر قانداق تەرەققىياتنى بۇغىدۇ!» مەشھۇر نېمىس پەيلاسوپى گېگىلمۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا: «جۇڭخۋا ئېمپېرىيىسى ئىلاھى هاكىمىيەت مۇستەبىتلىكى ئاستىدىكى ئېمپېرىيىدۇر. شەخسنىڭ ئەخلاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئۇستىدە سۆز ئېچىش هەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو تارىخى ماهىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ ئەمەس. بەلكى ئۇ قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ خارابىلىقتىنلا ئىبارەت، خالاس ... هەر قانداق تەرەققىيات بۇ ئەلدە مۇتلەق ئىشقا ئاشمايدۇ!» دەپ يازغانىدى.

مەن بىر ماتېرىيالنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر جانلىق سېلىشتۇرما بار ئىكەن: «1894 ـ يىلىدىكى ياپونىيە ـ جۇڭگو جاۋۇۇ دېڭىز ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى دۇنيا بويىچە 8 ـ ئورۇندا تۇراتتىكەن. هالبۇكى، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى دۇنيا بويىچە ئاران 11 ـ ئورۇندا ئىكەن؛ جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش پاراخوتى بولغان ‹دىڭيۈەن›، ‹جېنيۈەن› پاراخوتلىرىنىڭ تونناژى ئايرىم ئايرىم هالدا 7300 توننىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن؛ هالبۇكى، ياپونىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ تونناژى بولسا 4000 توننىدىن ئاشمايدىكەن.»

ياپونىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى شائخەيدىكى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، ياۋروپانى — شۇ چاغدىكى جاهانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بولغان، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دېمەك، ياپونىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئاشۇ قېتىمقى جۇڭگو سەپىرى كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن مەشھۇر «مېيجى يېڭىلىقىا كۆچۈشى» نىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى بولدى. مىلادى

1868 ـ يىلى ياپونىيە ئىمپېراتورى (پادىشاھى) مېيجى شوگۇنات ھاكىمىيىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ئىمپېرو ھاكىمى مۇتلەق بولغان يېپىيېڭى مەركىزى ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقتى. تارىختىكى «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈشى» نى قوزغىدى ۋە ياپونىيە ئىمپېراتورى نامىدا: «بەش ماددىلىق قەسەم» نى جاكارلاپ، «چەت ئەللەردىن ئۆگىنىش تەلىپى» نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنە ۋەزىرى ئوكۇ يۇرساتو ياپونىيە ئىمپېراتورى مېيجىغا: «ئىش ـ ئوقەتنى گۈللەندۈرۈپ، بېيىش يولىغا مېڭىش ھەققىدە تەكلىپ» سۇندى. بۇ تەكلىپتە: «مەملىكەتنىڭ قۇدرەت تېپىش — تاپماسلىقى پۇقرالارنىڭ مەئىشىتىنىڭ نامرات ياكى پاراغەتلىك بولۇشىغا، ئىش ـ ئوقىتىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، پۇقرالارنى ئىش ـ ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن توسوشقا باغلىق»، «ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىمىز دېسەك، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم»، «دۆلىتىمىزدىكى ھازىرقى ئىلىم ـ مەرىپەت ھەقىقى مەنىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئەمەس. ھازىرقى ھالەت ھەقىقي تەرەققىي قىلغىنىمىز ئەمەس»، «ياپونلار بىلەن پەرەڭلەر، ئامېرىكانلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە، بۇ پەرق باشقىلارنىڭ ئىلغارلىقىدىن ئۆگىنىش ـ ئۆگەنمەسلىكتىلا ئىپادىلىنىدۇ!» دېيىلگەنىدى.

ياپونىيە ئىمپېراتورى مېيجى ئوتتۇرىغا قويغان «چەت ئەللەردىن ئۆگىنىش تەلىپى» بويىچە، يېڭى مەركىزى ھۆكۈمەت يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆمەك تەشكىللەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەرب دۆلەتلىرىگە ئەۋەتتى ۋە غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى كۆز ـ قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن كىرگۈزۈپ، «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈشى» دىن كېيىنكى ياپونىيىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنالىشىغا تۈرتكە بولدى.

1905 ـ يىلى سوسىما بوغىزىدا يۈز بەرگەن ياپونىيە ـ چارروسىيە دېڭىز ئۇرۇشىدا چارروسىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — دېدىم مەن ئابى يىچىنىڭ دېگەنلىرىگە يەنىلا قايىل بولماي.

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، — دېدى ئۇ ماڭا يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ، — مەن ئەگەر سىزگە: «ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ياپونىيە فېئوداللىق جەمئىيەتنى باشتىن كۆچۈرۈۋاتقانىدى» دېسەم قايىل بولارسىزمۇ؟

— ياپونلار 1868 ـ يىلىدىكى «مېيجى يېڭىلىقىا كۆچۈشى» دىن كېيىن فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە كۆچۈشتەك تارىخىي سەكرەشنى ئورۇنداپ بولغان تۇرسا، قانداقمۇ «ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ياپونىيە جەمئىيىتىنى فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى» دېگىلى بولسۇن؟ — دېدىم مەن يەنىلا قايىل بولماي.

— مەسىلىنىڭ پاجىئەلىك يېرى دەل مۇشۇ يەردە، — دېدى ئابى يىچىجى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز «پاجىئە» دېيىش ئارقىلىق نېمىنى كۆزدە تۇتماقچى بولىسىز؟

— مەن «پاجىئە» دېگەندە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن، چۈنكى، — دېدى ئۇ جىددى تەرزدە، — ئىدىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ياپونىيىنى پۈتۈنلەي قەدىمكى فېئوداللىق تۈزۈمدە توختاپ قالغان قالاق بىر دۆلەت ئىدى، دېيىش مۇمكىن.

— مەسىلەن؟

— ئىلىم ـ پەن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان 20 ـ

ئەسىردە ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى ياپونلارنى يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئىدىئولوگىيىسى ئارقىلىق ئاقارتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار تىننونى «ئىلاھنىڭ سىمۋولى» دېگەننى كۈچەپ تەرغىپ قىلىشاتتى. مۇشۇنداق تەرغىبات نەتىجىسىدە ياپونلار بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن باشقىنى زادىلا بىلمەيدىغان ئاڭسىز ھايۋانغا ئايلىنىپ قېلىشقانىدى. ياپونىيە ھەربىيلىرى: «فرونتتا ياپونىيە دۆلىتى ئۈچۈن، تىننو ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلسەك، روھىمىز خۇددى نورۇز چېچەكلىرى ئاسمانغا توزىغاندەك ئۇدۇل ئەرشكە چىقىپ كېتىدۇ» دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا، جەڭدە ئۇلار قىلىچى بىلەن دۈشمەن تانكىسىغا ئەخمەقلەرچە تاقابىل تۇرۇشقانىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى تېنچلىق مەزگىلىدە ياپونلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مىلىتارىزملىق تەربىيىدە «بۈيۈك ياپون مىللىتىنىڭ سامورايلىق روھى» ئالاھىدە ۋە كۈچەپ تەرغىپ قىلىنغانىدى. ياپونلارنىڭ سىياسىي، پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتتىق چەكلەنگەنىدى. مەرتىۋە - دەرىجە پەرقى، قورالغا چوقۇنۇش، نوپۇز - ئىمتىيازغا باش ئېگىش، «بۈيۈك ياپون مىللىتى دۇنياغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئەلا پەزىلەتكە ئىگە» دېگەن سەپسەتىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىش، تىننوغا چوقۇنۇش ۋە شۇنىڭدەك مىلىتارىزمنىڭ تەسىرى قاتارلىق تۈرلۈك فېئودال ئۇقتىئىنەزەرلەر ياپونلارنىڭ كاللىسىنى قاتتىق چۇلغىۋالغانىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ماك ئارتۇر بۇ ھەقتە: «مۇبادا، ياپون ئەسكەرلىرىگە دورا بېرىپ، كۈنىگە ئۈچ تالدىن ئىچسەن، دەيدىغان بولسا، ياپون ئەسكەرلىرى بۇ دورىنى ئىچمەي تاشلىۋېتىدۇ؛ مۇبادا، دورىنىڭ ئۈستىگە تىننو سىلەردىن بۇ دورىنى كۈنىگە ئۈچ تالدىن ئىچىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ يېزىپ قويۇلسا، ئۇلار غىڭ قىلماستىن شۇ

پېتىچە ئىچىۋېرىدۇ!» دېگەنىدى.

«خەلق قەلبىدىكى ياپونىيە تېننوسىنىڭ 20 دېۋىزىيە ئەسكەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىنمۇ كۈچلۈك» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ماك ئارتۇر تېننونى ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۈپىتىدە سوتقا تارتقاندا، «ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت» كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى ياپونىيىنى كونترول قىلىش ئىستراتېگىيىسىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيىدە تېننو تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشنى ئەمما ئۇنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەشنى قارار قىلدى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ياپونىيىدە تېننو تۈزۈمى بىلەن تېننو خىروختونى ئايرىۋەتمەكچى بولدى.

مىلادى 1946 - يىلى 1 - يانۋار كۈنى ياپونىيە تېننوسى خىروختو ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە «يېڭى ياپونىيە قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە يارلىق»، يەنى «ئادەم ھەققىدە خىتابنامە» نى ئېلان قىلدى. بۇ «خىتابنامە» دە تېننو خىروختو ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئەمەس بەلكى ئادەم ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «ياپونىيە تېننوسى ئىلاھ ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسى، ياپونلار پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك بۇرچقا ئىگە» دېگەن رىۋايەت ئۆزلۈكىدىن ئىنكار قىلىندى.

1946 - يىلى 11 - ئايدا ياپونىيە تېننوسى خىروختو ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ماك ئارتۇرنىڭ مۇددىئاسى بويىچە يېزىلغان ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى «يېڭى ئاساسىي قانۇنى» نى جاكارلىدى. بۇ «ئاساسىي قانۇن» دا: «تېننو ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىدىغان دۆلەت باشلىقى ھېسابلىنىدۇ» (2 - ماددا)؛ «ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ» («ئومۇمىي پرىنسىپ»)؛ «ياپونىيە ئۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدۇ. ئارمىيە ساقلاپ

قبلىنمايدۇ» (9 ـ ماددا)؛ «پۇقرالارنىڭ توپ كىشىلىك هوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغان مەڭگۈلۈك هوقۇق سۈپىتىدە هازىر ۋە كەلگۈسىدە پۇقرالارغا مەنسۇپ» (19 ـ ماددا)؛ «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنىدۇ.» (14 ـ ماددا)؛ «پۇقرالارنىڭ ئىدىيە ۋە شۇنىڭدەك ئىرادە ئەركىنلىكى دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ.» (19 ـ ماددا)؛ «پۇقرالار يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، سۆز قىلىش، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا هەر قانداق ئۆزىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىگە ئىگە.» (21 ـ ماددا) قاتارلىق توپ مەزمۇنلار ئالاهىدە بەلگىلەنگەن.①

دېمەك، ئۇرۇشتىن كېيىنكى «تېنچلىق ئاساسي قانۇنى» دەپ ئاتالغان «ياپونىيە ئاساسي قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ـ ياپونىيە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، ئىقتىسادىي جەهەتتىكى نامراتلىق ۋە قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان فېئودال مۇستەبىتلىك سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئاخىرقى هېسابتا تەلتۆكۈس بەرباد بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يېڭى «ياپونىيە ئاساسي قانۇنى» ياپونلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانىنى ئاددىي ياپون پۇقرالىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەهەتتىكى نامراتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش جەريانى بىلەن زىچ باغلاشقا سىياسىي تۈزۈلمە جەهەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. ياپونىيە جەمئىيىتىدە هازىرقى زامان تېلېفون ئالاقە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ چىقىش؛ چەت ئەللەردىن ئۆلچەملىك هاجەتخانا ۋە تازىلىق مۇئەسسەسىلىرىنى كىرگۈزۈش، هازىرقى زامان ئوزۇقلۇق ۋە سەهىيە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش؛ يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىش؛ يەرلەرنى

① بۇ هەققتە: «ياپونىيە — جۇڭگو ‹ئاساسي قانۇن› لىرىنىڭ شەرهى»، «خەلق جۇڭگوسى» نەشرىياتىنىڭ بېيجىڭ 1998 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 146 ـ 149 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش؛ يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئەمەلىي ئىسلاھاتلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، فېئوداللىق تەركىپلەر پەيدىنپەي يوقىتىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق، قالاقلىقنىڭ ياپونىيە ئۇستقۇرۇلمىسىدىكى سىياسىي يىلتىزى بولغان فېئودال ساقىندىلار تازىلاندى. ياپونىيە مىللىتارىستلىرىنىڭ ئۇرۇش قوزغاشتا تايىنىدىغان ئاساسى يوقىتىلىپ، ياپونىيە جەمئىيىتى هازىرقى زامان روھى بىلەن سۇغۇرۇلدى. . .

قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان سۆھبىتىمىزنى پولونىڭ مېزىلىك پۇرىقى ئۈزۈپ قويدى. بىز سۆھبەتنى ۋاقتىنچە توختىتىپ داستىخانغا قاراشقا مەجبۇر بولدۇق.

پولو ھەقىقەتەن ئوخشىخاندى. مەن تۇنىساغا: «ئۇيغۇرلارنىڭ پولوسى ياپونلارنىڭ سەۋزىسىدە، ئاۋستىرالىيىنىڭ قوي گۆشىدە، كورىيىنىڭ سۇ مېيىدا، تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمىدە ھەقىقەتەن ئوخشايدىكەن ـ ھە!» دەپ چاقچاق قىلىپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم.

«تېكىنى سورىماي ئۈزۈمنى يەۋەرسە بولمامدۇ بىلۇ ئادەم! » دېدى تۇنىسامۇ بوش كەلمەي.

بىزنىڭ چاقچاقلىرىمىزنى چۈشەنمىگەن ئابى [illegible] ھەيران بولۇپ، بىر ماڭا، بىر ئايالىمغا قاراپ قويدى.

— ھۆرمەتلىك ئابى سان، — دېدىم مەن ئۇنى «غىزاغا بېقىڭ» دېگەچ، — مەن پولوغا ئامراق. كۈندە بىر ۋاق پولو يېسەممۇ، ھەرگىز زېرىكمەيمەن. بىراق، ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسىغا: «پولو ئېتىپ بەرسەڭلار بوپتىكەن» دەپ نەچچە قېتىم ئىلتىجا قىلسام، ئۇ ئەيىپنى بىردەم سەۋزىدە، بىردەم گۈرۈچتە، بىر دەم مايدا قويۇپ، زادى ئاغزىمغا تېتىغۇدەك پولو ئېتىپ باقمىدى. ھالا بۈگۈن سىز مېھمان بولۇپ ئۆيىمىزگە كېلىۋېدىڭىز، سىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە پولو ئېتىپ

كۆتۈۋېلىشقا توغرا كەلدى. بۈگۈنكى پولو ھەقىقەتەن ئوخشاپتۇ. شۇڭا، باياتىن ئانىسىغا: «چەت ئەلنىڭ خورۇزچىلىرى بىلەنمۇ ئۇيغۇر پولوسىنى ئوخشاتقىلى بولىدىكەنغۇ؟» دەپ تەئەددى قىلغانىدىم.

ئابى يىچىجى مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— بۇ تاماق ناھايىتى تەملىك بوپتۇ. ماڭىمۇ شۇنداق تېتىپ كەتتى. ئايالىڭىز ھەقىقەتەن تاماققا ئۇستا ئىكەن، — دەپ ئايالىمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

بۇ چاغدا تۇنىسا: «سىز ماختىمىسىڭىز، ماختايدىغان ئادەم بار» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى. ئاندىن:

— ئۇنداق بولسا، ھۆرمەتلىك ئابى سان، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئۆيىمىزگە يەنە مېھمان بولۇپ كېلىڭ. مەن ئەتكەن باشقا ئۇيغۇر تائاملىرىنىمۇ تېتىپ بېقىڭ!

— ئەگەر باشقا ئۇيغۇر تائاملىرىمۇ مۇشۇنداق مېزىلىك بولىدىغان بولسا، كۆندە كېلىپ سىلەرنى زېرىكتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام! — دېدى ئابى يىچىجىمۇ بوش كەلمەي.

— ھا! ـ ... ـ ھا! ـ ... — ھا! ـ ...

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

تاماق يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تۇنىسا داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چاي دەملىدى. بىز بىر پىيالىدىن ئاچچىق چاي ئىچكەچ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبىتىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

— ھۆرمەتلىك ئابى سان، مەن چۈشەنمەيۋاتقان يەنە بىر مەسىلە بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مەرھەممەت قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز.

— بىمالال سوراۋېرىڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— «يېزىلاردىكى ئۈچ مەسىلە»: «دېھقانلار مەسىلىسى، يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى، يېزىلار مەسىلىسى» ھازىرقى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە

بولۇپ قالدى، — دېدىم مەن، — بىراق، مېنىڭ بىلىشىمچە، يېزا ئىگىلىك يەرلىرى دۆلەت زېمىنىنىڭ ئاران 13% نى ئىگىلەيدىغان ياپونىيە يېزىلىرىدا ياشايدىغان ياپونىيە دېھقانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران 2% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئەمما، ياپون دېھقانلىرى شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش باياشات تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن. سىلەردە يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ پەرقى، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ پەرقى، بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى تۈگەپتۇ. نىھايەت، ئۈچ چوڭ پەرقنىڭ تۈگىتىلىشى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدىلا بۇ ئۈچ چوڭ پەرقنى تۈگىتىپسىلەر. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلدىڭلار؟

— بىلەمسىز ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، — دېدى ئۇ سوئالىمغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەستىن، — نامراتلىق ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل باراۋەرسىزلىك بولماستىن، بەلكى كىشىلەردىكى بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بىلەن مەھرۇم قىلىش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل باراۋەرسىزلىكتىن ئىبارەت. يەنى، نامراتلىق ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا كۆرۈلىدىغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى، تەمىنلەش ھالقىسىدا كۆرۈلىدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كەينىگە چوڭقۇر سىياسىي باراۋەرسىزلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، دېھقانلارنىڭ ماددى مەئىشەت جەھەتتىكى بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ئىقتىسادقا تايىنىپلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ يەنە سىياسىي، قانۇن، مىللەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللارغىمۇ باغلىق بولغان چېتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ،

تېخىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي باراۋەرلىك مەسىلىدۇر.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى كەڭ ياپونىيە دېھقانلىرىنىڭ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، «ئاق ياقىلىق دېھقان» لارغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئاھالىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېقىپ يۈرۈش ھادىسىسى ياپونىيىنى يۇكسەك شەھەرلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ھازىر ياپونىيىدىكى 126 مىليون 580 مىڭ ئاھالىنىڭ 65% تى شەھەرلەردە ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 44% ئاھالە يەر مەيدانى دۆلەت زېمىنىنىڭ ئاران 6% نى ئىگىلەيدىغان توكيو، ئوساكا، ناگويا قاتارلىق ئۈچ چوڭ شەھەرلەر چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدۇ. دېمەك، ئاھالىنىڭ يۇكسەك شەھەرلىشىشى تارىختا ياپونىيە دېھقانلىرىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بۆسۈش ئېغىزىغا ئايلانغانىدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — بىزدا تۇغۇلغانلىق ھەرگىزمۇ ئۇمۇرۋايەت يېزىلىق بولۇپ ئۆتۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى باشتىن كۆچۈرگەن دۆلىتىمىز جۇڭگودىكى يۈز مىليونلىغان ھەر مىللەت دېھقانلىرىمۇ پەيدىنپەي نامراتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش، مەدەنىيەتلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. شۇڭا، بىز بۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئىنتايىن سەلتەنەتلىك بىر ئىش دېمەي تۇرالامدۇق؟

— ھە بەللى، ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — دەپ خۇشال بولدى ئۇ، — مەيلى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياپونىيىدە بارلىققا كەلگەن ئاھالىنىڭ كەڭ كۆلەمدە شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىش ھادىسىسى بولسۇن ياكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ دۆلىتىڭلاردا يۈز بەرگەن ئاھالىنىڭ

كەڭ كۆلەمدە شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىش ھادىسىسى بولسۇن، ھەممىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئېلان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز بويىچە 100 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان چوڭ، مەركىزى شەھەرلەرگە ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئېقىپ كىرىپتۇ. 2000 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە يەنە 200 مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگو دېھقانلىرى ھەر قايسى مەركىزى شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. 2010 ـ يىلىغا بارغاندا دۆلىتىمىزدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى ھازىرقى 360 مىليوندىن 700 مىليونغا كۆپىيىدىكەن. شۇ چاغقا بارغاندا جۇڭگونىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 400 مىليونغا يېتىدىكەن. دېمەك، ھەر ئىككى جۇڭگولۇقنىڭ ئارىسىدا بىر نەپىرى شەھەرلەردە ياشايدىكەن. ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش قىسمىنىڭ %80 ى شەھەرلەردىن كېلىدىكەن. ئامېرىكىدا %80 ئاھالە، ياپونىيىدە %65 ئاھالە شەھەرلەردە ياشايدىكەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا بۇنداق نىسبەت ئاران %30 نى تەشكىل قىلىدىكەن.

— ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ — دە، شۇڭا بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ!

— شۇنداق، بىراق بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، خالاس، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش ئىستراتېگىيىسى تارىختا كارغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ — دە!

▲ ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1993-يىلىدىن

978-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، دۆلەت ئاشۇ قارى[...]

[...]چىسىمان بويىچە قىلىپ جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ قولىدىن

950 مىليارد يۈەننى ئېلىۋالغان. بۇ سان جۇڭگو دېھقا[...]

[...]لىرىنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ %57.5 نى تەشكىل قىلىدىكەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ، بۇنداق

قارىچىسىمان بويىچە يىلىغا 100 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ

[...]ماقتا. ھالبۇكى، دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەر

يىلىقى ھەر خىل باج-سېلىقلار 400 مىليارد يۈەندىن

ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە، يېزا-بازار

[...]لىكىدە رىجالىك ھۆكۈمەت 600 مىليارد يۈەندىن

[...]يۇقىرى باجلارنى ئىستېمال قىلىپ تۈگىتىۋەتكەن. «ھە[...]

[...]قەرزدار دۆلىتىشىپ كەتكەن شەھەر». ۋاڭ شياۋخۇي. «دۆت[...]

[...]بەرداشلىق بولىدۇ تەرىقىگە ئىلگىرىلەش» «[illegible]»نىڭ

[...]2002-يىل 12-سانىنى قارالسۇن).

ھۆكۈمىتىمىز ئېلان قىلغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى كەڭ يېزا - قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئىكەن. گەرچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئۆتكەنكىدىن كۆپ ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بەزى رايونلىرى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى چەت، ياقا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشايدىغان نۇرغۇن جايلار تېخى ئىنتايىن نامرات. دۇنيا بانكىسىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، جۇڭگودا يەنە 200 مىليوندىن ئاشىدىغان ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك كىرىمى بىر ئامېرىكا دوللىرى (تەخمىنەن سەككىز يۈەن خەلق پۇلى) غىمۇ يەتمەيدىكەن! . . .

ئابى يىپچىجى مېنىڭ سۆزۈمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

— بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگو، — دېدىم مەن ئاستا سۆزلەپ، — ئىككى دۇنياغا — شەھەرلەر دۇنياسى بىلەن يېزىلار دۇنياسىغا ئايلىنىپ قالدى. شەھەرلەردە تاۋار ئاشلىقى يەيدىغان پۇقرالار ياشايدۇ؛ يېزىلاردا يېزا نوپۇسى بولغان پۇقرالار (دېھقانلار) ياشايدۇ. «شەھەر نوپۇسى» بولۇش جۇڭگو دېھقانلىرى ئۈچۈن يېتىشۋاشتىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانغا باراۋەر! بىزدە ئۈششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ رىزقى ئاللىقاچان تۈگىگەن! «يېزىلاردىكى ئۈچ مەسىلە» ئاللىقاچان ئاشكارا مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. «يېزىلار نامراتلاشتى؛ دېھقانلار جەۋرە جاپادا قالدى؛ يېزا ئىگىلىكى خەۋپ ئىچىدە قالدى!» — ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بۇ مۇراجىئەت - «مېنىڭ زۇڭلىغا ئېيتىدىغان راست سۆزۈم» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان! بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ماگىستىر، خۇبېي ئۆلكىسى جيەنلى

ناھىيىسى چيەنشىياڭ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى چاڭپىڭ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان شەھەر ئىقتىسادىغا پايدىلىق تۈرلۈك سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ئىككى دۇنيا» — «ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش» ھادىسىسى مەيدانغا كېلىپ، شەھەرلەردە ياشايدىغان ئاھالە بىلەن يېزىلاردا ياشايدىغان ئاھالە ئوتتۇرىسىدىكى قايچىسىمان پەرق بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى.

— بۇ ھەقىقەتەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە، — دېدى ئابى يېچجى مېنىڭ جىمىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، — مۇبادا، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ ئىپادىلەنسە، ئۇ ھالدا بۇنداق گۈللىنىش جەريانىدا جەزمەن بىر بۆلۈك ئادەملەر يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ بېيىپ روناق تېپىشى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراپ بارغانسېرى نامراتلىشىدۇ! . . .

— يېقىندا مەن بىر ماتېرىيالنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، ئامېرىكا «مىكرو سوفت» شىركىتىنىڭ لىدېرى بىل گېتس 1998 - يىلىدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا جەمئىي 25 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تەقدىم قىلىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي بايلىقىنىڭ %60 نى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ ئىشقا تولىمۇ ھەيران بولدۇم. ئىلگىرى بىز ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، بېيىغانلارنى، كاپىتالىستلارنى تىللاپ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈپ يۈرگەنىكەنمىز.

— بۇ چۈشەنچىدىكى سەۋەنلىك، — دەپ ئىزاھ بەردى ئابى يىجى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى ماركس: «كاپىتالنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە قان ۋە يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى قىلغاندا، كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي

جۇغلىنىشنى كۆزدە تۇتقان. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي بايلىقى كۆپەيگەندىلا دۆلەت ئاندىن بېيىيالايدۇ. كاپىتالمۇ بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي بايلىقىغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا، ئادام. سىمىت: «شەخسنىڭ پايدا قوغلىشىشى جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقانلىق بولىدۇ» دېگەنىدى. چۈنكى، ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىت ئىچىدە تەڭ بېيىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس — تە! بىر ئادەم بېيىغاندا، بىر توپ ئادەمنى بېيىش يولىغا باشلاپ ماڭالايدۇ. شۇنداقلا بىر توپ ئادەم بېيىغاندىلا ئاندىن بىر قىسىم ئادەمنى بېيىش يولىغا باشلاپ ماڭالايدۇ. بۇ ھەقىقەت دۆلىتىمىزنىڭ 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە ئاللىقاچان ئىسپاتلاندىغۇ؟!

— شۇنداق، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — بىراق، بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى!

بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئابى يىچىجى ئەپەندى كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ياپونلارنىڭ ئادىتى بويىچە يەرگە تېزلىنىپ ئۆلتۈرۈپ تەزىم قىلغان ھالدا بىز بىلەن سەمىمىي خوشلاشتى . . .

## «مۇھىت ئاۋازىلىكىمۇ بىر خىل زور بايلىقتۇر»

سىنتەبىرنىڭ بېشىدىكى بىر جۈمە كۈنى بىز خوككايدونىڭ شىمالىغا جايلاشقان سۇناگاۋا دېگەن بازاردا ئولتۇرۇشلۇق شىماسان ھەدىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلدۇق.

بىز ئۆتكەن يىلى كۈزدە شىماسان ھەدە بىلەن قىزىمىز مېھرىئاينىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى ئىستراھەت مېھمانخانىسىدا تونۇشقانىدۇق. شۇ چاغدا ئۇ بىر ساياھەت ئۆمىكى بىلەن بىللە قەشقەرنى ساياھەت قىلىپ ياپونىيىگە قايتاشىدا ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، ئۆيىمىزگە تېلېفون قىلغانىكەن. بۇ قېتىم بىز ياپونىيىگە كەلگەندە، ئۇ ئىككى قېتىم ئالاھىدە سۇناگاۋادىن ساپورروغا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكەنىدى ۋە بىزنى ئۆزىنىڭ سۇناگاۋادىكى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىشنى قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلغانىدى.

بىز بۈگۈن ئەتىگەندە ساپورودىكى ئۇزۇن يوللۇق پاساژىر بېكىتىدە شىمالغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا بېلەت ئالدۇق ۋە شۇ ئاپتوبۇس بىلەن مەركىزى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا شىمالغا قاراپ تەخمىنەن تۆت سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن شىماسان ھەدىنىڭ يۇرتى سۇناگاۋا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا سائەت 11:00 بولغانىدى. بىز سۇناگاۋا بېكىتىدە ئۇزۇن يوللۇق پاساژىر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن دەرھال شىماسان ھەدىگە تېلېفون قىلىۋىدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ يولدىشى

شىماسان ئەپەندى بىلەن بىللە ئون مىنۇتقا قالماي بېكەتكە يېتىپ كەلدى. بىز ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن سومكىلىرىمىزنى شىماسان ئەپەندىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا بېسىپ، ئۇلارنىڭ سۇناگاۋا ۋوگزالىنىڭ ئالدىدىكى ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق.

سۇناگاۋا بازىرى پۇتۇنلەي شەھەر قىياپىتىگە كىرگەن كىچىك بىر بازار ئىكەن. كوچىلىرى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك رەتلىك بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان، ئاسفالىت كوچىلار كېسىشكەن ھەر بىر چاسا يول ئېغىزلىرىدا قاتناشنى ئاپتوماتىك باشقۇرىدىغان قىزىل - يېشىل چىراغلار ۋالىلداپ يېنىپ تۇرىدىكەن. بۇ كوچىلار ساپورروڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە تۈز، تەكشى ۋە پاكىز ئىكەن. ساپورىرودىكىدەك قايناق شەھەر تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، سۇناگاۋا شۇنداق جىمجىت ۋە شۇنداق پىنھان ئىكەن. ئەمما، چوڭ - كىچىك كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ - كىچىك ماگىزىن - ماركىتلار زىچ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ھەرگىزمۇ سەھرادا يۈرگەندەك ھېس قىلمايدىكەنسىز.

شىماسان ھەدە سۇناگاۋا ۋوگزالىنىڭ ئالدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇنىڭ مېھمانخانىسى مېيجى زامانىسىدا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك كونا بىر بىنانىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىكەن. ئۇ بىزنى بۇ مېھمانخانىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ئون تاتامىلىق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. يېنىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشقانىكەن. شىماسان ھەدىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار خوككايدو ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۇناگاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەنجەرۋازلىق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، بىز بىلەن قىزغىن

كۆرۈشتى.

شىماسان ھەدىنىڭ يولدىشى شىماسان ئەپەندى يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، تەن ـ سالامەتلىكى ياخشى، تېتىك، خۇشخۇي مىجەزلىك گەپتان بىر چال ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى پاراڭنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولغاچقا، بىز ئىككىمىز تېزلا چىقىشىپ، يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ كەتتۇق. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، جاۋەندىكى ھەر خىل كىتابلىرىنى ۋە ئۆزى ئىلگىرى خىزمەت كۆرسەتكەندە ئالغان تۈرلۈك شەرەپ گۇۋاھنامە ـ ئوردىنلىرىنى ماڭا بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى.

ئۇ ئىلگىرى خوككايدو ۋىلايەتلىك پاژارنى ساقچى قىسمىدا ئوفىتسېر بولغانىكەن. كېيىن شۇ ساقچى قىسمىدىن پېنسىيىگە چىقىپتۇ. ھازىر ئۇ خوككايدو ۋىلايەتلىك پاژارنى ساقچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى ھەيئىتى ئىكەن. ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ تاملىرىغا ئىلگىرى ئۇ پاژارنى ساقچى قىسمىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا كۆرسەتكەن تۈرلۈك باتۇرلۇقلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن نۇرغۇن لەۋھە شاھادەتناملەر ئېسىۋېتىلگەنىكەن. بۇ لەۋھە ـ شاھادەتنامىلەرنىڭ ئارىسىدا ياپونىيىنىڭ ھازىرقى تىننوسى تايسې ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان بىر شاھادەتنامە بىلەن تىننو تايسې ۋە خانىكە تايسېنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلغاندا بىللە چۈشكەن سۈرىتى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ئېسىپ قويۇلغانىدى.

بىز تاماقتىن كېيىن بىر پەس پاراڭلىشىپ، سۇناگاۋا بازىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن پەسكە چۈشتۇق.

مەن تالاغا چىقىپ، كوچىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تۆمۈر يول ۋوگزالى ـ سۇناگاۋا ۋوگزالىنىڭ بىناسىغا كۆزۈم چۈشتى. بۇ يەر ماڭا بۆلەكچىلا تونۇشتەك بىلىنىپ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. مەن كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى ۋوگزالنىڭ

ئىچىگە كىردىم. بايراق خادىسىغا ئېسىلغان برونزا تاختىغا ۋوگزالنىڭ ئىسمى، بىنا بولغان ۋاقتى ئېنىق يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ھېسابلاپ باقسام، بۇ ۋوگزالنىڭ سېلىنغىنىغا ساقمۇ ـ ساق 120 يىل بولۇپتۇ.

— بۇ ۋوگزال ماڭا ئەجەپ تونۇشتەك بىلىنىدىغۇ، نەدە كۆرگەن بولغىيتىم؟ — دەپ سورىدىم مېھرىنىسادىن، — زادىلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

— بەلكىم كىنولاردا كۆرگەن بولغىيتىڭ، — دەپ ئېسىمگە سالدى ئۇ، — دادا، سەن ياپونىيە ھېكايە فىلىملىرىنى بەك ياقتۇرۇپ كۆرەتتىڭغۇ! قېنى ئەسلەپ كۆرگىنە، يادىڭغا كەلتۈرەلەمدىكەنسەن؟

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! بۇ يوكوجى باش رول ئالغان ياپونىيە ھېكايە فىلىمى: «يىراقتىكى چاقىرىق» تىكى سۇناگاۋا دېگەن يالغۇز ۋوگزال ئەمەسمۇ؟ «ئاشىن» دېگەن تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمىدىكى باش قەھرىمان ئاشىن توكيوغا بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ سۇناگاۋا ۋوگزالىدا جەنۇبقا ماڭغان پويىزغا چىقمىغانمىدى؟

— ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ — دېدى مېھرىنساي كۈلۈپ، — تېلېۋىزوردا ھەر قېتىم «ئاشىن» كۆرسىتىلگەندە، بىزنى «دەرسىڭلارنى مۇزاكىرە قىلىڭلار!» دەپ چىقىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ يالغۇز كۆرەتتىڭ!

كەچقۇرۇن، شىماسان ئەپەندى مېنىڭ تەلىپىم بويىچە بىزنى بازارلىق ھۆكۈمەتكە — بازار باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئاپاردى.

بىز ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن مېنىڭدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئاران 2% نى ئىگىلەيدىغان ياپونىيە يېزىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى ماڭا زادى ئارام بەرمەي كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، بىز تېپىك ياپون

يېزىلىرىدىن بىرى بولغان سۇناگاۋا بازىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى شىماسان ھەدىگە ئېيتقانىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى قەدىنىسى شىماسانغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ تەلىپىمگە دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇناگاۋا بازىرىنىڭ باشلىقى تاكامۇرا ئەپەندى ئۇنىڭ دوستى ئىكەن. شىماسان ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى تېلېفون بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويدى.

بىز بازارلىق ھۆكۈمەتكە كەلسەك بازار باشلىقى تاكامۇرا بىزنى ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى تاكامۇرا يۇجى ئىكەن. بۇ ياش قۇرامى ئەللىكلەردىن ئاشقان، قاۋۇل بىر ئادەم بولۇپ، گەپ، سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇقساق، ئۇ توكيو دۆلەتلىك ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەنىكەن. شىماسان ئەپەندى بىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. ئۇ بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى ۋە بىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئۆز - ئارا تونۇشۇپ بىر پەستىلا خۇددى يېقىن تونۇشلاردەك بولۇپ كەتتۇق. تاكامۇرا ئەپەندى مېنىڭ ئىلتىماسىمغا بىنائەن سۇناگاۋا بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

سۇناگاۋا بازىرى — ياپونىيە بويىچە 2 - چوڭ تۇزلەڭلىك ئىشكارى تۇزلەڭلىكنى كېسىپ ئۆتىدىغان J . R («ياپونىيە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆمۈر يول» نىڭ قىسقارتىلمىسى) تۆمۈر يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان كىچىك بىر بازار ئىكەن. بازار — ياپون تىلىدا «ماچى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھازىر سۇناگاۋا بازىرىدا 1800 دەك دېھقان تۈتۈنى، 6000 غا يېقىن نوپۇس بار ئىكەن.

ياپونىيە بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان قارلىق تاغ -

ئىشكارى تاغلىرىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان تارام ـ تارام ئەگرى سۇلىرى قوشۇلۇپ سۇناگاۋا دەرياسى ھاسىل بولغاندىن كېيىن سۇناگاۋا بازىرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ياپونىيە بويىچە 2 ـ چوڭ دەريا ئىشكارى دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ، ئېبىستو شەھىرىگە كەلگەندە بىردىنلا غەربكە بۇرۇلۇپ، ئىشكارى قولتۇقىدا مەشھۇر ياپون دېڭىزىغا قويۇلىدىكەن.

سۇناگاۋا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان سۇناگاۋا بازىرى خوككايدو يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تورى ۋە J . R تۆمۈر يولى ئارىلىق ساپورىرو ۋە پۇتۇن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەھەرلەرچەمبىرىكى بىلەن زىچ تۇتىشىدىكەن.

تاكامۇرا ئەپەندىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، سۇناگاۋا بازىرى ياپونىيە يېزىلىرى بويىچە ئەڭ كىچىك مورا ـ ماچىلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما «قۇشقاچ ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ، بەش ئەزاسى تولۇق» بولغاندەك، بازارلىق ھۆكۈمەتتىمۇ باشقا مورا ـ ماچىلاردىكىدەك ھەر خىل فۇنكسىيىلىك مەمۇرىيەتلەر تولۇق تەسىس قىلىنغانىكەن. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدە خوجىلىق، باج ئىشلىرى، تۇتۇن - نوپۇس، پىلان، تەمىرات، سۇ نەقلىياتى، ئىش ـ ئوقەتنى گۈللەندۈرۈش، پاراۋانلىق — سالامەتلىك، مۇھىت تازىلىقى، سەيلى ـ ساياھەت، مائارىپ ۋە شۇنىڭدەك، ساقچىخانا قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغاندىن باشقا يەنە، 15 كىشىدىن تەركىپ تاپقان بازارلىق پارلامېنتمۇ بار ئىكەن.

بازار باشلىقى پۇقرالار سايلىمىدا بىۋاستە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن. قايتا سايلانسا، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە بولىدىكەن. ئەمما، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى قاراردىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىكەن. بازار باشلىقىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، بازارلىق ھۆكۈمەتتە يەنە بىر مۇئاۋىن بازار

باشلىقى ۋە بازارنىڭ مالىيىسىگە مەسئۇل بىر باش كاسسىر قويۇلىدىكەن. مۇئاۋىن بازار باشلىقى بىلەن باش كاسسىر يەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولغاچقا، بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلمەستىن، بەلكى بازار باشلىقى تەرىپىدىن خىزمەتكە بىۋاسىتە تەيىنلىنىدىكەن.

سۇناگاۋا بازىرىنىڭ باشلىقى تاكامۇرا ئەپەندىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدىكى ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، بازارلىق ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان سۇناگاۋا پارلامېنتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ياكى تەسىس قىلىنىدىكەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن. يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق ئىكەن. شۇڭا بازارلىق پارلامېنت ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلى ھېسابلىنىدىكەن. مەن تاكامۇرا ئەپەندىدىن «بازارلىق پارلامېنتىنىڭ ھوقۇقى زادى قانچىلىك؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: «بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال ياپونىيە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونىيەدە مەركەزدىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ماچى (بازار جېڭ)، مۇرا (يېزا ـ كەنت) غا قەدەر بولغان ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە قانۇن تۈرغۇزۇش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن. پارلامېنتىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىيەت ھوقۇقى ۋە سوتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى قاتارلىق ئۈچ ھوقۇق ئايرىۋېتىلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ياپونىيە ئاساسىي قانۇندا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە ھەم ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۆز ئالدىغا

مۇستەقىل يۈرگۈزىدىكەن، ھەم بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىكەن.
تاكامۇرانىڭ ئېيتىشىچە، ياپونىيىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە پارلامېنت تۈزۈمىنى ئاساسىي يېتەكچى قىلىدىغان يەرلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قوللىنىدىكەن. يەنى، ياپونىيە ئاساسىي قانۇنىغا ۋە خوككايدو ۋىلايىتىنىڭ خارتىيىسىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا سۇناگاۋا بازىرىدىكى پۇقرالارنىڭ بىۋاستە سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن بازارلىق پارلامېنت سۇناگاۋا بازىرىنىڭ خارتىيىسىنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونومىيىنى يولغاقويۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. دېمەك، بازارلىق پارلامېنت سۇناگاۋا بويىچە ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت تەشكىلاتى بولۇپ، بازارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بارلىق چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىدىكەن. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باش كاسسىر قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەمۇرىي باشلىق پۈتۈن بازارلىق ھۆكۈمەت مەمۇرىيىتىدىكى باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا ۋاكالىتەن بازارلىق پارلامېنت ئالدىدا ئۆز خىزمەتلىرىنى ھېسابلاپ بېرىدىكەن.
تاكامۇرا ئەپەندىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، پۈتۈن مەملىكەت بىر «تو» (پايتەخت)، ئىككى «كو» (مەھكىمە)، بىر «دو» (ۋىلايەت)، ۋە 43 «ئاگاتا» (ناھىيە) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 47 ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ مەمۇرىي رايونلارنىڭ قارمىقىدا 3200 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك «ئىچى» (شەھەر)، «ماچى» (بازار) ۋە «مۇرا» (كەنت ياكى يېزا) بار ئىكەن. «ماچى» بىلەن «مۇرا» ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ دەرىجىلىك مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ، ئۇلار بىزدىكى يېزا - بازار (جېڭ) لار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. سۇناگاۋا بازىرىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى دۆلىتىمىزدىكى يېزا - بازار

(جىڭ) نىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى بىلەن تەڭ كېلىدىكەن.
سۇناگاۋا بازارلىق ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە بازار باشلىقى تاكامۇرانىڭ ئايرىم ئىشخانىسى بولغاندىن سىرت، قالغان مائاۋىن بازار باشلىقى، باش كاسسىر ۋە باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلار ۋە بۇ تارماقلاردا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ ھەممىسى يوغان بىر ئىشخانىدا ئورۇن ئالىدىكەن. مۇئاۋىن بازار باشلىقى بىلەن باش كاسسىرنىڭ خىزمەت ئۈستىلى چوڭ ئىشخانىنىڭ ئىككى بولۇڭىدا قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ياكى ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن بازارلىق ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يان تەرەپتىكى بىر ئىشخانىغا ئۈستەل ـ ئورۇندۇق ۋە ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار قويۇپتۇ.
تاكامۇرا ئەپەندىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇناگاۋا بازىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ تەرەققىي قىلىپتۇ. بۇ يەر خوككايدو ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى ئىشكارى تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولغاچقا، يىللىق ھاۋا كېلىماتى بىر قەدەر سوغۇق ئىكەن. سۇناگاۋانىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۆسىدىغان قىرۇسىز ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، بۇ يەردە سوغۇققا چىدامىلىق شال، كۆممە قوناقتىن باشقا زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرگىلى بولمايدىكەن. باغۋەنچىلىكتە ئالما ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدىكەن. سۇناگاۋاد چىقىدىغان «قىزىل فۇجى»، «گوگۇۋاڭ» قاتارلىق سورتلۇق ئالمىلار خوككايدودىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ياپونىيىدىمۇ داڭلىق ئىكەن.
تاكامۇرا ئەپەندى بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە بىنائەن بىزنى يېقىن ئەتراپتىكى ئاساجى ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ ئالمىزارلىقىغا باشلاپ باردى. ئاساجىنىڭ 20 گېكتار كېلىدىغان يەردە بىر ئالمىزارلىق بېغى بار ئىكەن. بىر گېكتار يەر بىزدىكى

15 مو يەرگە تەڭ كېلىدىكەن.

بىز ئۇنىڭ ئالمىزارلىقىغا كەلسەك، ئاساجى ئايالى ۋە خوشنىسى بىلەن بىللە شوتا ئۈستىدە ھەر بىر تۈپ ئالمىدىكى ئالمىلارنىڭ قىزارمىغان تەرىپىنى قۇياشقا قارىتىپ ئېھتىيات بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆرۈۋاتقانىكەن. يەنە ھەر بىر تۈپ ئالمىنىڭ ئاستىغا قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدىغان كۈمۈش قەغەز يېيىپ قويۇلۇپتۇ. قۇياش نۇرىنىڭ ئالمىلارغا تولۇق چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالمىنىڭ شاخلىرىدىكى ياپراقلار ئاساسەن قىرقىپ تاشلىنىپتۇ.

ئۇ بىزنى كۆرۈپ شوتىدىن پەسكە چۈشتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن «بۇ 20 گېكتار يەردىكى ئالمىلارنى تولۇق بىر قېتىم ئۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇ: «بىز ئۈچ كىشى ئىككى ھەپتىدىن بېرى، ئالمىلارنى توختىماي ئۆرۈۋاتىمىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قالغانلىرىنى تولۇق ئۆرۈپ بولۇشقا يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ياپونلارنىڭ ئەستايىدىللىقىغا ھەقىقەتەن قول قويدۇم. بىز ئۇنىڭ ئالمىزارلىقىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ پارنىكىنىمۇ كۆردۇق. بۇ پارنىكلاردا پەمىدۇر ئۆستۈرۈلىدىكەن. بۇ پەمىدۇرلار مېتالدىن ياسالغان تىرەكلەرگە يۆگىلىپ ئۆسكەن بولۇپ، ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن ئاشاتتى. ھەر بىر تۈپ پەمىدۇرنىڭ شاخلىرىدا ئوخشاش چوڭلۇقتا يوغىنىغان بىرەر يۈزدەك ئالا بۆرەك بولغان پەمىدۇرلار خۇددى ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقتەك يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇراتتى، زامانىۋى ئۇسۇلدا ياسالغان بۇ پارنىكنىڭ تۈرلۈك مېخانىزاتسىيىسى تامامەن ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىكەن.

بىز پارنىكتىن قايتىپ چىققاندا، كەچ سائەت 6:00

بولغانىدى. بىز ئالمىزارلىق خوجايىنى ئاساجى ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى تاكامۇرا ئەپەندى ۋە شىماسان ئەپەندىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىماسان ھەدىنىڭ مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدۇق. تاكامۇرا ئەپەندى شىماسان ئەپەندىگە بىر ئىشنى تاپىلاپ قويۇپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شىماسان ئەپەندى بىزگە: «تاكامۇرا ئەپەندى ئەتە ئەتىگەندە سىلەرنى ياپون دېڭىزىدىكى ئىشكارى قولتۇقىغا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلىمەن، دەيدۇ. ئۇ بىزنىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەتتى» دېدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن شىماسان ئەپەندى ماشىنىسى بىلەن بىزنى سۇناگاۋا دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئوتامارۇ يۇشىرو ئىسىملىك بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. ئۇنىڭ بۇ دوستى بىر نەسىللىك ئات فېرمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 25 گېكتارلىق بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ ئايالى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئوتامارۇ ئەپەندىنىڭ بىزگە ئېيتىشىچە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق ۋە ئاگرونوملۇق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەنىكەن. نەسىللىك ئات فېرمىسى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئوتامارۇ ئەپەندى بىلەن ئايالى ئوتامارۇ خانىم ئىككىسى يالغۇز باشقۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە ئۈچ قىزى ھازىر توكيودا ئىشلەيدىكەن، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، توكيودا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان مىلاد بايرىمىدىلا بالىلىرىنى ئېلىپ، توكيودىن شىمالدىكى سۇناگاۋاغا ئاتا - ئانىسى بىلەن مومىسىنى كۆرگىلى كېلىشىدىكەن. بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ مىلاد بايرىمى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭلا، ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئاتا - ئانىسى بىلەن مومىسىغا تاشلاپ بېرىپ يەنە توكيوغا قايتىپ كېتىشىدىكەن.

ئوتامارۇ سان ئاۋۋال بىزگە ئۆزىنىڭ نەسىللىك ئات فېرمىسىنى كۆرسەتتى. ھازىر ئۇنىڭ فېرمىسىدا 25 تۇياق نەسىللىك ئات بېقىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئاتلار ئاساسەن ساپورودا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خوككايدو ئېغىرلىق سۆرەش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان ئاتلار ئىكەن. ئۆتكەن يىلقى ۋە ئالدىنقى يىللىق خوككايدو ئېغىرلىق سۆرەش مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ ئىككى ئېتى ئۈچىنچىلىككە، بىر ئېتى ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپتۇ. ئۇ بىزگە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ ئاتلىرىنى ئالايىتەن كۆرسەتتى. ئوتا مارۇ سان ئىنتايىن ئات خۇمار بىر ئادەم ئىكەن، ئۈچىنچى بوۋىسىدىن تارتىپ بەش ئەۋلاد مۇشۇ يەردە ئاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن ئات فېرمىسىنىڭ ئىشىغا ئوتا مارۇ سان يالغۇز ئۆزى مەسئۇل ئىكەن.

ئۇ بىزگە ئات فېرمىسىنى كۆرستىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆرسەتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 25 گېكتار يەرنىڭ ھەممىسىدە سورتلۇق شال ئۆستۈرۈلىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ئوتا مارۇ خانىم بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە، ئۇلار سائەتلىك ھەق تۆلەيدىغان توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىدىكەن.

بىز ئات فېرمىسى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئوتا مارۇ ئەپەندىنىڭ ئۆيى ياۋروپا نۇسخىسىدا سېلىنغان يەتتە خانىسى بار ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنادا ئىكەن. بىنانىڭ كەينىدىكى باراكتا ھەر خىل ئىشقا سېلىنىدىغان چوڭ - كىچىك تراكتورلار، شال كومبايىنى، سېيالكا، ئوغۇتلاش ماشىنىسى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتار - قاتار رەتلىك توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئوتا مارۇ ئەپەندىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، قول بىلەن قىلىنىدىغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم

ئەمگەكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەر ئاغدۇرۇش، سۆرەم سېلىش، ئۇرۇق سېلىش، مايسا كۆچۈرۈش، ئوغۇتلاش، ئوتاش، سۇغىرىش، يىغىش ۋە تېپىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق قىلىنىدىكەن. سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتوماتلاشقان بولغاچقا، «ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ» مۇ ئېتىزلىقنىڭ قايسى قىسمىدىكى شال مايسىلىرىنىڭ قانچىلىك مىقداردا سۇ ۋە ئوغۇت تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بەش قولدەك بىلىش مۇمكىن ئىكەن. مەن ئوتا مارۇ خانىمدىن ھەر بىر گېكتار يەردىن يىلىغا قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىغانلىقىنى سورىۋېدىم، ئۇ ماڭا: «ھەر بىر گېكتار يەردىن يىلىغا 10 ـ 12 توننا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، ياپونىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە زامانىۋىلىشىشى بىزگە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى مەملىكەتتىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران 2% نى تەشكىل قىلىدىغان ياپونىيە دېھقانلىرى قانداق قىلىپ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 130 مىليون ئاھالىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ!

كەچ كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىز ئوتا مارۇ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئوتا مارۇ خانىم ھەم ئانىسى ئوتا مارۇ موماي بىلەن خوشلىشىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق.

ئەتىسى قاق سەھەردىلا تاكامۇرا ئەپەندى بىزنى ياپون دېڭىزىدىكى مەشھۇر كورت — ئىشكارى قولتۇقىنى كۆرسىتىپ كەلمەكچى بولۇپ، ماشىنىسى بىلەن شىماسان ھەدىنىڭ مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەپتۇ!

مېھمانخانىدا خوككايدو بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنجەرۋازلىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش

ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شىماسان ھەدە بىز بىلەن بىللە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ يولدىشى شىماسان ئەپەندى بىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە بارىدىغان بولدى. بىراق، ئۇ بۈگۈنكى بىرىپ ـ كېلىشتە ماشىنىنىڭ ماي پۇلىنى ئۆزى تۆلەيدىغانلىقىنى تاكامۇرا ئەپەندىگە ئېنىق ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقتى.

سائەت دەل 7:00 دە بىز سۇناگاۋا بازىرىدىن ئايرىلىپ، ئىشكارى كورتىغا بارىدىغان يولغا چىقتۇق. بىز ئولتۇرغان ماشىنا سۇناگاۋا دەرياسىنىڭ تۆمۈر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربكە — ياپون دېڭىزىدىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى — ئىشكارى كورتىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۈستىمىزدىكى ئاسمان بوشلۇقىدا تۆت ـ بەش دانە پىلانېر پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

تاكامۇرا ئەپەندى يولدا ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭغاچ سۇناگاۋا بازىرىنىڭ بەزى ئەھۋالىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى.

— ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقا جايلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى، — دېدى ئۇ كۆزىنى ئالدىدىكى يولدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — بىز بۇنداق پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ يازدىكى ھاۋا كېلىماتىنىڭ سالقىن، كۆپ خىل ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ماس كەلمەيدىغان، پەقەت ئالما بىلەن شال ئۆستۈرۈشكىلا بولىدىغان تەبىي مۇھىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدۇق. ئۆزىمىزدىكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئىقتىسادىي كاللىسى بار ئادەملەرنى بىر يەرگە توپلاپ، ئىقتىسادىي ئارتېل تەشكىل قىلىپ، J.R تۆمۈر يولى بىلەن مەركىزى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تورىنىڭ بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزدىن ئۆتىدىغانلىقىدەك ئەۋزەللىكتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندۇق، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئەلا سورتلۇق ئالما

بىلەن سۈپەتلىك شال مەھسۇلاتىنى سىرتقا بۇسۇپ چىقىشتىكى ۋاستە قىلىپ، ساپوررو، توكيو، ئوساكا قاتارلىق شەھەرلەر چەمبىرىكىدىكى ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەر بىلەن قويۇق ئىقتىسادى ئالاقە ئورناتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇناگاۋا بازىرىنىڭ ياز پەسلىدىكى ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ 20°C ئەتراپىدا بولىدىغانلىقى ۋە ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ ھەرگىز 30°C دىن ئاشمايدىغانلىقىدەك سالقىن ھاۋا كىلىماتىدىن پايدىلانماقچى بولدۇق. چۈنكى، مۇھىت ئەۋزەللىكىمۇ بىر خىل زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بىز بازارلىق پارلامېنتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن تېرىلغۇ يەرلەرگە «دەرەخ تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش» ئارقىلىق، ھەر خىل «چاھار باغ» ۋە «ئائىلە ئارامگاھلىرى»نى قۇرۇپ، سەيلە - ساياھەت كەسپىنى كەڭ يولغا قويدۇق. تېرىلغۇدىن بوشىغان يەرلەرنى شەھەرلىكلەرگە خۇسۇسىي «چاھارباغ» سېلىش ئۈچۈن 20 يىللىق، 30 يىللىق مۆھلەت بىلەن ئىجارىگە بەردۇق. ھازىر سۇناگاۋا بازىرىدىكى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇنداق «چاھار باغلار»، «ئائىلە ئارامگاھلىرى» 3800 دىن ئېشىپ كەتتى! باشقا شەھەرلەردىكى مەكتەپ، شىركەتلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بىز ئىجارىگە بەرگەن يەرلەردە قۇرغان تۈرلۈك تەربىيىلەش مەركەزلىرى، ساناتورىيىلىرى، داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە ئولتۇراق بىنالىرى 1000 يۇرۇشتىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، سەيلى - ساياھەت ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى سۇناگاۋانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بىز يەنە سۇناگاۋا دەرياسىنىڭ دەريا قىنىنىڭ كەڭ ۋە تۈز بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، خوككايدو بويىچە ئەڭ چوڭ پىلانېر ئۇچۇرۇش ئايرودرومىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقتۇق. ھەر يىلى ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ خوككايدو بويىچە، ھەتتا پۈتۈن ياپونىيە بويىچە ئاۋاتسىيە

مەستانىلىرى بۇ يەرگە يىغىلىدۇ. بايا سىز كۆرگەن پىلانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ پىلانىر ئايرودرومىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن! بىز ئىشكارى قولتۇقىدىن يانغاندا مەن سىلەرگە پىلانىر ئايرودرومىنى كۆرسىتىپ قوياي. ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، پىلانىردا ئۇچۇشنى خالامسىز؟

مەن تاكامۇرا ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان چاقچىقىغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم.

— ھا... ھا!... ھا!— ...

ماشىنىنىڭ ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە ساداسى ماشىنا ماتورىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى.

ئەمما، مەن دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم ـ دە:

— چاتاق يوق! ئەمما ھۆرمەتلىك تاكامۇرا سان، سىزمۇ مېنىڭ بىلەن بىللە پىلانىرغا چىقىشىڭىز شەرت! — دەپ ئۇنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردىم. بۇ چاغدا ماشىنا ئىچىدە بايىقىدىنمۇ قاتتىق كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى!...

بىر پەس داۋاملاشقان سۆكۈتتىن كېيىن مەن ئۆزۈم قىزىقىدىغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، يەنە سوئال سورىدىم:

— ھۆرمەتلىك تاكامۇرا سان، — دېدىم مەن، — بازارلىق ھۆكۈمەتتە ھازىر سىز باشلىق ئۈچلا ئادەم ئىشلەيدىكەنسىزلەر، بۇنداق بولغاندا، سىزلەر ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالامسىزلەر؟

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، بۇ گەپنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز، — دېدى ئۇ سۆزۈمگە جاۋابەن، — بىزدە: «راھىب كۆپ بولسا، راھىبكالان ئاچ قالۇر» دېگەن بىر تەمسىل بار. بازارلىق ھۆكۈمەتتە ئاران ئۈچلا ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن بىزگە خىزمەتنى ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بازارلىق مەمۇرىيەتتە ئاش يەپ قاچا بىكارلايدىغان ئادەمگە ھەرگىز ئورۇن يوق! مەن ئۆزۈمنى ئالسام، مەن مەمۇرىيەتنىڭ بىرىنچى

قول باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىشقا باشقىلاردىن بۇرۇن سائەت بالدۇر كېلىشىم كېرەك. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەندە، ھەممىدىن ئاۋۋال ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك بۆلۈملەرنىڭ ئىش ئۇنۇمىنى سۈرۈشتە قىلىپ، پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ھەمىشەم كەنت پارلامېنت ئەزالىرى بىلە سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ مەمۇرىيەتكە بولغان پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلايمەن. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرىمەن. شۇڭا بازىرىمىزدىكى 1800 دېھقان تۇتۇننىڭ ئەھۋالى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلار سىرتتىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەمىشەم مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەن بىرىنچى قول بولۇۋاتقان بازارلىق مەمۇرىيەتتە قانداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىمەن.

...

ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ يەنە باشقا ماچى (بازار)، مورا (يېزا - كەنت) ۋە ئاگاتا (ناھىيە) لارنىڭ تەجرىبىلىرىنى سۇناگاۋانىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەينەك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بەزىدە ھەتتا باشقا جايلاردىن ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىنى سورىسام، ئۇ ماڭا: «سۇناگاۋا باھار كېچىكىپ كېلىدىغان، ئەمما بالدۇر قىش چۈشۈپ كېتىدىغان بىر جاي. ھازىر بىز قانداق قىلغاندا سۇناگاۋادا قىش پەسلىدىمۇ سەيلى - ساياھەتچىلەر كۆتۈۋالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرماقتىمىز. ئۇ چاغدا بىز سىلەرنى بىر يىلنىڭ تۆتلا پەسلىدە ساكۇرا گۈللىرى (ياپونىيىنىڭ دۆلەت دەرىخى، بىزدە نورۇزگۈلى، دېيىلىدۇ) ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل باغچىغا تەكلىپ قىلىمىز!» دېدى

تولۇپ تاشقان ئىرادە ۋە ئىشەنچ بىلەن . . .

بىز پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ياپون دېڭىز ساھىلىدىكى گۈزەل ئىشكارى كورتىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى تۇيمايلا قاپتۇق! . . .

# ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى

بۈگۈن شەنبە ئىدى. پروفېسسور ئابى يىچىجى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مازىدا» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسى بىلەن بىزگە خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆرسىتىپ كەلمەكچى بولدى.

شۇ يەر ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 9:10 دا بىز خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدۇق. مەكتەپ ئىچىنى كىچىك ماشىنا بىلەن ساياھەت قىلىش مەنئىي قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئابى يىچىجى ئەپەندى ماشىنىسىنى سائەتلىك ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا توختىتىپ، رەسمىيەت ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن بىزنى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى.

پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتى 1876 ـ يىلى ۋىلىيام. سىمىت. كىراك ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان سابىق ساپوررو ئاگرونوملار مەكتىپى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇنىۋېرسىتېت ئىكەن. مەكتەپنىڭ ھازىرقى يەر كۆلىمى 176 گېكتار بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى قارىياغاچلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، «قارىياغاچلىق ئۇنىۋېرسىتېت» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتى تەمىرات، فىزىمات، يېزا ئىگىلىكى، ئىقتىساد، قانۇن، ئەدەبىيات، مائارىپ، چىشچىلىق، مېدىتسىنا ۋە چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى قاتارلىق ئون چوڭ كەسپىي فاكۇلتېت

ۋە بىر ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، بىر چىشچىلىق، ئىغىز بۆلۈم دوختۇرخانىسى، ۋىلىيام. سىمىت. كىراك خاتىرە سارىيى، كۇتۇپخانا، نەمۇنىچىلىك كالا فېرمىسى قاتارلىق بەش چوڭ مۇلازىمەت تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىر ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتى ئىكەن. سائەت 12 : 50 ئۆتكەندە بىز خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، مەكتەپ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كەلسەك، پروفېسسور ئابى يىچجىنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئالدى ئەينىكىگە بىر پارچە قەغەز قىستۇرۇقلۇق تۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلىقى قەغەزنى دەرھال قولىغا ئېلىپ قارىۋېدى، ماشىنا توختىتىش ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن سېلىنغان شىتراف تالونى ئىكەن.

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ بىزگە، — بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم. مەن ھازىر بېرىپ بۇ شىتراف سوممىسىنى دەرھال تۆلىۋېتىشىم كېرەك.

ئۇ گېپىنى توختىتىپ، سائىتىگە قارىۋېتىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مۇنداق بولسۇن، مەن سىلەرنى ئەتە كەچ سائەت 6 : 00 دە سېپسكىنو رەستىنىسىدىكى «جۇڭخۇا رېستورانى» ئالدىدا كۈتىمەن!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بىز بىلەن خوشلاشتى — دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. بىز گەرچە پروفېسسور ئابى يىچجىنىڭ بۇ ئىشىنى ئانچە ياقتۇرمىغان بولساقمۇ، ئەمما زادىلا چاندۇرمىدۇق. قىزىمىز مېھرىئاي بىزنىڭ چىرايىمىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىزگە ئابى يىچجىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىنلا، خۇددى بىز جۇڭگولۇقلار ئىنسانىي غۇرۇرىمىزنى جېنىمىزدىن ئەلا بىلگەندەكلا، ياپونلارمۇ ئىشەنچ - ئىناۋەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن قايىل

بولدۇق.

مېھرىئاينىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونىيىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن. ياپونىيىدە قاتناش تىقىنچىلىقى خۇددى جۇڭگودىكىدەكلا ئېغىر بولسىمۇ، بىراق، قاتناش تەرتىپى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كوچىلاردا كىچىك ماشىنا ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەمما ماشىنا ھەيدىگۈچىلەر ناھايىتى ئاڭلىق كېلىدىكەن. دۆلىتىمىزدىكىدەك قاتناش تەرتىپىگە رىئايە قىلمايدىغان ئىشلار بۇ يەردە قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن، شوفېر ماشىنىسىنى توختىتىشقا تېگىشلىك بولمىغان جايدا توختاتقان بولسا، ياكى توختىتىش سىزىقىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، قاتناش ئىنتىزامىنى تەكشۈرگۈچى مۇپەتتىشلەر ماشىنا ئىگىسىنى «قاتناش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلدى» دەپ، بىر پارچە شتىراف تالونىنى ماشىنىسىغا قىستۇرۇپ قويىدىكەن، بۇ چاغدا قاتناش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان شوفېر غىڭ قىلماستىن كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بېرىپ شتىراف سوممىسىنى تاپشۇرىدىكەن.

مەن مېھرىئايدىن: «شوپۇر تاپشۇرماي كېتىپ قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم.

— تاپشۇرماي كېتىپ قالىدىغانلارمۇ باردۇ، بەلكىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما دادا، بۇ ياپونىيە، جۇڭگو ئەمەس! بۇ يەردىكى شوپۇرلار ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ!

— نېمىشقا؟!

— قاتناش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان شوپۇر قاتناش تەرتىپىنى تەكشۈرىدىغان مۇپەتتىشنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈستىدە يېزىلغان خاتىرىنىڭ كۆپيىسىنى ئىشەنچ-ئىناۋەت ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن بەك قورقىدۇ — دە!

مەن ئىشەنمىدىم. چۈنكى، مەن ئۆمرۈمدە جۇڭگودا

«ئىشەنچ ـ ئىناۋەت ئىدارىسى» دەيدىغان بىر ھۆكۈمەت تارمىقىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا:

— ئەلمىساقتىن تارتىپ ھۆكۈمەتتە نەدىمۇ ئۇنداق ئىدارە بولغان؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە چۈشەنمەي

— ياپونىيىدە ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق فۇنكسىيىلىك ھۆكۈمەت تارمىقى تەسىس قىلىنغان، — دېدى مېھرىئاي ئەستايىدىللىق بىلەن، — بۇ ئىدارە يۇقىرىلارنىڭ ئىشەنچ ـ ئىناۋەت دەرىجىسىنى ھەمىشەم مەخسۇس تەپتىش قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە ياپونىيىگە كەلگەن مەنمۇ ئىشەنمىگەن. ئەمما، ھازىر ئىشىنىدىغان بولدۇم. مەن ساپورورودا قاتناش تەرتىپىنى تەكشۈرىدىغان بىر مۇپەتتىشنى تونۇيمەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلەشكەنمەن.

— ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم مەن ئادەتتە ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان ئادىتىم بويىچە.

مېھرىئاي مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئاندىن:

— قاتناش تەرتىپىنى تەكشۈرىدىغان بۇ مۇپەتتىشنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، — دېدى ئۇ، — قاتناش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچى بىرىنچى قېتىملىق شتراف سوممىسىنى تاپشۇرمىسا، تالوننى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئانچە سۈرۈشتە قىلىنمايدىكەن؛ مۇبادا، ئىككىنچى قېتىم ئۇ قاتناش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن سېلىنغان شتراف سوممىسىنى يەنىلا تۆلىگىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، بەلكىم، ئالدىراش بولۇپ، تۆلەشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىدىكەن؛ ئەمما ئۈچىنچى قېتىم قاتناش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سېلىنغان شتراف تالوننى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، شتراف

سوممىسىنى يەنىلا تاپشۇرۇماي يۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قاتناش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سېلىنغان شتراف سوممىسىنى تۆلىمىگەنلىك خاتىرىسى بىلەن ئۈچىنچى قېتىمقىسىنى قوشۇپلا «ئىشەنچ - ئىناۋەت ئىدارىسى» گە بىراقلا يوللاپ بېرىلىدىكەن.

ھالبۇكى، قاتناش ئىنتىزامىنى بۇزغۇچىنىڭ بۇ ئۈچ قېتىملىق خاتىرىسى ئۇنىڭ ئۆز ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، ئىشەنچسىزلىك قىلغانلىقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە «ئىشەنچ - ئىناۋەت ئىدارىسى» نىڭ كومپيۇتېردا ئارخىپقا ئېلىنىپ ساقلاپ قويۇلىدىكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى خاتىرە ئېنتېرنېت تورى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئاشكارا ئېلان قىلىنىدىكەن. قاتناش ئىنتىزامىنى بۇزغۇچى ئىشتراف سوممىسىنى تۆلەشكە سەل قاراپ ئىشەنچسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن ئىشەنچسىز، دەپ قارىلىدىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ماركېت - ماگىزىنلاردىن چوڭ - چوڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش ئارقىلىق سېتىۋالماقچى بولسا، ماركېت - ماگىزىنلار كومپيۇتېرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىكەن ھەمدە «ئىشەنچ - ئىناۋەت ئىدارىسى» نىڭ ئۇ ھەقتە بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى رەت قىلىدىكەن؛ مۇبادا ئۇ بىرەر ياخشى خىزمەتنى تاپقان بولسا، ئىشقا ئالىدىغان ئورۇنمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچسىزلىك قىلغانلىقىغا ئائىت خاتىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى رەت قىلىدىكەن؛ مۇبادا، ئۇ بىرەر بانكىدىن قەرز ئالماقچى بولۇپ، ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا، بانكىمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىپ،

ھېلىقى خاتىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەرز ئېلىش ھەققىدىكى تەلىپىنى رەت قىلىدىكەن. قىسقىسى، ئىشەنچسىزلىك قىلىپ، ئۆز ئىناۋىتىنى بىر قېتىم تۆكۈپلا قويغان ھەر قانداق بىر كىشى ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئىشەنچ ــ ئىناۋەت قازانغان باشقا مەرتىۋىلىك ئادەملەردەك ياخشى ئابرويلۇق تۇرمۇش كەچۈرمىكى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن! دېمەك، بۇ ئىشنىڭ شەخسنىڭ ئارخىپقا زىچ باغلاشتۇرۇلۇشى كىشىلەرنى ئۆز ئىناۋىتىنى خۇددى ئۆز جېنىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىغان قىلىپ قويغان ۋە كىشىلەرنىڭ ناتوغرا يولغا ماڭماستىن، توغرا يولغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولغان. . .

بىز خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىدا مېتروغا ئولتۇرۇپ خوككايدو ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونا ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى كۆرگىلى باردۇق.

خوككايدو ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ھازىر بۇ كونا مەھكىمە بىناسىنىڭ كەينىدىكى 20 قەۋەتلىك بىر بىنادا ئىكەن. كونا ھۆكۈمەت مەھكىمىسى 1888 ــ يىلى گوللاندىيە نۇسخىسىدا قىزىل خىشتىن سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك كونا بىر بىنا بولسىمۇ، تا ھېلىغىچە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ. مەھكىمە قورۇسى ھازىر يېلبويى ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئاممىۋى باغچا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. كىشىلەر بۇ باغچە ئىچىدە سەيلە قىلىپ ئايلانغاچ دەم ئالىدىكەن.

بىز يەر ئۈستىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئودورى بېكىتى ئارقىلىق يەر ئاستىغا ــ مېتروغا چۈشتۇق. ساپورو شەھىرىدىكى مېترودا ھازىر جەنۇپ ــ شىمال لىنىيىسى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 14.3 كىلومېتىر)؛ شەرق ــ غەرب لىنىيىسى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20.1 كىلومېتىر) ۋە شەرق ــ توپۇخىرا لىنىيىسى (13.6 كىلومېتىر) بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 48 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ يەر ئاستى تۆمۈر يول

لىنىيىسى بار ئىكەن. ھەر كۈنى بۇ لىنىيىدە 560 مىڭ كىشى ئۇ ياق بۇ ياققا قاتناپ تۇرىدىكەن. يەر ئاستى تۆمۈر يولى قار، مۆز، شىۋىرغان، سوغۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، ترانسپورت مىقدارى ئىنتايىن چوڭ بولغان قاتناش مۇئەسسەسى بولۇپ، ساپورو شەھىرىدىكى غوللۇق ئاممۇۋى قاتناش قورالى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ ھەم قولايلىق ھەم مۇھىتنى بۇلغىمايدىغان قاتناش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قايسى بېكەتلەردە يولۇچىلارنىڭ چۈشۈپ - چىقىشى ئۈچۈن لىفىت، ئاپتوماتىك تارتما ھەم شۇنىڭدەك مەجرۇھلار ئۈچۈن تەييارلانغان لىفىت قاتارلىق ھەر خىل مۇلازىمەت مۇئەسسەلىرى ھازىرلانغانىكەن. ھازىر ساپورو مېتروسىدىكى 49 بېكەتنىڭ ئىچىدىكى 37 ياكى لىفىت، 37 دە ئاپتوماتىك تارتما، يەنە 35 دە مەجرۇھلار ئۈچۈن لىفىت بار ئىكەن. ساپوررو مېتروسى ھەم قاتناش تۈگۈنلۈك رولىغا ھەم نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان ماركىت - ماگىزىنلىق رولىغا ئىگە بولغان ئۇنىۋېرسال مېترو ئىكەن. بىز ساپوررو شەھەرلىك مېترونىڭ باش تۈگۈنى بولغان ئودورى بېكىتىنىڭ ئاپتوماتىك تارتمىسى ئارقىلىق يەر ئاستىغا چۈشتۇق. پاھ، پاھ! ئادەمنىڭ ھەممىسى مېترودا ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ھەممىلا يەردە ھەر تەرەپكە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر كۆزىمىزگە چېلىقتى. مېترودىكى ماركىت — ماگېزىنلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشكەن بىزگە ئوخشاش ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىراش يۈرۈشىدىكەن. مەن ۋەتەندە باشقىلاردىن ياپونلارنىڭ تۇرمۇش - خىزمەت رېتىمى ئىنتايىن جىددى بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. مانا ھازىر بۇ ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق ئىشەندىم.

ياپونىيە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان دۆلىتى بولغاچقا، بۇ دۆلەتتە «يۇقىرى كىرىم، يۇقىرى باج، يۇقىرى

ئىستېمال، يۇقىرى پاراۋانلىق» تىن ئىبارەت «تۆت يۇقىرى» ئەھۋال ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىكەن. ئادەتتىكى ئىشچى ياكى خىزمەتچىنىڭ بىر ئايلىق مائاشى بىزدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك ئىشچى ياكى خىزمەتچىنىڭ مائاشىدىن 20 ـ 30 ھەسسە يۇقىرى تۇرىدىكەن! دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ئۆستۈن بولىدىكەن، ئۇنى بىزدىكىگە سېلىشتۇرۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ساپوررو شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدىكى «ساپوررو خەلقئارا پلازا» دا ئىشلەيدىغان قىزىمىز مېھرىئاينىڭ بىر ئايلىق مائاشى 30 مىڭ يەن خەلق پۇلىغا تەڭلىشىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تېخى تۆۋەن مائاش ھېسابلىنىدىكەن. بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن. ياپونلار ئادەتتە بىر ئايلىق مائاشىغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىچىك ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالالايدىكەن.

يۇقىرى كىرىم ياپونلارنىڭ يۇقىرى ئىستېمال ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولۇپتۇ. ياپونىيىدە سانائەت ماللىرىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇش قەدىمى ناھايىتى تېز بولغاچقا، ئاھالىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ قەدىمى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالىدىكەن. شۇڭا، پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ نەرسە سېتىۋېلىش ياپونىيىدە ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرلۈك ئىستېمال شەكلىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئوبوروت قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى ئاھالىنىڭ ئىستېمال قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە تۈرتكە بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلانما ھاسىل بولىدىكەن ـ دە، ئاھالىنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىكەن.

يۇقىرى كىرىم بىلەن يۇقىرى ئىستېمال دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدىكەن. ياپونلاردا:

«ھايات ۋاقتىدا ھېچكىم باجدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن بىر گەپ بار ئىكەن. ماركىت ـ ماگىزىنلاردىكى ھەر قانداق تاۋارنىڭ باھاسىغا 5% ئىستېمال بېجى قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن سېتىلىدىكەن( چەت ئەللىكلەر ئەگەر ماگىزىنلاردىن مال سېتىۋالماقچى بولسا، ئون مىڭ يەن ياپونىيە پۇلىدىن تۆۋەن بولسا، 5% بويىچە ئىستېمال بېجى تۆلەيدىكەن. ئون مىڭ يەندىن ئېشىپ كەتسە ئىستېمال بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن) . مېھرىئاينىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونلار ئىستېمال بېجىدىن باشقا يەنە تاپاۋەت بېجى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، داۋالاش فوندى، ئۆي ئىجارىسى ۋە باشقا باج ـ خىراجەتلەرنى ئايمۇ ـ ئاي تۆلەشكە مەجبۇر ئىكەن. بىراق، ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان يۇقىرى نىسبەتتىكى باج ـ پىراقلىرى يەنە يۇقىرى پاراۋانلىق شەكلى ئارقىلىق جەمئىيەتكە قايتۇرۇلىدىكەن. مەيلى زىيالى، مەيلى دۆلەت خىزمەتچىسى، مەيلى ئىشچى، مەيلى دېھقان (بېلىقچى) ياكى ئادەتتىكى قەلەندەر ـ دىۋانە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ياپونىيە پۇقراسىلا بولىدىكەن، ھەممىيلەن دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان يۇقىرى پاراۋانلىق مۇئامىلىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىكەن.

مېترودىكى ماركىت ـ ماگىزىنلاردا مال شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، باھاسى ناھايىتى قىممەت، ئەمما بۇ ماللارنىڭ مۇتلەق ساختىسى يوق ئىكەن. بىز بىر دۇكاندىن بىر دانە تاۋۇز ئالدۇق. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئانىسى ھېلىقى تاۋۇزنى پىچىۋېدى، ئاق چىقىپ قالدى. مەن: «ئۆزىمىزنىڭ شورى، خام تاۋۇزنى تاللىغانلىكىن، كىمدىن كۆرەتتۇق» دېدىم. ئەمما، مېھرىئاي مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلمىدى. ئۇ: «ياق، دادا، بۇ ياپونىيە، ياپونىيىدە ساختا مالغا ھەرگىز يول يوق، سەن قاراپ تۇر، مەن ئاشۇ ماگىزىنغا تېلېفون قىلاي، ھازىرلا ئادەم كېلىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ!» دېدى — دە، تاۋۇز ئالغان ماگىزىندىن

قولۇمىزغا بېرىلگەن تالوندىكى تېلېفون نومۇرى بويىچە تېلېفون قىلىۋېدى. ئوتتۇز مىنۇتقا قالماي، ھېلىقى ماگىزىننىڭ ئىككى خادىمى بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كېلىپتۇ. ئۇلار بىزدىن كۆپلەپ ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن بىزنىڭ تېلېفون ھەققىمىزنى تۆلىۋېتىپ، ھېلىقى خام تاۋۇزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ياپونلارنىڭ ئىشەنچ ـ ئىناۋەتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. مەملىكىتىمىزدىكى ماگىزىنلاردا «ساختا مال بولۇپ قالسا، بىرگە ئون، ئونغا يۈز تۆلەم بېرىلىدۇ!» دەپ ۋەدە بەرگىنى بىلەن، سىزگە مېلىنى ماختاپ ستىۋالسىلا، ئۇنىڭ مېلى ساختىمۇ، راستمۇ كىمنىڭ كارى دەيسىز؟

بىر كۈنى خوككايدو تېلېۋىزىيىسى 2 ـ قانالدا ساختا كالا گۆشى سېتىپ، ئىستېمالچىلارنى ئالدىغان «خوككايدو كيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسى» نىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان بىر مەخسۇس تېلېۋىزىيە خەۋىرىنى كۆرسەتتى.

«خوككايدو كيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسى» كالىچىلىقنى ئاساس قىلغان، تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەللىك يىللىق تارىخقا ئىگە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال زامانىۋى كارخانا ئىكەن. بۇ كارخانا ئىشلەپچىقارغان گۆش تۈرلىرى، سۈت مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن خوككايدودىلا ئەمەس، بەلكى ياپونىيىدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەن. ساپوررولۇقلار ئادەتتە مۇشۇ كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىلغان كالا گۆشىنى ئىستېمال قىلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى «كيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسى» دە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كالا گۆشىنىڭ بازىرى بەك چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ياپونىيە ئىچكى بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىزچىل تۈردە قاندۇرالماي كېلىۋاتقانىكەن. تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،

شىركەت رەھبەرلىكى ئاۋستىرالىيىدىن كۆپلەپ مىقداردا كالا گۆشى ئىمپورت قىلىپ، ئۇستىگە: «خوككايدو كىيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسىدە ئىشلەندى»، دېگەن ماركىنى چاپلاپ بازارغا سالغانىكەن. ھەممىگە مەلۇم، ئاۋستىرالىيىنىڭ كالا گۆشىنىڭ سۈپەت، ئوزۇقلۇق قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆرسەتكۈچلەر ياپونىيە كالا گۆشىنىڭ سۈپىتىدىن ئازراقمۇ قېلىشمايدۇ.

بىراق، «يالغان ھامىنى يالغان» — دە، «كىيوشىن كومپانىيىسى» نىڭ ساختا كالا گۆشى ياساپ ساتقانلىقىدەك ساختىپەزلىكى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال ياپونىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ. «كىيوشىن» شىركىتىنىڭ بۇنداق ساختىپەزلىكىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش ئۈچۈن، خوككايدو يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دەرھال شىركەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بۇ ساختىپەزلىك دېلوسىغا چېتىشلىق بولغان تۆت لېدىرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاش، «كىيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسى» پىششىقلاپ ئىشلەپچىقارغان گۆش مەھسۇلاتلىرىغا دەرھال بايقۇت ئېلان قىلىش ۋە «كىيوشىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كومپانىيىسى» نىڭ سۇنغانلىقى ئۈستىدە ئاخىرقى سوت ھۆكۈمىنى چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، ئەللىك يىللىق تارىخقا ئىگە چوڭ بىر كارخانىنىڭ 2000 ئىشچى - خىزمەتچىسى بىر كېچىدىلا ئىشسىز قېلىپ، كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىلدى! دېمەك، بۇ ئىشتىن ياپونلارنىڭ ئىشەنچ - ئىناۋەتنى جېنىدىنمۇ ئۈستۈن قويغانلىقى ئۈچۈن، ساختا مال بىلەن ساختا مال ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ قانۇننىڭ ئېغىر جازاسىغا تارتىلىپ، ئورنىدىن مەڭگۈ تۈرالماس قىلىۋېتىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۆلەتتە ساختا مال بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 15 - مارتنى دۆلىتىمىز بويىچە

ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۆنى قىلىپ بېكىتتى. مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنغان تىپىك دېلولارنى ئارقا - ئارقىدىن تېلېۋىزىيە پروگراممىسى قىلىپ ئىشلەپ كەڭ جامائەتچىلىككە كۆرسەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋەرلەر قانىلىدا كۆرسىتىلىۋاتقان شۇنداق تېمىدىكى بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىنى تەساددىپي كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ ج خ تارمىقىدىكىلەرنىڭ ساختا دورا ياساپ ساتقان بىر ئايالنى سوراق قىلىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى.

— سەن ياساپ ساتقان بۇ ساختا دورىنى يېگەن ئادەمنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراۋاتاتتى سوراقچى ھېلىقى ئايالدىن.

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىۋاتاتتى ئۇ.

— بۇ دورىنى يېگەن ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنسەن، — دەپ سورىدى سوراقچى ئارقىدىنلا، — مۇبادا، سېنىڭ ئوغلۇڭ ئاغرىپ قالغان بولسا، بۇ دورىنى ئۇنىڭغا يېگۈزەمتىڭ؟

— ياق، ھەرگىز يېگۈزمەيتتىم!

— ئۆزۈڭ ياسىغان بۇ ساختا دورىنى ئوغلۇڭغا يېگۈزمەيدىكەنسەنۇ، نېمىشقا بۇنداق ساختا دورا ياساپ، باشقىلارغا سېتىپ 19 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدۇڭ ئەمىسە؟!

— ئۇلار مېنىڭ ئوغلۇم بولمىغاندىكىن، كارىم نېمە؟! . . . .

مەن تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى ھېلىقى ساختا دورا ياساپ

ساتقان جىنايەتچىنىڭ بۇ جاۋابىنى بېرىۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ تۇردۇم. بىراق، ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇددى بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىر خىل بىپەرۋالىق، سوغۇق ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى!

ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى تەرۇز قىلىندىغان، ھەتتا جېنىغا زامىن بولىدىغان بۇنداق ساختا مال، ساختا دورا، بىر تېپىپ قويسىلا غۇلاپ چۈشىدىغان ساختا تام، ساختا كۆۋرۈك . . . قاتارلىق ھەر خىل ساختىپەزلىكلەر جۇڭگو جەمئىيىتىدە تا ھازىرغا قەدەر يىلتىزى قۇرۇماي، داۋاملىشىپ كېلىۋاتماقتا. بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئاساسىي ئېقىم» بىلەن «تارماق ئېقىم» مۇناسىۋىتى ياكى «توققۇز بارماق بىلەن بىر بارماقنىڭ مۇناسىۋىتى» مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، مەلۇم بىر جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئادەملەردە ئەڭ ئاخىرقى ئەخلاق - پەزىلەت چېكى ۋە تۈپ ئېتىقادنىڭ مەۋجۇد ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى مەسىلىسىدۇر!

دېمەك، كىشىلەر قاچانكى ئادەم بولۇشنى بەلگىلەيدىغان ئىشەنچ - ئىناۋەتتىن ئىبارەت ئاشۇ مەڭگۈلۈك نىشاندىن ئاداشسا؛ قاچانكى ئادەم بولۇشتا ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئاشۇ تۈپ مىزاندىن مەھرۇم بولسا؛ قاچانكى ئادەم بولۇشتا رىئايە قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەت، سۈپەت - سۆلكەتنى بەلگىلەيدىغان ئاشۇ ئاداققى سۆز تومۇرىنى ئۇنۇتسا؛ قاچانكى ئادەم بولۇش يولىدا پۈتۈن قاراڭغۇ - زۇلمەتنى يورۇتىدىغان ئاشۇ نۇر - زىيادىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ ھالدا، دوختۇرلارنىڭ ئىچىدىن كېسەلنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قويۇپ، «شىرىنكانە» ئۇندۇرۇۋالمىغىچە، «يىرتىقنى تىكمەي» تۇرۇۋالىدىغانلار چىقىدۇ؛ ساقچىلاردىن «ۋەقە تېرىغان» دېھقانلارنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆز ئۆيىگە ئالدىراپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى

ئېتىۋېتىپ كېتىدىغانلار چىقىدۇ؛ ئۆزلىرىنى «خەلق چاكىرى» دەپ ئاتىۋالغانلار ئارىسىدىن «خوجايىنلار» دىن پارا ئېلىش ئۈچۈن، بېتون - ئارماتورا قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكلەرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى خالىغانچە تۆۋەنلىتىپ، نۇرغۇنلىغان «خوجايىنلار» نىڭ سۇغا چۆشۈپ كېتىپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلار چىقىدۇ؛ «ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ ئاتالغان ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوغاتسىز كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلار چىقىدۇ؛ سودىگەرلەر ئارىسىدىن ساختا هاراق، ساختا تاماكا، ساختا دورا قاتارلىقلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نوقۇتتەك پايدىنى كۆزلەپ، ئەنە شۇنداق ساختا نەرسىلەرنى كۆپ، تېز ياخشى، تېجەشلىك هالدا ئىشلەپچىقىرىدىغانلار چىقىدۇ؛ رەهبىرى كادىرلار ئارىسىدىن يالغان، ناهەق، ئۇۋال قىلىنغان ئەنزىلەرنى كۆپلەپ پەيدا قىلىپ، باشقىلارغا ئۇۋال قىلىدىغانلار چىقىدۇ؛ زىيالىلار ئارىسىدىن پايدا - مەنپەئەت، ئورۇن - مەرتىۋە، دەرىجە - ئەمەلنى دەپ، هەمسۆهبەتلىرىنى چاقىدىغان ساختا زىيالىلار چىقىدۇ! . . .

ئىشەنچ - ئىناۋەتنى بىر پارچە ئەۋرەت لاتىسچىلىك كۆرمەيدىغان بۇنداق ساختىپەزلىكلەر رېئاللىقتا ئالدىمىزغا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ: مەتبۇئاتلىرىمىزدا: «هەر قانچە نامرات بولساقمۇ، مائارىپنى نامراتلىقتا قويمايمىز!» دېيىلسىمۇ، ئەمما هازىر نامراتلىقتا هەممىدىن بەكرەك قاقشاۋاتقىنى يەنىلا ئاشۇ مائارىپ سېپىدىكىلەردۇر؛ «ئىكىن يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىش، قالايمىقان ئىشلىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ!» دېيىلسىمۇ، ئەمما ئېكىن يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋالىدىغان، قالايمىقان ئىشلىتىدىغان قانۇنسىز

ئىشلار بارغانسېرى گەۋدىلىك يۈز بېرىۋاتىدۇ؛ « دېھقانلار ئۈستىدىكى يۈكنى ھەقىقىي تۈردە يەڭگىللىتىش كېرەك» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈك بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ؛ قەيەردە «قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى» دېيىلسە، شۇ رايون، شۇ جايدا ئوغرى - يالغان ھەممىدىن كۆپ بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ «چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش، قاقتى - سوقتى قىلىش، بوغۇش، پارا ئېلىش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ!» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان. ئوخشاشلا، قەيەرنى «تاناسىل كېسەللىكلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ ساقايتىمىز!» دېيىلگەن ئېلانلار قاپلاپ كەتكەن بولسا، شۇ يەردە پاھىشىۋازلىق، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، «ئۆچتە ھەمراھ» بولۇشتەك ناشايان ئىشلار يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇبادا، تاملارغا: «بۇ يەرگە چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ!» دەپ خەت چاپلانغان بولسا، چوقۇم شۇ يەردىكى تام تۈۋى ھاجەتخانىغا ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

يەكشەنبە كۈنى شۇ يەر ۋاقتى كەچ سائەت 6:00 بولغاندا بىز ساپوررو شەھىرىنىڭ مەركىزى رايونىدىكى ئاۋات كوچا - سىسكىنو رەستىسى جەنۇبىي 5 - كوچا 3 - نومۇردىكى «جۇڭخۇا رېستورانى»غا يېتىپ كەلسەك، پروفېسسور ئابى يىچجى بىزنى ئالدىراپ رېستوراننىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن! بىز سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن لىفىت ئارقىلىق «جۇڭخۇا رېستورانى»نىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقتۇق، زالدا ياپونلارنىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر ياپون ئوفېتسانتكىسى بىزنى پروفېسسور ئابى يىچجى ئالدىن بېكىتىپ قويغان ياپونچە بېزەلگەن ياسىداق بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ

كىردى. بىز ياپونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىشىك ئالدىدا ئايىقىمىزنى سېلىپ، تاتامى ئۈستىدىكى پاكار ياپونچە شىرە ئالدىغا قويۇلغان قېلىن مىسىل ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق.

— بۈگۈن مەن سىلەرنى ياپون لەڭمىنى بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى پرېفېسسور ئابى يىچجى سىرلىق قىلىپ، — بىراق، ياپون لەڭمىنىنىڭ تەمى ئۇيغۇر لەڭمىنىنىڭ تەمىگە ئوخشىمىسا، مېنىڭ ئامالىم يوق جۇمۇ، ھا!

— . . . ھا! — . . . ھا! — . . . ئۇ سۆزىنى تۈگۈتۈپلا كۈلۈۋەتتى.

ئۇنىڭ سىرلىق ھالىتىنى كۆرۈپ، بىزمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— بىز ئۇيغۇرلاردا: «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە» دېگەن تەمسىل بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — شۇڭا، ياپون لەڭمىنىڭمۇ تەمى ئۆزگىچىدۇر بەلكىم!

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىلەمسىز ياپون لەڭمىنى بىزگە سىلەردىن تارقالغان! . . .

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ ھەيران بولدۇم ئۇنىڭ سۆزىگە.

— مېيجى زامانىدا ياپونلار ئارىسىدا «جۇڭخۇا لەڭمىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل خېمىر تاماقنى مودا بولغان، — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ چاغدا «جۇڭخۇا لەڭمىنى» بۇغداي ئۇنىدا يۇغۇرۇلغان خېمىردا قىلىناتتى. بىراق، ئۇنداق لەڭمەن ھازىر ياپونلاردا مودا بولۇۋاتقان قارا بۇغداي ئۇنىڭ لەڭمىنىدەك قۇۋۋەتلىك ۋە تەملىك بولمايتتى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئايالىمدىن:

— ھۆرمەتلىك تۇنىسا خانىم، سىلەر ئۇيغۇرلارمۇ لەڭمەننى بىزگە ئوخشاش، قارا بۇغداي ئۇنىدا ئېتەمسىلەر؟

— ياق، بىز ئادەتتە لەڭمەننى قېلىن قىل ئەلگەكتە

تاسقالغان بوغداي ئۇندا ئېتىمىز! — دە جاۋاب بەردى ئۇ پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ سوئالىغا.

— لەڭمەننىڭ چۆپىنى بىزگە ئوخشاش ماشىنىدا تەييارلامسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ.

— ياق، لەڭمەننىڭ چۆپى قولدا ئېشىپ تەييارلىنىدۇ، — دېدى تۇنسا ئۇنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ، — بىز ئاۋۋال بوغداي ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىرنى سەل تىندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوخشاش چوڭلۇقتا پىلتە قىلىپ تەييارلىۋالىمىز. ئاندىن پىلتىنى قول بىلەن تۇجۇپلەپ ئىنچىكە ئېشىپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئازاراق تىندۇرۇۋالىمىز ـ دە، ئاندىن ئۇنى يەنە سوزۇپ قىلىدەك ئىنچىكە هالەتكە كەلتۈرۈپ، قازاندىكى قايناۋاتقان سۇدا ئون مىنۇتتەك قاينىتىپ، ئاندىن ياغاچ چويلا بىلەن سۇزۇپ ئېلىپ، جاۋۇردىكى سوغۇق سۇدا چايقايمىز ۋە تەخسە ئۈستىگە راستلاپ، سامساق، لازا ۋە ئاچچىقسۇلىرىنى تەڭشەپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي گۆشى بىلەن تەملىك قورۇلغان سەينى سېلىپ يەيمىز.

بۇ چاغدا ئوفېتسانتىكا سېيى خام بىلىقتىن تەييارلانغان ياپون لەڭمىنىنى پەتنۇس بىلەن كۆتۈرۈپ كىرىپ، هەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىر كىشىلىكتىن تىزىشقا باشلىدى.

خۇددى پروفېسسور ئابى يىچىجى ئېيتقاندەك، ياپونلار ياپون لەڭمىنىنىڭ چۆپىنى قارا بوغداي ئۇنىدا ماشىنا ئارقىلىق تەييارلايدىكەن. خېمىرى ماشىنىدا يۇغۇرۇلۇپ، ماشىنىدا ئىنچىكە كېسىلگەن چۆپ ئۇزاق قاينىتىپ، تەكشى پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ياغاچ قاچىغا ئۇسۇلۇپ، تاتلىق جىياڭيۇ، تاتلىق ئاچچىقسۇ ۋە ئىنچىكە توغرالغان خام سۇڭپىياز، قىلتىرىقى ئېلىۋېتىلىپ نېپىز يالپاقداپ توغرالغان خام بېلىق گۆشى بىلەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىكەن، «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەندەك،

ساھىپخاننىڭ ياخشى كۆڭلىنى دەپ، بىز نائىلاج ياپون لەگمىنىنى يېيىشكە باشلىدۇق!

بىراق، ياپون لەگمىنىنى قانداقمۇ ئۇيغۇر لەگمىنىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ ئىھ! يېسە يېگۈسى كېلىدىغان، تەمى ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدىغان ئۇيغۇر لەگمىنى!...

پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ساپوررو شەھىرى بويىچە ئەڭ ئاۋات كوچا ھېسابلىنىدىغان سىسكىنو رەستىسىدە ھازىر 5000 دىن ئارتۇق رېستوران - ئاشخانا بار ئىكەن! بىز غىزالىنىۋاتقان مۇشۇ «جۇڭخۇا رېستورانى» جايلاشقان 5 - كوچىنىڭ تېخى «لەگمەن كوچىسى» دەپمۇ مەشھۇر نامى بار ئىكەن. بۇ كوچىدا «جۇڭخۇا رېستورانى» دەك مەخسۇس لەگمەن ئېتىپ ساتىدىغان رېستوران — ئاشخانىدىن 16 سى بار ئىكەن!

تاماق يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ياپون ئوفېتسانتكىسى ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىر سىركايدىن ئاچچىق قىلىپ دەملەنگەن كۆك چاي كەلتۇردى. بىز چاي ئىچكەچ يەنە بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئاندىن ساھىبخان بىلەن خوشلىشىپ، ساپوررونىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرگەچ، قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە پىيادە قايتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا كەچ سائەت 10:00 بولغانىدى!

# «بەخت كېلدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن!»

بىز ساپورروۋدا تۇرۇۋاتقان چاغلاردا شۇ يەردە چىقىدىغان گېزىتلەر people com cn (جۇڭگو خەلق تورى) نىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ ئىيوندا تارقاتقان بىر خەۋىرىنى كۆچۈرۈپ باستى. بۇ خەۋەردە ئېيتىلىشچە، دۆلىتىمىزنىڭ نەنجىڭ شەھىرىدىكى بىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ھاجەتخانىغا تازىلىق قەغىزى ئېلىپ كىرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئۇ: «ھەي، قەغەز ئەكىرمەپتىمەنغۇ؟» دېگىنىچە، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدىلا يېنىدىكى پۇل قاپچۇقىدىن ھەر بىرسى يۈز يۈەنلىك تۆت قەغەز پۇلنى چىقىرىپ ئارقىمۇ ـ ئارقا تازىلىق قەغىزى ئورنىدا ئىشلىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاسمىسىنى چىڭىتىپ، چاتقى بولمىغاندەك ھاجەتخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ھېلىقى قىلىقى ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان «پەيزى بار» بەزى «نوچى» لارنىڭمۇ قولىدىن كېلىشى ناتايىن. چۈنكى، يۈز يۈەنلىك خەلق پۇلىنىڭ قەغىزى قاتتىق بولىدۇ. مۇبادا، ئۇنى تازىلىق قەغىزى ئورنىدا ئىشلەتسىڭىز، خەلق پۇلىنى قەستەنگە نابۇت قىلغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن جازاغا تارتىلغانىڭىز ئۇستىگە، سىزنى خېلى قاقشىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا: «ئاچچىق ئۈرۈككە قوڭ توشۇماس» دېگەن ئەقلىيە سۆزى بار. بۇنداق

«نوچىلار» ھېچ بولمىغاندا ساۋاقداشلىرىدىن بىرىگە ئون يۈەننى تۇتقۇزۇپ «چىقىپ تالادىن ماڭا تازىلىق قەغىزى ئەكىرىۋېتە!» دېسىمۇ، ھەر ھالدا ھېلىقى «نوچى» نىڭ ئاشۇنداق قىلىقسىزلىقىدىن يۈز ھەسسە ياخشىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ئابدالنىڭ ئېشىكىنى سوغار، پۇلىنى ئال» دېگەن گەپ بار. ئون يۈەن پۇلنى دەپ، ھېلىقىدەك «نوچى» لارنىڭ چاكارلىقىنى قىلىشنى خالايدىغانلار چىقىپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس (بىراق، مەن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز تەشەببۇس قىلمايمەن). ئەمدى، يۈز يۈەنلىك تۆت قەغەز پۇلنى تازىلىق قەغىزى ئورنىدا ئىشلەتكەن ھېلىقىدەك «قاپاق نوچى» لارغا كەلسەك. بۇ - ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىۋېلىش، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قىلغان ئىشى، خالاس! بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ «نوچى» ئەمەس، بەلكى، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ «قاپاق نوچى» دۇر، خالاس! مەن بىلمىدىمكى، ئاشۇ «قاپاق نوچى» نىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى ئاڭلىسا، قانداق ھېسسىياتقا كېلەر؟ ئوقۇش پۇلى تاپشۇرالماي ئوقۇشتىن قېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، قانداق بولۇپ كېتەر؟ مەن قارىسام، ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىلىرى چوقۇم پۇچۇلىنىپ، زەرداپ بولۇپ كېتىشى ئېنىق!

. . .

ساپوررو شەھىرىنىڭ مەركىزىدە «ئودورى» دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بىر باغچا كوچىسى بار. ئۇنىڭ غەربىدىن - شەرقىچە بولغان ئارىلىقى 1500 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئارىلىقى 100 مېتىر كېلىدۇ. بىر كۈنى بىز ئاشۇ ئودورى كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرسەك، نەۋرە قىزىنى يېتىلەپ ئودورى كوچىسىنى ئايلىنىپ يۈرگەن پروفېسسور ئابى يىچجى ئەپەندىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇ بىزنى كۆرۈپ دەرھال بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق نەۋرە قىزى تاتلىق

كۈلۈپ، بالىلارغا خاس چۇچۇك تىلى بىلەن بىزگە: «ئوخايو گوزايماس!» دەپ سالام قىلدى. شۇ چاغدا قائىدە ـ ئەدەپلىك بۇ قىزغا تولىمۇ مەسلىكىم كەلگەنىدى.

بىز پروفېسسور ئابى يىچىجى بىلەن پاراڭلاشقاچ ئۇدورى باغچىسىنىڭ شەرقى بېشىدىكى «خوككايدو ئارىلىنى ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ھەيكىلى» نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق نەۋرە قىزى بوۋىسىغا ئۇسساپ كەتتىم، دېۋىدى، مېھرىئاي دەرھال ئاپتوماتىك مال سېتىش ساندۇقىدىن ئۇنىڭغا كوكاكولا سېتىۋېلىپ كەلمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، پروفېسسور ئابى يىچىجى دەرھال مېھرىئاينى قول ئىشارىتى بىلەن توسۇپ قويدى. ئاندىن ئۆزى سۇ كرانىدىن بىر ئىستاكان سوغۇق ۋودپرۆۋول سۈيىنى ئەپكېلىپ نەۋرە قىزىغا بەردى (ياپونىيىدە ۋودپرۆۋول سۈيىنى بىۋاستە ئىچىشكە بولىدىكەن).

مەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سۈكۈت ئىچىدە چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم. مېنىڭچە، بىر ئايلىق مائاشى تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ يىن (بىزنىڭ پۇلىمىز ھېسابىدا تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) بولغان پروفېسسور ئابى يىچىجى ھەرگىزمۇ ئاپتوماتىك مال سېتىش ساندۇقىدىن بىر ئىستاكانى ئاران ئون ياپونىيە يىنى (تەخمىنەن 0.70 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) گە تەڭ تۇرىدىغان كوكاكولا ياكى ئاپېلسىن سۈيىنى سېتىۋالالمايدىغان دەرىجىدە نامرات بولمىسا كېرەك.

پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن تۇنسا ۋە مېھرىئاي ئۇنى ئويناتقىلى بىر چەتكە ئېلىپ كەتتى. مەن ۋە پروفېسسور ئابى يىچىجى باغچىنىڭ ياقىسىدىكى بىر بوش ئورۇندۇقتا بىللە ئولتۇردۇق.

ئۇ بايىقى ئىشقا مېنىڭ تەئەججۇپلەنگەنلىكىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، بىز ياپونلاردا: «ھەر قانچە

نوچى» نىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى ئاڭلىسا، قانداق ھېسسىياتقا كېلەر؟ ئوقۇش پۇلى تاپشۇرالماي ئوقۇشتىن قېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىلىرى چوقۇم پۇچۇلۇنۇپ، زەرداپ بولۇپ كېتىشى ئېنىق!

. . .

ساپوررو شەھىرىنىڭ مەركىزىدە «ئودورى» دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بىر باغچا كوچىسى بار. ئۇنىڭ غەربىدىن ـ شەرقىچە بولغان ئارىلىقى 1500 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئارىلىقى 100 مېتىر كېلىدۇ. بىر كۈنى بىز ئاشۇ ئودورى كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرسەك، نەۋرە قىزىنى يېتىلەپ ئودورى كوچىسىنى ئايلىنىپ يۈرگەن پروفېسسور ئابى يىچىجى ئەپەندىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇ بىزنى كۆرۈپ دەرھال بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق نەۋرە قىزى تاتلىق

باياشادچىلىق ئىچىدە ياشىساقمۇ، باللارنى «نامرات، تۇرمۇشقا ئادەتلەندۇرۇش كېرەك!» دەيدىغان بىر شۇئار بار. بۇ شۇئاردىكى تۇپ ئىدىيە ـ «باللارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش» تىن ئىبارەت. چۈنكى، باللىرىمىز چوڭ بولغاندىن كېيىن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن بىزدىن ئايرىلىپ ياشايدۇ. شۇڭا، ئاشۇ چاغدىكى جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا ئامالسىزلىقتىن تەمتىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، هازىردىن باشلاپ ئۇلارنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق قىلىپ تەربىيىلەش، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى «نامرات» لىقنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى هازىردىن باشلاپ ئۇلارغا تېتىش ئىنتايىن زۆرۈر، دەپ قارايمىز.

— ناهايىتى توغرا گەپ قىلدىڭىز، هۆرمەتلىك ئابىي سان، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — جاپا ـ مۇشەققەت ـ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر تۇرلۇك مەنىۋى بايلىق هېسابلىنىدۇ! مانا مەن ئۆزۈمنى ئالىدىغان بولسام، مېنىڭ باللىق — ئۇسمۇرلۇك دەۋرىم تولىمۇ جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن. مەن بىزنىڭ ئائىلىدە سەككىز بالىنىڭ چوڭى ئىدىم. بىز بىر ئائىلىدىكى ئون جان ئادەمنىڭ تۇرمۇش ـ مەئىشىتى دادامنىڭ هەر ئايدا هۆكۈمەتتىن ئالىدىغان ئاران 40 يۈەنلىك مائاشىغا قاراشلىق ئىدى. ئېسىمدا قېلىشىچە، مەن تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇغانغا قەدەر ئاپام ماڭا بىر قۇرمۇ يېڭى كىيىم قىلىپ بەرمىگەنىدى. دادامنىڭ كونىرىغان شىم ـ چاپانلىرىنى پاكىزە يۇيغاندىن كېيىن ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈپ ماڭا شىم ـ چاپان قىلىپ ئۆزگەرتىپ تىكىپ بېرەتتى. هېلىمۇ، شۇ مەزگىللەردە نەرسە ـ كېرەكنىڭ باهاسى هازىرقىدەك قىممەت ئەمەس ئىدى. كېيىن دۆلىتىمىز ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىگە دۇچ كەلدى. يېزىمىزدا، ناهىيىمىزدە گەرچە باشقا ناهىيىلەردىكىدەك ئاچلىقتىن ئادەم ئۆلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق پۇلىنىڭ كۆچى بولمىغانلىقتىن،

بازاردىن يەيدىغان نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالالماي، نەچچە ـ نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالىدىغان بولدۇق. بىر قېتىم، ئاپام خەلق گۇڭشىسىنىڭ ئېتىزىغا تېرىلغان دورىلانغان كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى بىلمەي تېرىپ كېلىپ كۆجە قاينىتىپ بىزگە يېگۈزدى. نەتىجىدە، بىر ئائىلە كىشىلىرى زەھەرلىنىپ قېلىپ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغانىدۇق! شۇڭا، ئاپام ھەر قېتىمقى نامىزىدا: «ھازىرقى كۈنلىرىمىزگە مىڭ قەترە شۈكرى!» دەپ دۇئا قىلىدۇ!

— شۇنداق، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ، نامراتلىقنىڭ بەخت ـ سائادەتكە، باياشادچىلىققا ئايلىنىشى شەرتلىك بولىدۇ، — دېدى پروفېسسور ئابى يىچىجى، — بىراق بۇ شەرت شۇكى، سىز چوقۇم ئەجىر ـ مېھنىتىڭىزگە تايىنىپ جاپا ـ مۇشەققەتنى يەڭگەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلالىغان بولۇشىڭىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا، جاپا ـ مۇشەققەت كىشىلىك تۇرمۇشتا سىز ئۈچۈن تولىمۇ پەخىرلىنىدىغان بىر تۈرلۈك مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدىلا، سىز ئۆزىڭىز ئىلگىرى تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ھەققىدە قانچىلىك سۆزلىسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنى ھەقلىق دەپ، ھېساپلىيالايسىز. بەلكى، سىز تارتقان ئاشۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر تۈرلۈك غورۇر بولۇپ تۇيۇلسا، ئاڭلىغان ئادەم ئۈچۈن بىر خىل ئاجايىپ قىززىق لەتىپە بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدىلا، باشقىلار سىز تارتقان بۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە قاراپ، سىزگە ئىلگىرىكىدەك ئىچ ئاغرىتىپ يۈرمەستىن بەلكى سىزگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، سىزنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىشى مۇمكىن. دېمەك، جاپا ـ مۇشەققەت ئۇنى يېڭەلىگەن ئادەملەر ئۈچۈن بەزىدە بىر خىل مەنىۋى بايلىق بولۇپ ھېسابلانسا، بەزىدە ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالغان ئادەملەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئەۋلادلىرىمىزغا «ھاللىق كېسىلى» نى يۇقتۇرۇپ ئالماسلىقىمىز

ئۇچۇن، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇلارنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتىمىز.

— ھۆرمەتلىك ئابې سان، سىز «ھاللىق كېسىلى» دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتماقچى بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— «ھاللىق كېسىلى» — ئاساسەن كىشىلىك تۇرمۇشتا بىرەر ئېنىق نىشان بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — يەنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېنىق مەقسەت ـ مۇددىئاسى بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. يېقىندا توكيودا چىقىدىغان «يومىئۇرى سىمبۇن» گېزىتى ياپونىيىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا 500 نەپەر ياش ـ ئۆسمۈردىن غايە ئۈستىدە سوئال سورىغاندا، ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپتۇ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 75% ئادەم «ياپونىيىنىڭ ئىستىقبالى خىرە» دەپ ھېسابلايدىكەن؛ 75% ئادەم ھازىر ياپونىيىدە ھەر قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ بىكار، دەپ ھېسابلايدىكەن؛ ئۇلاردىن: «ۋەتىنىڭلار تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىسا، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاران 13% ئادەملا: «قولغا قورال ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەن. «بىخەتەر جايغا قېچىپ كېتىمىز!»، «تەسلىم بولىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر 56% نى تەشكىل قىلىدىكەن!... ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە سورالغان سوئاللارغا ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىمۇ خۇددى ھەممىسى گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەكلا، بىر خىل بولۇپتۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن ياپونىيە ياشلىرىنىڭ كەلگۈسىگە، ئىستىقبالغا ۋە غايىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى قالمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىئىنەزەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش

مۇمكىن.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن ھازىرقى زامان ياپونىيە ياشلىرىدا ئالدىنقى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر خىل قىممەت قارىشى شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇلار يىراق كەلگۈسى غايە توغرىسىدا بىرەر ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ سانلىق ياشلار «ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان خىزمەت» بىلەن «بەختىيار ئائىلە قۇرۇش» نى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ نىشانى قىلىپ تاللىغان، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 14% ياش ـ ئۆسمۈرلەرلا كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. يېرىمىدىن كۆپرەك ياش ـ ئۆسمۈرلەر: «جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ پۇل تاپىمەن، دېگۈچە ئادەتتىكىدەك ياشاپ، ئۆتۈۋەرسىمۇ بولىدۇ!» دەپ قارايدىكەن.

ئۆتكەن يىلقى بىر قېتىملىق جەمئىيەت تەكشۈرۈشتە، جۇڭگولۇق، ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن: «ئۆز دۆلىتىڭلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىڭلار نېمە؟» دەپ سورالغاندا، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار: «دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى، دۆلەت كۈچىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەن؛ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار: «ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئەمما، ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلار: «ياپونىيىدە بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالمىسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەن!

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— بۇ — ھازىرقى ياپونىيە ياشلىرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ مەن سورىغان سوئالغا، — ئۇرۇشتىن كېيىنكى 50 يىلدىن بېرى،

ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ياپونىيە جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلىش مەزگىلىگە كىردى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى، ياپونىيىنىڭ مىللى ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 60 نەچچە ھەسسىسىگە يەتتى؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ھازىرقى ياپونىيە جەمئىيىتى بىر قەدەر مۇقىم بولغاچقا، جىنايەت سادىر بولۇش نىسبىتى باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ؛ بىراق، نۇرغۇنلىغان ياپونىيە ياشلىرى ئىرادىسىز يالقاۋلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلاردا دۆلەتكە نىسبەتەن تەۋەلىك ھېسسىياتى كەمچىل بولغاچقا، ئۆزىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تاللىۋالغان، ئائىلىگە بېكىنىۋالغان، ئۇلار ھازىر ئۆزىنىڭلا ئارزۇ - ھەۋىسىنى ۋە شەخسى بەھرىمەنلىكىنىلا قوغلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

— بۇنداق ھالەت بىزدىمۇ خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغان، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، — دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمىتىمىز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويدى. كىشىلەرنىڭ چۆنتىكى پۇل، چۇمۇچى ماي كۆردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكىتىمىزدە ئۆزۈندىن بېرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلغاچقا، بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش ئومۇملاشتى. شۇڭا، قانداق قىلغاندا ئۆز بالىسىغا تېخىمۇ ياخشى يېگۈزۈش ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش مەئىشىتىگە ئىگە قىلىش جۇڭگودىكى نۇرغۇنلىغان ئائىلە باشلىقلىرى ھەممىدىن ئاۋال ئويلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىشقا ئايلانغاچقا، ئۇلار ئەمدى بالىلىرى ئۈچۈن پۇل خەجلەشتە ئىلگىرىكىدەك پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. ھازىرقى جۇڭگودا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يانفون تۇتۇشى، يېنىغا چاقىرغۇ ئېسىشى ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ھەپتە

ئاخىرىدا، بايرام كۈنلىرىدە، تۇغۇلغان خاتىرە كۈنلىرىدە ئالىي دەرىجىلىك رېستۇرانلاردا غىزالىنىشنى بىر تۇرلۇك ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا چاغلايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ قائىدە ـ ئىنتىزامىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن قېچىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا ياتماستىن، سىرتلاردا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرماقتا. ئۇلارنىڭ بىر مەۋسۇملۇك خەج ـ خىراجىتىگىلا ئاز دېگەندە نەچچە يۈز يۈەن، كۆپ دېگەندە نەچچە مىڭ يۈەن كېتىۋاتماقتا. ھەتتا ئۆزىگە مەخسۇس ئۆي خىزمەتچىسى ياللىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەسلىدە نوقۇل ھالدا ئائىلىسىنىڭ تەمىناتىغا تايىنىدىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خەجلەيدىغان ھەر بىر پۇڭ پۇلنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئېلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق ھەشەمەتخور بولۇپ كەتسە ۋە بۇ دەرىجىدە بەتخەجلىك قىلسا زادى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەتتا بۇنداق قىلىدىغانغا ھېچقانداق سالاھىيىتىمۇ يوق!

— شۇنداق، گېپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق ، — دېدى پروفېسسور ئابى يىچجى ماڭا قوشۇلۇپ، — ئاتا ـ ئانىسى قانچىكى كۆزىگە قاراپ، ئەركە چوڭ قىلغان باللار كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا، ئانا بولغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى پەقەت چۈشەنمەيدىغان ياكى ئاتا، ئانا بولماقنىڭ مۈشكۈللۈكىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. خۇددى «تۇخۇمنىڭ سېرىقى» ياكى «مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەك» تەك بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان مەئىشەت ئىچىدە، ئۇڭاي تىرىشمايدىغان ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇنداق باياشاد تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلاردا پەيدىنپەي ھەسەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق

ئىدىيىسىنى ۋە ئاقىانچىلىق تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى ئىنتايىن ئاسان شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلاردىكى ئادىمىيلىك پسىخىكىسىنى ئەيىپناق قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ!

— ناھايىتى ئوبدان تەھلىل قىلدىڭىز، — دېدىم مەن دەرھال، — ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتخورلۇق كەيپىياتى جەمئىيەتتىكى راھەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىكنىڭ بالىلىرىمىزنى ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى قاتتىق چىرىتكەنلىكىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ ھە دېسىلا بالىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئەركە - ناياق قىلىپ قويغانلىقىنىڭمۇ نەتىجىسىدۇر. مەملىكىتىمىزدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىلا سىلەردەك ئوخشاش بېيىپ كەتكىنى يوق. بىراق، ئائىلىسىدىكى مەئىشەت - روزىگارى ئانچە ياخشى بولمىغان بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ «يۈز - ئابرويى»نى ھەممىدىن چوڭ بىلىپ، ئۆزلىرى يېمەي - ئىچمەي مىڭبىر جاپالاردا تاپقان - تەرگىنىنى بەتخەجلىك قىلىپ خەجلىشى ئۈچۈن بالىلىرىغا بېرىشىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان: «بىدە تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار؛ نان تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن بالىلار!» دېگەن بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزنى ئۇنتۇپ قېلىشقان!

— بۇ ئەقلىيە سۆزدە ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھەقىقەت يوشۇرۇنغان! — دېدى پروفېسسور ئابى يىچىجى مەن دېگەن بۇ ئۇيغۇر ئەقلىيە سۆزنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن — بىراق، ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، دۆلىتىڭلاردا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، سىلەرنىڭ ئىقتىسادتا ئېشىش سۈرئىتىڭلار ئىزچىل يۇسۇندا %8 - %7 لىك ھالەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر مۆجىزە

ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈندىن جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات قەدىمىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

— سىزنىڭ بۇ باھايىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن، ھۆرمەتلىك ئابىي سان، — دېدىم مەن ئەستايىدىللىق بىلەن، — دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقى، خەلقىمىزنىڭ ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. بىراق، بىزنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات قەدىمىمىز تېزلەشكەنسېرى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىمۇ تېزلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكىتىمىز بويىچە يەنە 80 مىليونغا يېقىن دېھقان تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالىغىنى يوق. نامراتلىق دەستىدىن ئوقۇش يېشىدىكى نۇرغۇن باللار ئوقۇشسىز قالماقتا؛ شەھەر - بازارلاردا دۆلەتتىن بېرىلىدىغان ئازغىنە تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ ئاران كۈن كۆچۈرۈۋاتقان زور تۈركۈمدىكى ئىشسىز ئەمگەكچىلەر قوشۇنى مەۋجۇت؛ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى تېخى دۇنيا بويىچە ئاران 140 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ؛ دۆلىتىمىز يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى؛ جۇڭگودا 2000 - يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئاران 500 ئامېرىكا دوللىرى (تەخمىنەن 4150 يۈەن خەلق پۇلى) دىن ئېشىپتۇ. ھالبۇكى، ئامېرىكا 2000 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 4500 ئامېرىكا دوللىرى (تەخمىنەن 37 مىڭ 350 يۈەن خەلق پۇلى )غا يەتمىگەن ئادەملەرنى كۆك نامراتلار قاتارىغا كىرگۈزىدىغانلىقىنى دۇنياغا ئېلان قىلدى. شۇڭا، بىز: «ئىستىقبال پارلاق، يول ئەگرى - توقاي» دېمەسلىككە ئامالىمىز قانچە؟!...

ھا!ـ . . . ھا!ـ . . . ھا!ـ . . .

مېنىڭ سۆزۈمدىكى چوڭقۇر ئىستېھزانى چۈشەنگەن پروفېسسور ئابى يىچىجى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئايالىم بىلەن قىزىم ئىككىسى پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ نەۋرە قىزىنى يېتىلەپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. بىزنىڭ باياتىن بېرى قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان سۆھبىتىمىزمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. بىز ئۈچىمىز پروفېسسور ئابى يىچىجى ۋە ئۇنىڭ ئوماق نەۋرە قىزى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيىمىزگە قاراپ ماڭدۇق.

مەن كېتىۋېتىپ، پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئويلىدىم. ياپونلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى تەربىيىلىشى بىلەن بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلىۋالدىم.

بىز خوككايدودا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە سالقىن كۈز پەسلى ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. ساپوررونىڭ كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 20℃ تىن ئاشمايتتى. سالقىن كۈز ھاۋاسى بىزگە بارغانسېرى قىشنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى. ساپوررودا تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. قىزىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەتتە 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ياز پەسلى بولىدىكەن؛ 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە كۈز پەسلى بولىدىكەن؛ 12 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە قىش پەسلى بولىدىكەن؛ 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئەتىياز پەسلى بولىدىكەن. شۇڭا، بىز تالاغا چىققاندا ئۈچىمىزغا بىرەر قۇر كىيىمنى ئوشۇق كىيىۋېلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمايتۇق. بىراق، باغچىلاردا بىر قەۋەت نېپىز مايكا ۋە كالتە ئىشتان بىلەن يۈرۈشكەن ياپون بالىلىرى خۇددى سالقىن كۈز ھاۋاسىنى سەزمىگەندەك بىخارامان ئويناپ يۈرۈشەتتى. مەن قىزىمدىن: «بۇ بالىلار شۇنداق نېپىز كىيىنىۋاپتۇ، زۇكام بولمامدۇ؟» دەپ

سورىسام، ئۇ: «ياق، دادا، چوڭلارغا قارىغاندا بىر قات كىيىمنى ئاز كىيدۈرۈش ياپونلارنىڭ ئۆز باللىرىنى كىيىندۈرۈش پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ياپونلار باللىرىمىز قانچىكى قېلىن كىيىنسە، شۇنچە ئۇڭاي زۇكامداپ قالىدۇ! دەپ قارايدۇ» دېدى.

بىز جۇڭگولۇقلار باللىرىمىزنى قاچان ئاغرىپ قالار، دەپ ئەنسىرەپلا يۇرگەنلىكىمىزدىن بالىنى بېشىدىن تا ئايىغىچە قېلىن ـ نەچچە قەۋەت كىيىم بىلەن كىيىندۇرىمىز. شۇنداق قىلغانسېرى، بالىنىڭ كېسەلگە قارشىلىق كۈچى شۇنچە ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقى ئېسىمىزگىمۇ كەلمەيدۇ! ياپونلار بالىسى تۇغۇلۇپ تاكى مەكتەپتە ئوقۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئاقىلانچى بولۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىدىكەن. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ھەرياشتىكى بالىلارنى تەربىيلەشتە ئەمەلىيەتنىڭ سىقىنىدىن ئۆتكەن بىر تالاي ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىدىكەن.

مەملىكىتىمىزدىكى مائارىپ سېپىدە: «ھەر قانچە نامرات بولساقمۇ، مائارىپنى نامراتلىقتا قويمايمىز؛ ھەر قانچە جاپادا قالساقمۇ، باللىرىمىزنى جاپادا قويمايمىز!» دېگەن ياڭراق شوئار كەڭ تارقالغان. مېنىڭچە، بۇ شوئار پەۋقۇلئاددە سورۇندا، مەسىلەن، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپىغا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، مۇۋاپىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان پايدىلىق شوئار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ شوئاردىكى ئۇقۇمنى چەكسىز ئىستېپلقلىشقا بالىلارنىڭ ماددى جەھەتتىكى كۇندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، كېڭىيىۋاتقان تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى پرىنسىپسىز ھالدا قاندۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ!

ياپونىيە ئامېرىكىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ھازىرقى زامان پاراۋانلىق دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىزدىكىدەك «باللىرىمىزنى جاپادا

قويمايمىز!» دەپ ئولتۇرماستىن، بەلكى «ئۆزىمىز ھەر قانچە بېيىساقمۇ، بالىلارنى ‹نامرات›لىقتا تەربىيىلەش كېرەك» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىدا كىچىكىدىن باشلاپلا تىرىشچان، تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن.

ياپونلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ماددى جەھەتتىكى ھەر قانداق تەلىپىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە جىددى پوزىتسىيە تۇتىدىكەن. ياپونىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر چۈشتە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيىگە قويۇپ بەرمەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئاشخانىسىدا تاماق سېتىۋېلىپ يېسىمۇ، ياكى ئۆيلىرىدىن ئالغاچ كەلگەن تامىقىنى يېسىمۇ ئىختىيارى ئىكەن. كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تامىقىنى ئۆيلىرىدىن ئالغاچ كېلىدىكەن. ئادەتتە بىر قۇتا كولا ئىچىملىكى، بىر پارچە كالباسالىق بولكا ۋە بىر تال ئالما ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقىغا ھېساب بولىدىكەن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن قايسى بالىنىڭ نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى، قايسى بالىنىڭ باي ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن!

دۆلىتىمىزدە ماددى مەئىشتى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان ئائىلىلەر تېخى ئانچە كۆپ ئەمەس. كۆك نامرات ئائىلىلەر تېخى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، بىزنىڭ «كۆك نامرات» ئائىلىدە «بايۋەتچە»لەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ھېچقانداق ھەققىمىز يوق! بالىرىمىزنى ئاۋۋال ئازراق «جاپا مۇشەققەت»لىك مۇھىتتا بېقىپ، ئۇلارغا جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنىڭ «ئاچچىق - چۈچۈك» تەمىنى تېتىتقاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ «تاتلىق - شېرىن» تەمىنى تېتىساقمۇ ھەرگىز كېچىككەن بولمايمىز!

## مۇنداق بىر خىل «ۋەتەنپەرۋەرلىك» مۇ بار

مۇبادا، بىرسى مېنىڭدىن: «بۇ قېتىمقى ياپونىيە سەپىرىڭىزدە سىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىش نېمە؟» دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا: «ياپونلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىدىكى ئاساسىي مىلودىيە» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مۇبادا، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىدىكى ئاساسىي مىلودىيە نېمە ئىكەن؟» دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىدىكى ئاساسىي مىلودىيە — ‹بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرىمىز ئۈچۈن!› دەيدىغان يۈكسەك پىداكارلىق ئېڭى!» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ياپونىيە جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا ئارقا ـ ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، خەلقىمىزنى ئىنتايىن ئېغىر بالايى ئاپەتكە دۇچار قىلدى. گەرچە بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئادالەتسىز ئۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككى بىسلىق ئۆتكۈر خەنجەردەك، بۇ ئۇرۇشنى قوزغىغان ياپون مىلىتارىستلىرىنىڭ دۆلىتى بولغان جاھانگىرلار ياپونىيىسىنىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا گۆرگە تىقتى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش خۇددى جۇڭگو قاتارلىق ئاسىيا دۆلەتلىرىنى قاتتىق ۋەيران قىلغىنىدەك، جاھانگىرلار ياپونىيىسىنىمۇ قاتتىق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچراتتى. بىراق،

ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدىلا ئىقتىسادتا يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا بويىچە ساناقلىقلا زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيەدە، خەلقنىڭ ئېڭىدا: «بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرىمىز ئۈچۈن!» دەيدىغان ئىدىيە ياپونلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىكى ئاساسىي مىلودىيە قىلىنغانلىقى ئاشۇ كۆپلىگەن سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىكى توپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

بىز خوككايدودا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسىنىڭ ھەر كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە بېرىدىغان ئوتتۇز مىنۇتلۇق خەۋىرىنى كۆرۈپ تۇردۇق. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى گەرچە ياپون تىلىدا ئاڭلىتىلسىمۇ، ئەمما ماۋزۇ خەۋەرلەر خەنزۇ يېزىقى بىلەن كۆرسىتىلگەچكە، ئانچە قىينىلىپ كەتمىدۇق.

دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى بىلەن خوككايدو تېلېۋىزىيىسىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىدا شۇ بىر كۈن ئىچىدە ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر، تۈرلۈك قاتناش ھادىسىلىرى ۋە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن قازاغا ئۇچراپ بىئەجەل ئۆلگەنلەر ھەمدە قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرىدە ئۆلگەنلەر، يارىدار بولغانلار ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدىكەن. قازاغا ئۇچرىغۇچى مەيلى ئەمەلدار ياكى مەشھۇر شەخسلەر بولسۇن، ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دېيىلمەستىن ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ رەسمىي خەۋەر قىلىنىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈلىدىكەن؛ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر

ھەققىدە تاكى قاتىل تۇتۇلغانغا قەدەر ياكى قازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى ئېنىسپاتلانغانغا قەدەر ئىز قوغلاپ خەۋەر بېرىلىدىكەن. بەزىدە بۇنداق خەۋەرلەر ئىككى ئۈچ كۈن، ھەتتا تۆت ـ بەش كۈن، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق توختىماي خەۋەر قىلىنىدىكەن؛ چەت ئەللەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر ئۈستىدە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى ياپونىيە جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت، ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئىنتايىن تەپسىلىي خەۋەر قىلىپ، ھەممە ئادەمنى تولۇق خەۋەردار قىلىدىكەن.

شۇ مەزگىللەردە، ياپونىيە باش ۋەزىرى كوئىزومى يونىچىرو چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «چاقماق تېزلىكى» دە رەسمىي زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەمئىي توققۇز سائەتكە يەتمىگەن دۆلەت زىيارىتى ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ چاۋشيەننى تۇنجى قېتىم رەسمىي زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.

«ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» — ياپونىيە باش ۋەزىرى كوئىزومىنىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىم جېڭئىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولدى.

«ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» — چاۋشيەن تەرەپ ئادەملىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تۇتقۇن قىلىپ چاۋشيەنگە بۇلاپ كەتكەن 25 نەپەر ئەر ـ ئايال ياپون پۇقراسىنى كۆرسىتىدىكەن.

«ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» ئاللىقاچان پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ ياپونىيە جامائەتچىلىكى بىر تۇتاش جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا مەسىلىسى» گە ئايلىنىپ قالغانىكەن. شۇڭا، باش ۋەزىر كوئىزومى چاۋشيەندە

رەسمىي زىيارەتتە بولۇشتىن يېرىم ئاي ئىلگىرىلا، ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى بىلەن خوككايدو تېلېۋىزىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك خەۋەرلەر پروگراممىسىدا بۇ «ياپون تۇتقۇنلىرى» نىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، جىنسى، تۇتقۇن قىلىنغاندىكى يېشى ۋە ھازىرقى يېشى، ئادرېسى قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان خەۋەرلەرنى ئۇلاپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. باش ۋەزىر كوئىزومى چاۋشيەنگە زىيارەتكە چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى چاۋشيەن تەرەپ تۇتۇپ كەتكەن «ياپون تۇتقۇنلىرى» نىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى چاۋشيەن زىيارىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككى تەرەپ سۆھبەتتە «ياپون تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» نى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاۋشيەن تەرەپنىڭ بۇ ھەقتىكى قانائەتلىنەرلىك جاۋابىغا ئېرىشمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەتئىي ۋەدە بەردى. ئۇ: «بىز ئۇلارنى (ياپون تۇتقۇنلىرىنى دېمەكچى) ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق!» دەپ ۋەكىللەرنى خاتىرجەم قىلدى. ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى نەق مەيداندىن سۈرەتكە ئېلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ماس قەدەم بىلەن ئۇلاپ كۆرسەتتى.

ياپونىيە باش ۋەزىرى كوئىزومى چاۋشيەنگە رەسمىي زىيارەتكە ماڭغاندا، ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى بىلەن خوككايدو تېلېۋىزىيىسى باش ۋەزىر ئولتۇرغان 1 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلاننىڭ توكيو نارىتا ئايروپورتىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پخنيان خەلقئارا ئايروپورتىغا قونغانلىقى ۋە قارشى ئېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان چاۋشيەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن

كۆرۈشكەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەرنى، كوئىزومىنىڭ كىم سىنئىر بىلەن ئۆتكۈزگەن رەسمىي سۆھبىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نەق مەيداندا سۈرەتكە ئېلىپ، ماس قەدەم بىلەن پۈتۈن ياپونىيە جامائەتچىلىكىگە تەپسىلىي خەۋەر قىلدى. ئىككى تەرەپ سۆھبىتىدە، چاۋشيەن تەرەپ «ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى»نىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم رەسمىي ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى دەرهال ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇ ھەقتە ياپونىيە تەرەپكە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.

چاۋشيەن تەرەپ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، بۇ 25 نەپەر ئەر - ئايال «ياپون تۇتقۇنلىرى» ئارىسىدا هازىرغا قەدەر سەككىز ئادەم تېخى هايات ئىكەن. چاۋشيەن تەرەپ ئۇلاردىن بەش ئادەمنى دەرهال ياپونىيە تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە پۇقرالىرىنى قەتئىي تۇتقۇن قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى.

«ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» ئاخىرقى ھېسابتا قانائەتلىنەرلىك ھالدا ھەل بولغاندىن كېيىن ياپونىيە باش ۋەزىرى كوئىزومى يونىچىرو ئۆزىنىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى رەسمىي زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتتى.

ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي خەۋەرلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە بېرىپ قالدى. دېمەك، بىز دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسى بىلەن خوككايدو تېلېۋىزىيىسىنىڭ «ياپونىيە تۇتقۇنلىرى مەسىلىسى» ھەققىدە بەرگەن تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كۆرۈپ، بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىدە «ۋەتەن سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ!» دېگەن ئاساسىي ئىدىيە، يەنى ياپونلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىكى «بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن، ھەممىمىز

بىرىمىز ئۈچۈن!» دەيدىغان ئاساسلىق مىلودىيە باشتىن ئاياغ گەۋدىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

بىز خوككايدودىكى شىن چىتۇسىي خەلقئارا ئايروپورتىدا ياپونلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشى ئۈچۈن ئالتە - يەتتە پەردە كىرىش ئېغىزى ئېچىپ قويۇلغانلىقىنى، ھالبۇكى چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىشى ئۈچۈن بولسا ئاران بىرلا پەردە كىرىش ئېغىزى ئېچىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. بىز ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن چېگرىدىن كىرىش ئۈچۈن سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق! ئاخىر، ياپونلار چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قالغان ئېغىزلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى. دېمەك، بۇ ئىشتىن ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلىقى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرمامدۇ؟ بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن سىز ھەرگىزمۇ «ياپونىيە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان زامانىۋى دۆلەت بولغاچقا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىسە كېرەك» دەپ ئويلاپ قالماڭ. ياپونىيە پاگرانىچنىكلىرى بىزنىڭ پاسپورتىمىزنى ئىككى قوللاپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىزگە سۇندى، ئۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن بىزنىڭ پاگرانىچنىكلىرىمىزنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىدىكى پەرقلەرنى كۆرۈپ، مەن ياپونىيە پاگرانىچنىكلىرىنىڭ ھەقىقەتەن تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالدىم.

دېمەك، بۇنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى سانائەتتە تەرەققىي قىلىپ يۈكسەك زامانىۋى دۆلەتكە ئايلانغان ياپونىيىنى ۋە ھازىر ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان يۈكسەك ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى «بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرىمىز ئۈچۈن» دېگەن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىغا ئىگە ياپونىيە خەلقى پەيدىنپەي بەرپا

قىلىپ چىققانلىقىنى، شۇڭا ئۆز خەلقىنى «بىزگە ئاش ـ نان بېرىۋاتقان ئاتا ـ ئانىمىز» دەپ تونۇيدىغانلىقىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدىن بولۇۋاتقان ئىش دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ياپونىيە خەلقى ئۇرۇشتىن كېيىن تۈزۈلگەن «يېڭى ئاساسىي قانۇن» دا پۇقرالارغا بېرىلگەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت بويىچە «مەن ياپونىيە پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن باشقىلارغا مەيلى ئۇ ئاددىي پۇقرا بولۇشىدىن ياكى ھۆكۈمەت باشلىقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، ئۆز نۇقتىئىينەزەرلىرىمىزنى سۆزلەش ۋە بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ سىز مېنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرىمگە قوشۇلمىسىڭىزمۇ، ھەتتا رەددىيە بەرسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. بىراق، مېنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمنى تارتىۋالسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن دېموكراتىيە مىزانىدا باشتىن ـ ئاياغ چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مانا بۇ ئۇلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇقۇمى. ئۇلار چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ۋەتىنى — ئۆز خەلقىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقى ۋە قانداق قىلغاندا ئۇلارنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرەلەيدىغانلىقى ئۈستىدە كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرىدىغان ئاشۇ ياپونىيە دۆلىتىدۇر!

مەن ئۈرۈمچىدە جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان xxx دېگەن ئەپەندىنى تونۇيتتىم. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدىم. ئارىمىزدا جۇڭگو تارىخى توغرىسىدا سۆز بولۇۋىدى، ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ماڭا: «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى ئۈچ مىڭ يىلمۇ ئەمەس، بەش مىڭ يىلمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق تارىخقا ئىگە!» دەپ ئىپتىخارلىنىپ سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، جۇڭگو تارىخى قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى، ۋەتىنىمىز شۇنچە ئۇلۇغ، شۇنچە سۆيۈملۈك بولارئىمىش. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىدىن:

«قارا، مېنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىم سېنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن!»
دېگەن كۆرەڭلىك ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

شۇنداق، تارىخنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىراق، رېئاللىقنىڭ يەنىلا تارىختىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تارىخ ئۆزىنىڭ رولىنى پەقەت ياخشى، ساغلام رېئاللىق شارائىتىدىلا ئاندىن ئاكتىپ جارى قىلدۇرالايدۇ.

دۆلىتىمىزدە بالىلارغا يەسلى تەربىيىسى مەزگىلىدىن باشلاپ: «ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ يەر - زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلىدۇ. دۇنيادا يەر - زېمىنى كىچىك، بايلىقى كەمچىل، ئاھالىسى ئاز، تارىخى مىڭ يىلغىمۇ يەتمەيدىغان دۆلەتلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ يەر - زېمىنى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئاران يىگىرمە بەشتىن بىرىگە، ئاھالىسى جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئاران ئوندىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. تەبىئىي بايلىقى يوق دېيەرلىك؛ ياپونلارنىڭ تارىخىمۇ جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن «ياپونلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە يەتمەيدۇ ياكى ياپونلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى جۇڭگولۇقلارنىكىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ» دېيىش مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، بىزدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمىدا ئازراق چاتاق باردەك قىلىدۇ. بىزدىكى چاتاق زادى قەيەردە؟ چاتاق — «ۋەتەن» ئۇقۇمىنى ھەددىدىن زىيادە ئابستراكتلاش-تۇرۇۋپ قويغىنىمىزدا. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بىز مۇنداق بىر ئەڭ ئاددىي ھەقىقەتنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇپ كەلدۇق. ۋەتەن - ئادەملەرنىڭ «ۋەتىنى». ھالبۇكى، بۇ «ئادەملەر» ھەرگىزمۇ ئابستراكىت ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى ئالەمدىكى بارلىق پرىماتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولمىش، تۇرلۇك ھېس

- تۇيغۇ، ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە باي بولغان تىرىك «ئادەم» لەردۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ «ئادەم» لەر باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مۇنداق تەلەپنى قويۇشقا ھەقلىق: «مەن بۇ ‹ۋەتەن› دە قانچىلىك ئورۇن - مەرتىۋىگە ئىگە؟ مەن ھەرگىزمۇ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولسام دېمەيمەن. بىراق، ھېچبولمىغاندا ئادەمگە ئوخشاش ياشاش ئۈچۈن قەغەز يۈزىدىلا ياكى ئېغىزدىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي يوسۇندا باراۋەر بولسام، دەيمەن! قېنى، مەن ئاشۇنداق ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي باباراۋەرلىككە ئېرىشەلىدىممۇ - يوق؟» ، «ياشاش، ئەركىنلىك، تەرەققىي قىلىش ھەر بىر ئادەم جەزمەن ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇقىدۇر. مەن بىر دۆلەت پۇقراسى ئۆتەشكە تېگىشلىك تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن بۇنداق كىشىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالىدىممۇ - يوق؟ بۇ ھوقۇقلار مېنىڭ ئۈستۈمدە قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشالىدى؟»

جۇڭگو — دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت. شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان ئادەم ئەڭ كۆپ دۆلەت. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەر بىر ناھىيە - يېزا دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ!

دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، قوشۇننى خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بەزى ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ سانى

ئازايماستىن، بەلكى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ ماڭماقتا. ھازىر جۇڭگو بويىچە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلارنىڭ سانى 33 مىليونغا يېتىدىكەن! ئۇنىڭ ئىچىدىكى مائارىپ - دوختۇرخانا ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان مائاشلىق خىزمەتچىلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان مائاشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ سانى سەككىز مىليونغا يېتىدىكەن! ئاپاراتلارنى ئىخچاملاش — قوشۇننى خىللاشتۇرۇشتا يېتىدىغان نىشان بويىچە بۇ سەككىز مىليون مائاشلىق ئادەمنىڭ ئارىسىدا تۆت مىليون ئادەم قىسقارتىلىشقا تېگىشلىك ئىكەن!

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، جۇڭگو تارىخىدا ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان ئادەملەر بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى تارىختا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق بولۇپ كەلگەنىكەن: غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكى نىسبەت 945 : 1؛ تاڭ سۇلالىسىدىكى نىسبەت 500 : 1؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى زامانىسىدىكى نىسبەت 91 : 1؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىكى نىسبەت 600 : 1؛ 1978 - يىلىدىكى نىسبەت 50 : 1 بولغان. 1998 - يىلى مائاشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ 33 مىليونغا يېتىپ، 36 : 1 نىسبەتنى، يەنى ھەر 36 نەپەر پۇقراغا بىر نەپەردىن مائاشلىق خىزمەتچى توغرا كەلگەن. 2003 - يىلغا كەلگەندە، بۇ نىسبەت 26 : 1 گە چۈشۈپ قالغان! ھالبۇكى، ياپونىيىدە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان خىزمەتچىلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى ئىزچىل تۆردە 236 : 1 بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئەمدى، باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ھەرگىزمۇ پۇچەك ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ئۇ مول ئەمەلىي مەزمۇنلارغا ئىگە. چۈنكى، ھەر قانداق بىر «ۋەتەن» ئۇقۇمى مۇئەييەن بىر «دۆلەت» تە ياشايدىغان «ئادەم» لەرنى ئۆزىگە ماددىي مەزمۇن

قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، «ۋەتەن» ياكى «دۆلەت» پەقەت ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى «ئادەم» لەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى تۈپەيلىدىن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ۋەتەن» ياكى «دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىسى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە پائالىيەت شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.» شۇڭا، مۇئەييەن بىر دۆلەتتە ياشايدىغان بىر مىللەتنىڭ «دۆلەت» كە نىسبەتەن ئىپادىلەيدىغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك» روھى ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ دۆلەتنىڭ ئۆز زېمىنىدا ياشايدىغان ھەر مىللەت خەلقىگە تۇتىدىغان تۈپ پوزىتسىيىدە ئىپادىلىنىدۇ! گېرمانىيىلىك لوئى. فون. مىتىس ئۆزىنىڭ «ئەركىن ۋە گۈللەنگەن دۆلەت» دېگەن كىتابىدا: ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى «دۆلەتنىڭ رولى ئادەمنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ھەم تەن ــ سالامەتلىكىنى قوغداش، كىشىلىك ئەركىنلىكى بىلەن خۇسۇسىي مال ــ مۈلكىنى ھەر قانداق زوراۋان كۈچنىڭ دەخىل تەرۇز ۋە تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئە قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق فۇنكسىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەت قىلمىشىنىڭ ھەممىسى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى يازغانىدى.

دۆلىتىمىزدىمۇ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى» داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق، بۇنداق «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى» دە ئالدى بىلەن «ۋەتەن» ياكى «دۆلەت» نىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي شەرتى بولغان «ئادەم» نى سۆيۈش ئاساسىي مىلودىيە قىلىنماستىن، بەلكى تولاراق ھاللاردا ئابستراكىت «ۋەتەن» ياكى «دۆلەت» نى سۆيۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە»، «مەن دۆلەت ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بەردىم؟»، «قازاندا بولمىسا، چۆمۈچتىكىسى نەدىن كېلىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان پۇچەك شوئارلار ئاساسلىق مىلودىيە قىلىنىدۇ.

ئۆتكەن يىلى مەن شاڭخەيدە چىقىدىغان «ۋېنخۇي كىتاب ئوقۇش ھەپتىلىك گېزىتى» دە نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق قوماندانى، مەشھۇر گېنېرال شۇ شىيۇ ھەققىدە يېزىلغان بىر ماقالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. «گېنېرال شۇ شىيۇنىڭ يۇرتىغا ئۈچ قېتىم قايتىشى» دەپ تېما قويۇلغان بۇ ماقالىدە گېنېرال شۇ شىيۇ 1959 - يىلى يۇرتىغا قايتقاندا ناھىيە باشلىقلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە راسلىغان داستىخانغا خىل بولۇشنى رەت قىلىپ سۆزلىگەن ئۈچ ئېغىز سۆزى ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈلگەنىكەن.

گېنېرال شۇ شىيۇ ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپتۇ - دە، قايناپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— ھە، سىلەرنىڭ گېپىڭلاردىن قارىغاندا، ھەممە ئىش جاي جايىدا بولۇۋېتىپتۇ — دە! مەن قارىسام، ئىش ئۇنداق ئەمەس. ناھىيەڭلەردە ئاچارچىلىقتىن ئادەملەر ئۆلۈۋاتقان تۇرسا، يەنە ئۇنى يوشۇرۇپ، ئەھۋالىمىز ياخشى دەيسىلىنا؟! ئەجەبا، «ئېرىقتا سۇ ئاقسا، ئۆستەڭدىمۇ سۇ بولىدۇ؛ ئېرىق قۇرۇپ قالسا، ئۆستەڭگە سۇ نەدىن كېلىدۇ؟» دېگەن شۇنچىلىك بىر ئاددىي ھەقىقەتمۇ سىلەرنىڭ قۇلۇقۇڭلاردا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا ھە؟ قاراڭلار، سىلەر بۇ ئەقەللىي ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ: «ئۆستەڭدە سۇ بولسا، ئېرىققا سۇ تولۇر؛ ئۆستەڭ قۇرۇپ قالسا، ئېرىقتىكى سۇ نەدىن كېلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىپسىلەر. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئېرىقتا سۇ بولمىسا، ئۆستەڭگە سۇ نەدىن كېلىدىكەن؟

شۇ ئاقساقالنىڭ ئاچچىق تازا كەلگىنىنى كۆرۈپ، ناھىيە باشلىقلىرى يەنىلا ئۆز سۆزىنى يورغىلاتقىلى تۇرۇپتۇ:

— بىز: «دۆلەت بېيىسا، خەلقمۇ ھاللىنىدۇ» دېمەكچىدۇق. چۈنكى، «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ ئاقساقالنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە، تېخىمۇ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ:

— «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» ئىمىش. قازاندىكىسى كۆپچىلىكنىڭ قاچىسىدىكىنى قازانغا تۆككەنلىكتىن ھاسىل بولغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بەك ئىنساپسىز بولۇپ كەتمەڭلار. مەنسىپىمىز ئۆسەرمىكىن دەپ، يۇقىرىلارنىڭ ئۆلۈك تېرىكى بىلەن كارىڭلار بولماي يۈرمەڭلار. ئۇلارغىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. يۇقىرىنى ھەرگىز قاقشاتقۇچى بولماڭلار! ئۇلار يىلىك ـ يۇپۇك، ئاچ ـ زېرىن يۈرۈۋاتسا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، سىلەر يەنە تېخى كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋېلىپ، ۋەزىيىتىمىز بەك ياخشى دەيسىلەرنا؟! مەن سىلەردەك قىزىلكۆز كاززاپلارنىڭ داستىخانىغا ھەرگىز داخىل بولمايمەن! خوش، مەن كەتتىم!...

شۇ شىيۇ پېشىنى قاققىنىچە زىياپەت سورۇنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ!...

يۇقىرىقى ئىشتىن بىز شۇنى چۈشەندۇقكى، بىزدىكى «دۆلەت» سوبىستانسىيە قىلىنغان «ۋەتەن» نى سۆيۈشتىن ئىبارەت «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمى بىلەن ياپونلاردىكى «ئادەم» سوبىستانسىيە قىلىنغان «ۋەتەن» نى سۆيۈشتىن ئىبارەت «خەلقپەرۋەرلىك» ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك تۈپ پەرق مەۋجۇد.

بىز ياپونىيىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىدىن سىنگاپورغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىلار ئايروپىلانى ھادىسىگە ئۇچراپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈنى بىز ياپونىيە دۆلەتلىك NHK تېلېۋىزىيىسىنىڭ كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ئاستى تەرىپىدە خەت چىقىپ، بۇ قېتىمقى ئايروپىلان ھادىسىسىدە قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن يولۇچىلار بىلەن

خادىملىرىنىڭ سانى، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشى، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ چۈشۈپ كەتكەن رايون قاتارلىق تەپسىلاتلار خەۋەر قىلىنىشقا باشلىدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇ قېتىمقى ھادىسىدە قازاغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئارىسىدا ياپونىيىلىك ئىككى يولۇچىمۇ بار ئىكەن. تېلېۋىزىيىدە ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، جىنسى، يېشى، ئادرېسى، خىزمەت ئورنى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خەۋەر قىلىندى. ئارقىدىنلا ئۇلار تورۇشلۇق جايدىكى شەھەر باشلىقىنىڭ بۇ ئىككى ياپونىيە پۇقراسىنىڭ قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈشنى قارار قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

ئۆتكەن يىلى كورىيىدىكى داچيۇ شەھىرىدە مېتروغا ئوت قويۇش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن داچيۇ شەھىرىنىڭ باشلىقى بۇ ۋەقەدە قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قايغۇلۇق ماتەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ. ھەر خىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر، ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋەقەلەردە يىلىغا مىڭلاپ، تۈمەنلەپ جۇڭگولۇق قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ! 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىدە 6.8 بال يەر تەۋرەپ، 260 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. بىراق، ئۇلارغا قايغۇلۇق ماتەم بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن دۆلىتىمىزنىڭ ھېچقانداق يېرىدە بايراق يېرىم چۈشۈرۈلگىنى يوق! «دۆلەت بايرىقى قانۇنى» نىڭ 14 ـ ماددا، 2 ـ تارمىقىدا: «پەۋقۇلئاددە زور ئۆلۈم ـ يېتىم يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ياكى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن زور ئۆلۈم ـ يېتىم يۈز بەرگەندە، تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بايراقنى يېرىم چۈشۈرسە بولىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن، «دۆلەت بايرىقى قانۇنى» نىڭ بۇ

ماددىسى تاھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكىنى يوق!

قايسى يىلى ئىكەنلىكى يادىمدا قالماپتۇ، مەن «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇلار ئۇچۇنمۇ سۆز قىلىدىغان سورۇن بولسۇن!» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ. مەن بۇ يەردە بۇ بىر ئابزاس سۆزنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن جۇڭگودىكى جامائەت پىكرى ساھەسىدە سۆزلەيدىغانغا مۇنداق ئىككى خىل سورۇن ھازىرلاندى: بىرسى، 500 مىڭ ئوڭچى ئاقلاندى؛ يەنە بىرسى 500 مىڭ كونا كادىرنىڭ نام - ئەمىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاشۇ يىللاردا (ئۈچ يىللىق ئاپەت مەزگىلىنى دېمەكچىمەن) ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ سانى 30 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەنىدى! يەنە 80 مىليون جۇڭگو دېھقىنى نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن تا ھېلىغىچە قۇتۇلالىغىنى يوق! يېرىم ئەسىردىن بېرى، دۆلىتىمىزنى تەرەققىي تاپتۇرۇش ئۈچۈن باشقا تەبىقىدىكىلەرگە ۋەكالەتەن ئىنچىل تۆردە زور بەدەل تۆلەپ كېلىۋاتقان جاپاكەش جۇڭگو دېھقانلىرى قاچانمۇ باشقىلاردەك «دۆلەت پۇقراسى» لىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشەر؟!»

# «مائارىپتىكى دېموكراتىيە — ياپونىيە سايا مائارىپىنىڭ جېنى!»

قىزىمىز مېھرىئاي خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ياپونىيىگە چىقىپ كېتىپ، ساقمۇ - ساق بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئاپىسى تۇنىسا بىلەن مەن ئۇنى كۆرگىلى ياپونىيىگە باردۇق.

بىز تېخى ئۆرۈمچىدە چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش بىلەن ئالدىراش يۈرسەك، مېھرىئاي ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى خوككايدونىڭ مەركىزى ساپورودىن خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئارقىلىق ئۆرۈمچىدىكى ئۆيىمىزگە تېلېفون بېرىپتۇ. تېلېفوننى مەن ئالغانىدىم. «دادا، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، ئاپامچۇ؟ — دېدى ئۇ تېلېفوندا ماڭا، — چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى تېخىچە بېجىرىپ بولالمىدىڭلارمۇ؟ تېز بولۇڭلار، ھازىر خوككايدونىڭ ئەڭ ئېسىل مەزگىلى، ھاۋا بەك ئىسسىق ئەمەس. يەنە كېچىكسەڭلار كۈز پەسلى كىرىپ قالىدۇ - دە، كۈندە يامغۇر يېغىپ، ھېچ يەرگە چىقالمايسىلەر، ئۇ چاغدا خوككايدونىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنالمايسىلەر جۇمۇ؟!» ئۇنىڭ سۆزىدىن بىزنى قاتتىق سېغىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. «ياپونىيە خەلقئارا ئالاقە پلازا» سىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بىز مېھرىئاينىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قىزىمىزنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ياپونىيىگە بېرىشىمىزغا بولاتتى. گەرچە بىز ئۆيلاپمۇ

باقمىغان بەزى ئىشلار تۇپەيلىدىن مېنىڭ ۋاقتىمىز ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئالتۇن كۈز پەسلىنىڭ باشلىرىدا بىز ئاخىر ياپونىيىگە ئۇچۇشلۇق يېتىپ كەلدۇق!

بىز ساپورورودا تۇرغان قىسقىغىنە ئەللىك كۈن ۋە ئەللىك تۈن ئىچىدە، قىزىمىز مېھرىئاينىڭ خىزمىتى گەرچە شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ بىزنى ساپوررو ۋە خوككايدودىكى نۇرغۇن جايلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلدى.

مېھرىئاي ساپوررو «خەلقئارا ئالاقە پلازا» سىنىڭ جۇڭگو تەرەپ خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ـ چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ساپورورودىكى ھەر قايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ۋە مەكتەپلەردە قەرەللىك تۈردە تۈرلۈك ئۇچرىشىش — لېكسىيىلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، ساپورورودىكى ھەر ساھەدىكى ئالاقىدار زاتلارغا ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ھەمىشە تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ساپورورودىكى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرگە بېرىپ ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىمۇ بېرىپ، ھەر خىل ياشتىكى ياپون ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ياپونىيە مائارىپىدىكى بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن تەرەپلەرنى ھېس قىلىپتۇ.

بىر كۈنى، مەن مېھرىئايدىن :

— ياپونىيە مەكتەپلىرىدە ساڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىش نېمە؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ئانچە ئويلىنىپ تۇرماستىنلا:

— ياپونىيە مائارىپىدىكى دېموكراتىيە! — دەپ بىر ئېغىز قىسقىلا جاۋاب بەردى.

شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ «ساپا مائارىپى» مەسىلىسى كۆپ تەرتىپكە قويۇلغان، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قەدەر ھەممە ئادەم «مىللەتنىڭ ساپا مائارىپى» مەسىلىسى ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بەس ـ بەستە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، چارە ـ تەدبىر ئىزدەۋاتقان ياخشى ۋەزىيەت ئاللىقاچان شەكىللەنگەنىدى. بىراق، نېمىشقىدۇر بىزدىكى «ساپا مائارىپى» دا يەنىلا «گەپ باشقا، ئىش باشقا» ھالەت ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، مېھرىئاي بىزدىكى «ساپا مائارىپى» دا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىللەتلەرنىڭ ئەجەللىك يېرىنى «مائارىپتىكى دېموكراتىيە» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېچىپ تاشلىغانىدى!

— ئەقلىڭگە بارىكاللا قىزىم! — دەپ ئۇنى ماختاپ كەتتىم، — مىللىتىمىزنىڭ ساپا مائارىپىدا ھازىر ئەڭ كەمچىل بولۇۋاتقان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ سەن ئېيتىۋاتقان مائارىپ دېموكراتىيىسىدۇر! چۈنكى، دۆلىتىمىزدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بېرى چېكىدىن ئاشقان باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ بىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا دېموكراتىيە تەربىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنىڭ ياكى كەم ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى!

— سۆيۈملۈك دادا، — دېدى قىزىم كەپسىزلىك قىلىپ، — «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىكى دېموكراتىيە تەربىيىسى» دېگەنگە يەنە «ئائىلە مائارىپىدىكى دېموكراتىيە تەربىيىسى» دېگەنىمۇ قوشۇپ قويغان بولساڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ بۇ شەرتلىك ھۆكۈمىڭ لوگىكىدىكى «كەسمە ھۆكۈم» قانۇنىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولاتتى!

— ھۇششەرە، بۇ گەپنى ناھايىتى جايىدا قىلدىڭ! — دېدىم مەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بەكمۇ ياراپ كەتكەنىدى، — ئاكاڭ

شاۋكەت بىلەن سەن تۇغۇلۇپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولغاندىن تارتىپ، ئاپاڭلار بىلەن مەن ئىككىمىز: «ئوماق قوزىلىرىم، گەپ ئاڭلاڭلار جۇمۇ!» دەپ، سىلەرگە «گەپ ئاڭلاش» تەربىيىسىنى تۇنجى قېتىم ئۆيدە سىڭدۈردۇق. دېمەك، «گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى»، «تۇنجى قاتلام» بولغان ئائىلە مائارىپىدىن باشلاپ ۋۇجۇدۇڭلارغا ئۇيۇلتاشتەك ئورناشقا باشلىدى؛ ئۈچ ياشقا تولغاندا بىز ئاۋۋال ئاكاڭنى، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەردۇق. باغچىدىكى مۇئەللىمە ھەدەڭلەرمۇ سىلەرگە: «گەپ ئاڭلاڭلار جۇمۇ!» دەپ، «ئىككىنچى قاتلام» بولغان باغچە مائارىپىدىن باشلاپ «گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى»نى ۋۇجۇدۇڭلارغا سىستېمىلىق سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. دېمەك، سىلەرنىڭ كىچىككىنە زىممەڭلەرگە ئۆيدە ئاتا ئاناڭلارنىڭ «گېپىنى ئاڭلاش ۋەزىپىسى»دىن باشقا يەنە، بالىلار باغچىسىدىكى مۇئەللىمە ھەدەڭلەرنىڭمۇ «گېپىنى ئاڭلاش ۋەزىپىسى» يۈكلەندى. يەتتە ياشقا تولغاندا ئاۋۋال ئاكاڭنى، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردۇق. ئالتە يىلدىن كېيىن سىلەر ئىككىڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندىڭلار. مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپتە بولسۇن، ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسۇن، سىلەر يەنىلا ئاشۇ «گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى» ئوقۇتقۇچىلىرىڭلار تەرىپىدىن نۇقتىلىق ۋە يەنىمۇ سىستېمىلىق سىڭدۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىراق، مەكتەپلەردىكى «گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى» ئائىلە ۋە بالىلار باغچىسىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا «مەزمۇنلۇق» ۋە «مۇرەككەپ» ئىدى! مۇبادا، ئائىلىدە ۋە بالىلار باغچىسىدا «گەپ ئاڭلىمىساڭلار» خۇددى سىلەرگە يول قويۇلمىغاندەك، مەكتەپلەردىمۇ «گەپ ئاڭلىمىساڭلار» يەنىلا يول قويۇلمايتتى. دېمەك، سىلەرگە ئائىلە، بالىلار باغچىسى ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق نوقۇل «گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى» سىڭدۈرۈلدى.

ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار باغچىسىدىكى مۇئەللىم ھەدەملەر ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرائىلاردا مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپنىڭلا «گېپىنى ئاڭلاش» تەك چېكىدىن ئاشقان باراۋەرسىزلىك ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكتىن، ئائىلە مائارىپى، باغچە مائارىپى ۋە مەكتەپ مائارىپىدا دېموكراتىيە تەربىيىسىگە ناھايىتى ئاز ئورۇن بېرىلدى ياكى ئورۇن بېرىلمىدى. مانا بۇ بىزدىكى ساپا مائارىپىدا سۈپەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى توپ سەۋەبتۇر. بىلمىدىم، ياپونىيە مەكتەپلىرىدە ئەھۋال قانداق ئىكەن؟ . . .

— ياپونىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدۇ، — دېدى مېھرىبان مېنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، — بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى شۇكى، ياپونىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈستىگە بىزدىكىدەك «ياخشى ئۆگىنىپ، ھەر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەڭلار!» دېگەن شوئار يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇلغان بولماستىن، بەلكى «قانغىچە ئويدان ئويناڭلار!» دېگەن شوئار يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇلغان. ياپونىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ـ باراۋەر ھالدا ئوخشاشمىغان پىكىرلەردە بولۇشىغا يول قويىدۇ!

— مەن مەلۇم بىر ژۇرنالغا بېسىلغان، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ماقالىنى ئوقىغانىدىم، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — فرانسىيىلىك بىر پسىخولوگ شاڭخەيدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا: «بىر پاراخوتقا 86 تۇياق كالا، 34 تۇياق قوي بېسىلغان بولسا، پاراخوت كاپىتانى نەچچە ياشقا كىرگەن بولىدۇ؟» دېگەن بىر كونۇكمىنى ئىشلەتكۈزۈپتۇ. نەتىجىدە 90% ئوقۇغۇچى: «86 — 34 = 52 دېمەك، كاپىتان 52 ياشقا كىرگەن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەقەت 10% ئوقۇغۇچىلا: «بۇ كۇنۇكمە تولىمۇ بىمەنە ئىكەن. شۇڭا، جاۋاب بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دېمەك، بۇ 10% ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە توغرا بولغان بولىدۇ - دە!

ھېلىقى فرانسىيىلىك پسىخولوگ بۇ 90% ئوقۇغۇچى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ بۇ كۇنۇكمىنى تاپشۇرۇق ئورنىدا ئىشلەتكۈزگەنلىكى توغرا. شۇڭا، ئۇنى چوقۇم ئىشلىمىسەك بولمايتتى»، «ئوقۇتقۇچىمىز ئادەتتە بىزگە: ‹گەپ ئاڭلاڭلار، بۇ كۇنۇكمىنى ئىشلەپ كەلسەڭلار، سىلەرگە نومۇر بېرىمەن. گەپ ئاڭلىماستىن بۇ كۇنۇكمىنى ئىشلىمىسەڭلەر، سىلەردىن نومۇر تارتىمەن!› دەپ قاتتىق جېكىلىگەن. شۇڭا ئاشۇنداق ئىشلىدۇق!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. فرانسىيىلىك ھېلىقى پسىخولوگ نائىلاج:

— جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايدىكەن. مەن بۇ كۇنۇكمىنى فرانسىيىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلەتكۈزگەنىدىم. بىراق، 90% ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى خاھلىمىغانىدى، ھەتتا ئۆزلىرىگە بۇ كۇنۇكمىنى ئىشلەتكۈزگەن ئوقۇتقۇچىسىنى: «ئېلىشىپ قاپتۇ!» دەپ كۇلۇشكەنىدى، — دېيىشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

مەن مەلۇم بىر شەھەردىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئىش يۇز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان 61 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىسى چىقىرىپ بەرگەن «باھار دېگەن قانداق چىرايلىق» دېگەن تېمىدا كۇنۇكمە ماقالىسى يېزىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچى بۇ ماقالىنى «باھار دېگەن ھېچقانچىلىك چىرايلىق ئەمەس!» دېگەن مەزمۇندا يېزىپ كەپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ماقالىسىغا: «‹باھار دېگەن ھېچقانچىلىك چىرايلىق

ئەمەس، دەپ يازغانلىقىنى — سىنىڭ مەن چىقارغان ئاساسىي تېمىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكىڭ بولىدۇ. بۇ سىنىپنىڭ دەرستە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى! قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى باھارنىڭ چىرايلىقلىقىنى يېزىشقان تۇرسا، سەن «باھار دېگەن ھېچقانچىلىك چىرايلىق ئەمەس!» دەپ يېزىپسەن. بۇ سىنىپنىڭ كاللىسىنىڭ چۆگىلەپ قالغانلىقى بولماي نېمە؟» دەپ تەقرىز يېزىپ، نومۇر تارتىپتۇ.

— ياپونىيە مەكتەپلىرىدە مۇنداق ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، — دېدى مېھرىئاي مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن — جۇڭگو مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىشى ياكى ئوقۇتقۇچى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشى ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك، دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ياپونىيە مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىنىپتا ئەركىن مۇلاھىزە ۋە بەس - مۇنازىرە قىلىشىغا، ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇقتىئىي نەزەرلىرىگە قوشۇلمىغاندا، ھەتتا ئۇدۇلدىن رەددىيە بېرىشكىمۇ يول قويۇلىدۇ. ياپونىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى سىنىپتا مەلۇم بىر دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەشتىن ئىلگىرى، بۇ دەرستىكى ئاساسىي تېمىنى مەسىلە شەكلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن مۇلاھىزە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئاددىي بىر مۇلاھىزە قىلغۇچى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى بەس - مۇنازىرىگە قاتنىشىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە ياكى ئۆزى توغرا تاپقان ئوقۇغۇچىنىڭ نۇقتىئىينەزىرىنى قوۋۋەتلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھېس قىلغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەس - مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق سىنىپتا ئاشۇ مەسىلە ھەققىدىكى توغرا نۇقتىئىينەزەر پەيدىنپەي

شەكىللىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ شۇ بىر سائەتلىك دەرستە يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يېتىدۇ! ھالبۇكى، بۇ بىر سائەتلىك دەرستە ھېچقانداق يەڭگۈچى تەرەپ ۋە يېڭىلگۈچـــى تەرەپ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر كىم دادىل پىكىر قىلالىـــــسۇن، ساۋاقداشلىرى بىلەن ھەتتا ئوقۇتقۇچىسى بىلەنمۇ بەس - مۇنازىرە قىلسا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، بەس - مۇنازىرىدە باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن كىشىنى مەسخىرە قىلماي، كىشـــىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلماي، پەقەت ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنىڭ توغرىلىقىغىلا تايىنىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇنداق بەس - مۇنازىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك، ئەدەب - سۆلكەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتىكى تەربىيـــۇى ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ.

— سۆزۈڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق، — دېدىم مەن ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ، — مائارىپىنىڭ بالىلارغا ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ توپ ئەخلاق — مىزانى بىلەن ئەڭ توپ ئىنسانىي غورۇر ۋە ئىنسانىي ھوقۇق ئېڭىنى ئۆگىتىش بۇرچى بار. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بالىلارنى يەنە ئاساسىنىڭمۇ ئاســـى بولغان دېموكراتىيە ئېڭى بىلەن تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ...

بىز ساپوررودا تـورۇۋاتقـان مـەزگــىلدە، جـەرىنـاي ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن نوكىيىدىكى ئۇنىۋېرستېتـىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى فاكۇلتېتى سىلىشتۇرما تىل تەتقىقاتـى كەسپىگە ئىمتىھان بەردى.

سىلىشتۇرما تـىل تەتقـــقاتـــى ھازىر خەلقئارادا ۋە مەملىكىتىمىزدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بىر خىل ئارىلىق پەن بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى تىلشۇناسلىق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئارخىئولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ھەر قايسى پەنلەرگە چېتىلاتتى. جەرىناي ئاساسەن ياپون تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىلىشتۇرما تەتقىقاتى كەسپىدە ئوقۇماقچى

ئىدى.

بىر كۈنى، ئۇ ماڭا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى چىقىرىپ بەرگەن قىرىق نەچچە مۇھاكىمە تېمىسىنى كۆرسەتتى. قارىسام بۇ قىرىق نەچچە تېمىدىكى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەردە خاتالىق بار ئىكەن. مەن چىراغ تۈۋىدە بىر كېچە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى خاتالارنى بىر - بىرلەپ تۈزىتىپ، ئاستىغا توغرىسىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئەتىسى مېھرىئاي دەرس ئاڭلاش ئۈچۈن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئاخشىمى ئۇ قايتىپ كەلگەندە، مەن: «ئوقۇتقۇچۇڭ مەن تۈزەتكەن يەرلەرنى كۆرۈپ گەپ قىلدىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ:

— دەسلەپتە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ چىرايىغا قاراپ، سەل قورققاندىم، — دېدى كۈلۈپ، — ئۇ سېنىڭ تۈزەتكەنلىرىڭنى ماتېرىياللارغا بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن مېنىڭدىن: «سىزنىڭ دادىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «دادام نەشرىياتتا ئىشلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. «نەشرىياتتا نېمە ئىش قىلىدۇ؟» ، «تارىخ كىتابلىرىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلىدۇ» ، «مەن تېخى ئۇنى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىنى ئەجەپ پىششىق بىلىدىكەن دېسەم، تارىخ تەھرىرى ئىكەن ئەمەسمۇ. ناھايىتى توغرا تۈزۈتۈپتۇ. دادىڭىزغا مېنىڭ نامىمدىن رەھمەت ئېيتىپ قويارسىز» دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى تېخى!

مەن بۇ چاغدا مېھرىئاينىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق كەمتەر بىر زىيالىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغاندىم. شۇڭا:

— ماڭا ۋەكالىتەنمۇ ئوقۇتقۇچۇڭغا رەھمەت ئېيتىپ قوي، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەقىقىي بىلىملىك كىشىلەرلا مانا مۇشۇنداق ئۆز خاتالىقىنى ئاشكارە ئېتىراپ قىلالايدۇ. بىزدە بولسا، بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى،

جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ نوپۇزى مۇتلەق تەۋرەنمەس، مۇقەددەس نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپلا «ئوقۇتقۇچىمىز ئېيتقان» دېگەن سۆزنى دەستۇر قىلىپ، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ كەلمەكتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن مېھرىئاي سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتى بويىچە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئۆزى بىلەن ھازىرقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەردى.

— بىر كۈنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مەن يازغان دېسسېرتاتسىيىگە قارىتا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇ قويغان مەسىلىلەرگە خاتا جاۋاب بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ ئولتۇراتتىم. چۈنكى، ئۇ گەرچە مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەن يازغان دېسسېرتاتسىيىنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرگە زادىلا قوشۇلالمىدىم ۋە: «بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مەن يەنە ئويلىنىپ كۆرەي» دېدىم. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق مەن ئۇنىڭغا: «سىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرگە قوشۇلالمايمەن!» دېمەكچى ئىدىم. بىراق، كىم بىلسۇن، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى يەنىلا چۈشەنمەي، «سىز مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئويلىنىپ كۆرۈڭ!» دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇ چاغدا مەندىكى بۇ شجائەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭغا قەتئىي ھالدا: «كەچۈرىسىز، مەن سىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىڭىزگە ھەرگىز قوشۇلالمايمەن!» دەۋېتىپتىمەن! بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئۆزۈممۇ بەك ھودۇقۇپ

كەتتىم، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىغا قايتا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان مۆمىن — رايىشلىقىغا ئۆگىنىپ كەتكەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، دەرھال نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپ بۇ چاغدا ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. «ئىم، ھەممە ئىش تۈگەشتى، — دېدىم ئىچىمدە، — ئاسپىرانتلىقتىمۇ ئوقۇپ بولدۇم!»

بىراق، «بولمىسا مەيلى، مەن سىزنىڭ نۇقتىئىينەزەر-لىرىڭىزگە ھۆرمەت قىلاي ئەمىسە، — دېدى ئۇ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ماڭا سىيلىق - سىپايە سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئۆزىڭىز شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، ئاشۇنداق يېزىڭ ئەمىسە!»

ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت - ھە؟! بۇ — مەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئوقۇتقۇچۇمغا «يانغان» لىقىم ئىدى! ھازىر بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئويلىغاندا، يۈرىكىم «قارت!» قىلىدۇ! بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە ھېلىقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى بىر قېتىملىق بەس - مۇنازىرىنى يەنە تىلغا ئالماسمۇ. شۇ چاغدا مەن ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپ كەتتىم. بىراق، ئۇنىڭ: «مېھرىئاي، سىزنىڭ ئۆتكەندە دېگەنلىرىڭىز توغرا ئىكەن!» دېيىشنى قەتئىي ئويلىمىغانىكەنمەن.

— مەن ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن — دېدى ماڭا يېتەكچى مۇئەللىم تولىمۇ ئەستايىدىل ھالدا، — نۇرغۇن ماتېرىيال ئاختۇرۇپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئاخىر سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئاشۇ نۇقتىينەزەرلەرگە قوشۇلۇشنى لايىق كۆردۈم. بىراق، سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ بۇ نۇقتىئىينەزەرلىرىمگە ئىلگىرى مەن يېتەكچىلىك قىلغان ئاسپىرانتلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلغان. شۇڭا، ئۆزۈممۇ بۇ نۇقتىئىينەزەرلىرىمنى مۇۋاپىق دەپ

كەپتىكەنمەن. مۇبادا، شۇ كۈنى سىز مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغان بولسىڭىز، مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭكىنى راست، دەپ يۈرۈۋېرەركەنمەن.

مەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئۆسكەن بىزدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئۇستازىغا ھەرگىزمۇ «ياق!» دېيەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ كۈنكى مېنىڭ ھېلىقى ئىشىمنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە خۇددى «مازارغا چالما ئاتقان» دەك يامان ئىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا جۇڭگودا بۇنداق بولۇشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئىزىپ ئېچىپ چۈشەندۇردۇم.

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى — دە:

— ھە، شۇنداقمۇ تېخى، مەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق يۈرەكزادە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتىم، — دېدى، — بىراق، بۇ ئىشنى سىلەر ماڭا سۆزلەپ بەرمىگەندىكىن، مەنمۇ سىلەرگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىشنى بىلمەي كەپتىكەنمەن. بۇ ئىشنى بىلمىگەن بولسام، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمامتى؟!

مەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ چاغدىلا جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزگىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۆز پىكرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئەنە شۇنداق ئويلاپمۇ باقمىغان مەسىلىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ھەمىشە: «لەببەي» دەپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە ياخشى خىسلەت ئەمەسلىكىنى ئەنە شۇ چاغدىلا ئاندىن چوڭقۇر ھېس قىلىشۋالدىم.

مەن مېھرىبانىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەمنۇنلىقىمدىن ئۇنى ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتىم ۋە:

— يارايسەن قىزىم، ساپا مائارىپىمىزدىكى ساقلىنىۋاتقان

ئىللەتلەرنى ناھايىتى ئوبرازلىق تەھلىل قىلدىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى قايسى بىر گېزىتتىن كۆرگەن مۇنداق بىر ئىش توساتتىنلا يادىمغا كېلىپ قالدى:

بۇ گېزىتتە يېزىلىشىچە، بىر كۈنى بىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىغا «پەيشەنبىلىك» ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. . .

گېپىم تېخى تۈگىمەي تۇراتتى، مېھرىئاي: «دادا، پەيشەنبىلىك دېگەن نېمە ئۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن: «پەيشەنبىلىك — بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا قارىلىقتا ئوقۇغاندا ئۆيدىن ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى موللامغا ئالغاچ كېلىدىغان نان ـ توقاچ، پوشكال، قۇيماق، تۇخۇم، قېتىق ۋە باشقا نازۇ نېمەتلەرنىڭ نامى. ھازىر بولسا، بۇ مەكتەپلەردە مەكتەپ تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا سېلىنىدىغان سېلىقنىڭ نامى بولۇپ قالدى» دەپ تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم ـ دە، سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم:

— شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلاردىن: «سىلەردەك گەپ ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاقلار قانداق جازاغا لايىق؟!» دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇتقۇچىسىغا «پەيشەنبىلىك» ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى قالغانلىرىغا ۋەكالىتەن: «ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كاچاتلاشقا بۇيرۇڭ!» دەپ «ئەقىل» كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچى «ئاممىنىڭ تەلىپى» بويىچە «گەپ ئاڭلىمىغان» ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاشقا بۇيرۇپتۇ.

«چاڭ، چۇڭ!» قىلغان كاچات ئاۋازى سىنىپنىڭ ئىچىنى بىر ئاپتۇ. دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە «گەپ ئاڭلىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە كاچاتلاتقۇزغىنى تامامەن توغرا» دەپ ھېسابلانغان بۇ تەن جازاسى بەزى مەكتەپلەردىكى دائىملىق تەن جازاسىنىڭ بىر خىلىغا ئايلىنىپ قالغان! ھازىر تېلېۋىزورلىرىمىزدا مانجۇ خان

— پادىشاھلىرى ئاساسىي مىللودىيە بولۇپ قالدى. بۇنداق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە گۇناھ سادىر قىلىپ قويغان قۇللارنىڭ خوجىسى ئېغىز ئاچمىسىمۇ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى ھەممىمىز كۆرگەن. بىراق، بۇنداق قوللۇق روھىي ھالەت قانداق قىلىپ بىزدىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئاشۇ مەسۇم بالىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ بىغۇبار قەلبىنى مۇشۇ دەرىجىدە زەھەرلەپ ئۆلگۈرگەنلىكىگە ئەقلىم زادى يەتمەيدۇ! . . .

# شاكوتان يېرىم ئارىلىدىكى بىر كۈن

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ئەتىگەن سائەت بەشتىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. قىزىمىز مېھرىئاينىڭ باشلىقى ساساكى خارويۇ خانىم بىزنى بۈگۈن ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن خوككايدو ئارىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى شاكوتان يېرىم ئارىلىغا ساياھەتكە ئاپىرىپ كەلمەكچى ئىدى.

ئەتىگەندە ساپورونىڭ ھاۋاسى ئاجايىپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. خۇددى دېڭىزدەك سۈزۈك ۋە كۆك ئاسماندا پاختىدەك ئاق بولۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا ساپورو شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ياپيېشىل ئورمان بىلەن چۆمكەلگەن ئېدىرلار بارغانسېرى قېنىقلىشىشقا باشلىدى. شەھەرنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى ئوكۇراياما تېغى ئۈستىدە بۆككىدە ئۆسۈشكەن يېشىل قارىغاي، كېدىر دەرەخلىرى ئەتىگەندىكى ئالتۇن قۇياش نۇرىدا تەبىئەت رەسسامى بىز ئۆيقىدىن ئويغىنىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنى خۇددى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قەلىمى بىلەن بوياپ ـ بىرلەپ سىزىپ چىققان مەشئەلدەك ھېلى سېرىق رەڭگە، ھېلى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

مېھرىئاي تاتامى ئۈستىگە سېلىنغان ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، چىرايلىق قاتلاپ ياپونچە تام جاۋىنىنىڭ ئىچىگە تىزىپ سېلىۋەتكەندىن كېيىن خانىلارنىڭ ھەممىنى چاڭ ـ توزان

سۇمۇرگۈچ بىلەن باشتىن - ئاياغ پاكىزە تازىلاپ چىقتى. مەن تازىلىق ئۆيىدىكى ياپونچە دوشتا يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىمنى كىيىپ چىقسام، ئاپىسى تاتامى ئۈستىگە ياپونچە سەندەل - شىرەنى قويۇپ، ناشتىلىق داستىخاننى تەييارلاپ بولۇپتۇ. بىز تاتامى ئۈستىدىكى ياپونچە مىسىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدۇق.

ياپونىيىدە ئۆيلىرىدە كارىۋات، سافا - دىۋان، ئېگىز پۇتلۇق شىرە — ئورۇندۇق قاتارلىق ياۋروپاچە ئۆي سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ئاز ساندىكى ياپونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ سانلىق ياپون ئۆيلىرىدە تا ھېلىغىچە ياپونلارنىڭ «تاتامى» ، «تۆشەك» ، «تام جاۋىنى» ، «مىسىل» ، «دوش» ، «سەندەل» قاتارلىق ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

تاتامى — ياپون ئۆيلىرىدە پولغا سېلىنىدىغان، شال پاخلىدىن قېلىن توقۇلغان بورا ئۈستىگە سېلىنىدىغان، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان نېپىز بىر قەۋەت چىغ بورىنىڭ نامى ئىكەن. ئۇ ھەم ياپون ئۆيلىرىنىڭ ئىچكى كۆلىمىنى ھېسابلاشتىكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدىكەن. ياپونلار كۈندۈزلىرى ئادەتتە تاتامى ئۈستىدە پايپاقچان يۈرۈۋېرىشىدىكەن. ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا ئورۇن - كۆرپىلىرىنى تاتامى ئۈستىگە سېلىپ ئۇخلىشىدىكەن. ساپورورودا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىزمۇ ياپونلارنىڭ ئادىتى بويىچە تاتامى ئۈستىدە يېتىپ - قوپتۇق. تاتامى گەرچە ياپونلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھازىر پەيدىنپەي ئومۇملىشىۋاتقان تاختاي پولدەك كۆركەم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان پايدىلىق تەرىپى ئاشۇ تاختاي پولدىن ھەرگىز قېلىشمايدىكەن. تاتامى ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ، پۇت - قوللىرىمىزنىڭ سىيقىراپ ئاغرىغىنىنى ھەرگىز سەزمىدۇق.

تۆشەك — تاتامى ئۈستىگە سېلىنىدىغان كۆرپە بىلەن يېپىنىدىغان يوتقاندىن تەركىب تاپقان ياپونچە ئورۇن - كۆرپىنىڭ نامى ئىكەن. خوككايدودا قىش كۈنلىرى سوغۇق قاتتىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ياپونلارنىڭ ئاستىغا سېلىپ ياتىدىغان ۋە ئۈستىگە يېپىنىدىغان تۆشەكنىڭ پاختىسى ناھايىتى قېلىن بولىدىكەن. بۇنداق پاختا ئادەتتە مايسىزلاندۇرۇلغانلىقتىن ھەم ناھايىتى يېنىك ۋە ئىسسىق بولىدىكەن. ئادەمگە قىلچىمۇ ئېغىرلىق ھېس قىلىنمايدىكەن.

ياپونلار ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىن ئاستىغا سالغان ۋە ئۈستىگە يېپىنغان تۆشەكنى چىرايلىق قاتلاپ تام جاۋىنىنىڭ ئىچىگە تىزىپ سېلىپ قويىدىكەن. ياپونلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى تام جاۋىنى خۇددى ئۇيغۇر ئۆيلىرىدىكى ئورۇن - كۆرپە يىغىدىغان «لىمتاق» ياكى «مېھراب» قا ئوخشايدىكەن. بىراق، ياپون ئۆيلىرىدىكى تام جاۋىنى چوڭ ۋە ئىچكىرى بولىدىكەن. ئۇنىڭغا سىيرىلما قاناتلىق ئىشىك بېكىتىلگەچكە، ئېچىپ - ياپماق بەك ئوڭاي ئىكەن. تام جاۋىنى پۈتۈن ئۆينىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇ ئادەتتە ئىككى خانا ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلىتىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدىكەن.

مىسىل — ياپونلار ئادەتتە تاتامى ئۈستىدە تىزلىنىپ ياكى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندا ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرىدىغان قېلىن تۆت بۇرجەك كۆرپىچەكنىڭ نامى ئىكەن.

دوش — ياپون مۇنچىسىنىڭ نامى. ياپونلار ئىنتايىن تازىلىقنى سۆيىدىغان مىللەت بولۇپ، ھەر كۈنى كەچتە ياكى ئەتىگەندە بىر قېتىم (بەزىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم) مۇنچىدا يۇيۇنۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ياپونلارنىڭ ئۆيلىرىنى مۇنچىسىز تەساۋۋۇر قىلماي ناھايىتى قىيىن ئىكەن. ياپونلار مەيلى مۇھىت تازىلىقىدا بولسۇن ياكى ئىچكى تازىلىقتا ۋە ياكى شەخسىي

تازىلىقتا بولسۇن، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇڭا، ياپونىيىنىڭ «دېڭىزدىن سۇزۇۋېلىنغان دۆلەت» دېگەن يەنە بىر گۈزەل نامىمۇ بار.

ياپونىيىدە مۇنچا — هاممام ناهايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، هەر بىر كوچىدا ئىككى - ئۈچتىن ياپونچە مۇنچا - هاممام بولىدىكەن. ياپونىيە يەر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋۇلقان ماگمىسىنىڭ سوۋۇپ قېتىشىدىن شەكىللەنگەن ئارال دۆلىتى بولغاچقا، ئارشاڭ ناهايىتى كۆپ ئىكەن. شۇڭا، ئارشاڭدا يۇيۇنۇشمۇ ياپونلاردا ناهايىتى ئومۇملاشقانىكەن.

سەندەل — هەممىمىزگە مەلۇم، قىش كۈنلىرى بەدەننىڭ ئاستى قىسمىنى ئىسسىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆي سايمىنى. ياپون سەندىلى بىلەن ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ سەندىلىنىڭ رولى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، بىزدىكى سەندەلگە ياغاچ كۆمۈرى ئىشلىتىلىدۇ. ياپونلارنىڭ سەندىلى توك ياكى گاز بىلەن ئىسسىتىلىدۇ.

ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كېلىمىز.

سائەت دەل 7 : 00 بولغاندا بىز تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئاستىدا ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى. مېھرىئاي بالكوندىن پەسكە قارىۋىدى، ساساكى خارويۇ خانىم ماشىنىسى بىلەن پەستە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئالدىن تەييارلىۋالغان لازىمەتلىكلەرنى ئالدۇق - تە، ئىشكنى تاقاپ، بىنادىن پەسكە چۈشتۇق.

ساساكى خارويۇخانىم قىزىمىز خىزمەت قىلىدىغان «ساپوررو خەلقئارا ئالاقە پلازا» دا دائىمي ئىشلارغا مەسئۇل دېرىكتور بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ چىتوسى شەھىرىدىن بولۇپ، خۇشپىچىم، ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن، ئوتتۇرا ياشلىق سالاپەتلىك بىر ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئالىي مەلۇماتقا ئىگە زىيالى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ دەرهال ماشىنىدىن چۈشۈپ

بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.
سائەت 7:15 ئۆتكەندە بىز ساساكى خانىمنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقىپ، تەخمىنەن ئون مىنۇتلاردىن كېيىن 5 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىغا كىردۇق ۋە ساپوررو شەھىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى ئوتارو شەھىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك تېز يۈرۈپ كەتتۇق.
گېزى كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سالغىم كەلدىكى، مەن ئالدىنقى يىلى قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە ساياھەتتە بولدۇم. ئالمائاتا ۋە جىددە، مەدىنە، مەككە قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆردۈم. ئەمما، كېيىنكى ئېيتىمەنكى، خوككايدودەك ھەممە يېرى ئالا قالماي بۆككىدە ئۆسكەن قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان، تەبىئىي مۇھىتى ئىنتايىن گۈزەل بولغان بۇنداق پاكىزە يەرنى كۆرمىگەنىكەنمەن. ئارالدىكى شەھەر — يېزىلارنىڭ كوچا - يوللىرى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك رەتلىك، كوچىلىرىدا بىر تالمۇ ئەخلەت ياكى كېرەكسىز سۇلياۋ خالتا، چىرىگەن پاسكىنا نەرسىلەر ۋە چاڭ - توزان يوق بولۇپ، نەگىلا قارىسىڭىز يېشىللىق، يېشىللىق، يەنە يېشىللىق!... تەبىئىي مۇھىت كۈندىن - كۈنگە بۇلغىنىپ ناچارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا دەريا - ئېقىنلىرىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار تاشتىن تاشقا ئۇخچىپ ئېقىۋاتقان، ياپيېشىل ئورمانلىقلىرىدا بۇلبۇلگويادەك قۇشلىرى سايراۋاتقان، بۇغا - مارال، جەرەن - كېيىكلىرى قىلچىمۇ ھېيقماستىن ئويناقشىپ چېپىشىپ يۈرۈشكەن، ھاۋاسى ساپ جەننەتتەك بىر ماكاندا ئەركىن نەپەس ئېلىۋاتقان ئاشۇ بەختىيار ياپونلارغا مېنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى ھەۋىسىم كەلدى.
سائەت 8:00 دە بىز قەدىمكى پورت شەھىرى ئوتاروغا يېتىپ كەلدۇق ۋە بۇ يەردە توختىماي، ياپون دېڭىزىنى بويلاپ غەربىي - شىمالغا قاراپ داۋاملىق ماڭدۇق. بىزگە دېڭىزغا

ئۇسۇپ كىرگەن ياپپېشىل تاغلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچراشقا باشلىدى. يولغا توغرا كەلگەن بۇنداق ياپپېشىل تاغلارنىڭ ئاستىنى تېشىپ تونىللار ياسىلىپتۇ. دەل ـ دەرەخلىك گۈزەل مۇھىت ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىماپتۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك زامانىۋى تاشيول بىلەن گۈزەل تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئورگانىك تۈردە بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، مەن زېرەك ۋە چېچەن ياپون مىللىتىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا، ئېيتماي تۇرالمىدىم!

بىز ئولتۇرغان «مازىدا» ماركىلىق كىچىك ماشىنا دېڭىز بويلاپ ياسالغان 5 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نۇرغۇن بازار ـ كەنتلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ شاكوتان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 229 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىغا چىقتى ۋە دېڭىزنى بويلاپ داۋاملىق تۈردە غەربكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ياپون دېڭىزىدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش سەلكىن شامال يۈزىمىزگە سىيلىق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئوڭ تەرىپىمىزدىكى دېڭىزدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بېسىپ كېلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا شىددەت بىلەن شالاقلاپ توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بازار ـ كەنتلەردىكى يول ياقىسىغا تىكىلگەن دەرەخلەرگە ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئىككى مېتىر كېلىدىغان، دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان سىيلىق قىرىلغان قارا رەڭلىك ئۈچ تال يومىلاق ياغاچتىن تىرەك قويۇلغانىدى. بۇ ياغاچ تىرەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا ۋە ئوخشاش توملۇقتا بولۇپ، خۇددى بىر زاۋۇتتا ئۆلچەپ ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئولتۇراتتىم، بىر چاغلاردا رولدا ئولتۇرغان ساساكى خانىم مېنىڭ ھەيران بولغىنىمنى چۈشەندىمۇ — قانداق، مېنىڭدىن سوراپ قالدى:

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋېلى سان، — دېدى ئۇ كۆزىنى

ئالدىدىكى يولدىن ئۆزمەي، — بۇ ياغاچ تىرەكلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ھەيران بولدۇم: «قىزىق ئىشتە بۇ، بۇ تىرەكلەر قەيەردىن كېلەتتى، ياپونىيە دەرەخلىرىدىن ياسالغان بولامدۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئەمما چاندۇرمىدىم:

— ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ ياپونىيىنىڭ بولىدۇ ـ دە!

— بىلەمسىز، بۇ تىرەك ياغاچلار دۆلىتىڭلەردىن ئىمپورت قىلىنغان!

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم:

— سىز قانداق بىلىسىز، — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمەي، — يا بو تىرەكلەرگە MADE IN CHINA جۇڭگودا ئىشلەنگەن) دەپ تامغا بېسىلغانمۇ ـ يا؟

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — دەپ دەرھال مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلىدى ئۇ، — بۇ تىرەكلەرگە MADE IN CHINA دەپ تامغا بېسىلغان!

مەن ساساكى خارويۇ خانىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدۇم ئەمما باشقا پاراڭ قىلمىدىم. چۈنكى، نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن؟ بىز نېمىدېگەن ئاخماق، ھە؟! ھەي ئاغزىدىكى يەۋاتقان نېنى ئاچ قالغان بالىلىرىغا بەرمەستىن، ئاغزىدىن ئېلىپ باشقىلارغا بېرىدىغان نادان ئادەملەر ـ دە بىز!

ساساكى خانىم ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ توختاتتى، مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، ھېلىقى تىرەكلەرگە سىنچىلاپ قارىۋىدىم، تىرەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق سىر بىلەن راستىنلا MADE IN CHINA دەپ تامغا ئۇرۇلغانىكەن!

مەن گەپ قىلماستىن ماشىنىغا قايتىپ چىقتىم. يولدا كېتىۋېتىپ، ساساكى خانىم بۇ ئىشنىڭ ئۇچۇر — بۇ جۆرىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ تىرەك ياغاچلارنىڭ ماتېرىيالى پەقەت

دۆلىتىمىزنىڭ جىجياڭ ئۆلكىسىدىكى چەت بىر تاغلىق ناھىيىدە ئۆسىدىغان بىر خىل تۇخۇمەك دەرىخىدىن تاللىنىۋېلىنىدىكەن.

ئاۋۋال ئىككى مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا، ئون سانتىمېتىردەك توملۇقتا بىر تال ماتېرىيال ياغاچ تاللاپ ئېلىنىپ، ستانوكتا قىرىپ، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرادا قىزىتىلىپ، پۈتۈنلەي سۇسىزلاندۇرۇلىدىكەن. ئاندىن ھەر بىر تال تىرەكنىڭ ئۈستىگە MADEIN CHINA دېگەن ئىنگلىزچە يېزىق تامغا قىلىپ ئۇرۇلۇپ، ئۆلچەملىك تېڭىلىپ، ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. دېمەك، ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان بۇنداق تىرەك ياغاچنىڭ ھەر بىر تېلى ئۈچۈن بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخى كېسىلىپ كېتىدىكەن!

تۇخۇمەك ياغىچى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ۋە ئوڭاي چىرىمايدىغان ياغاچ بولغانلىقتىن، زېرەك، چېچەن ياپونلارغا دۇنيادىكى شۇنچىۋېلا ياغاچلار يارىماي، پەقەت دۆلىتىمىزنىڭ جىجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئاشۇ چەت تاغلىق ناھىيىسىدە ئۆسىدىغان تۇخۇمەك ياغىچى ياراپ كەتكىنىگە بىر تۈرۈپ كۈلگۈم كەلسە، بىر تۈرۈپ ئاچچىقىم كېلەتتى: «پا ھ، پاھ! جۇڭگو دەرەخلىرى ئۈچۈن بۇ نېمە دېگەن يۈكسەك شان ـ شەرەپ — ھە؟!»

شۇنداق قىلىپ، ياپونىيىنىڭ بىر تۈپ يېشىل دەرىخىنى شامالدىن ئىھاتە قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئۈچ تۈپ كۆكلەۋاتقان يېشىل دەرىخىنى «قۇربان» قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. تازا باراسان بولۇپ كۆكلەۋاتقان جۇڭگو تۇخۇمەك دەرىخى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدىكى پالتىسى بىلەن كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ رەندىسىدە رەندىلىنىپ، سىلىق يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدىكەن. ئاندىن خىمىيىلىك، فىزىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن

ئۆلچەملىك بولاق قىلىنىپ تېخىلىپ ئارلىقنى يىراق كۆرمەي، قاتمۇ ـ قات دېڭىز ـ ئوكيانىنى بېسىپ ئۆتۈپ ياپونىيىگە كېلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ قورۇپ قاقشال بولۇپ قالغان گەۋدىسى بىلەن يېشىل كۆكلەۋاتقان ئىمجان ياپون دەرىخىگە تىرەك بولۇپ بېرىدىكەن.

ياپونلارغا يارىغان ئاشۇ توخۇمەك دەرىخى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئۆسمىسە كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق توخۇمەك دەرىخى ئۆسىدىغان جىجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئاشۇ تاغلىق ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى خاتا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز تەۋەسىدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق تاشقى پىروۋوتقا ئېرىشىپ، ئۆز يېرىنىڭ بېكىنمە، قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ـ دە، ھازىر «زېرەك»، «چىچەن» بولغاندىلا ئاندىن پۇل تاپقىلى، بېيىغىلى بولىدۇ!

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، خىزمەت بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىگە بارغانىدىم. شۇ چاغدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (ئۇ چاغدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئاتىلاتتى) قورۇسىدا يوغان ئىككى تۈپ قەدىمكى سەگە تېرەك بولىدىغان. مەن شۇ چاغدا كارداڭ قېرىلاردىن: «بۇ سەگە تېرەكلەرگە قانچىلىك بولغاندۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا: «بۇ سەگە تېرەكلەر دانىيال خوجامنىڭ زامانىسىدا تىكىلگەن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. دانىيال خوجا — قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى بولۇپ، مىلادى 1737 ـ يىلى ئۆلگەن. شۇنداق بولغاندا، بۇ سەگە تېرەكلەر 260 نەچچە يىل ئىلگىرى تىكىلگەن بولىدۇ! كېيىن نېمە سەۋەبلەردىن بولغان، بىلمىدىم، بۇ ئىككى تۈپ قەدىمكى سەگە تېرەكنى كېسىپ تاشلاشقا توغرا كەپتۇ. تېرەكلەرنى كېسىدىغان كۈنى، پەيزاۋات دېھقانلىرى ھېلىقى قەدىمكى سەگە

تېرەكلەرنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، «تېرەكنى كەسمەڭلەر!» دەپ تىلىگەن ئىكەن. بىراق، شۇ چاغدىكى ھاكىم ياكى ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) دېھقانلارنىڭ ئىلتىماسىنى پسەنتكىمۇ ئالماي، بىر بۇيرۇق بىلەن ھېلىقى ئىككى توپ قەدىمكى سەگە تېرەكنى كەستۇرۇۋەتكەنىكەن. شۇ چاغدا پەيزاۋات دېھقانلىرى قاتتىق يىغا - زارە قىلىشقانىكەن. كېيىنكىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، تېرەكنىڭ يىلتىزىدىن قانغا ئوخشاش قىزىل زەرداپ سۇ ئۇزۇنغىچە ئېقىپ توختىمىغانىكەن. . .

يولدا ماشىنىلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. ساساكى خانىم ماشىنىنى ئوتتۇرا سۈرئەتتە ھەيدەپ مېڭىشقا باشلىدى. بىز شاكوتان يېرىم ئارىلىدىكى يو ئىچى، فورۇبىرا ۋە شاكوتان قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ سائەت 9:30 بولغاندا، شاكوتان يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچىدىكى كامويىمساكى تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ كىچىك بىر بېلىقچىلىق كاۋانى، بىر كۆزىتىش ئورنى ۋە بىر ماياكتىن تەركىب تاپقان گۈزەل بىر ساياھەت ئورنى ئىكەن. ساساكى خانىم ماشىنىنى ئېگىز بىتون توسمىنىڭ ئاستىدا توختاتتى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، توسما كەينىدىكى شامالدىن دالدا بولغىدەك بىر بوش ئورۇننى تاللىدۇق - دە، تاتلىق سۇ قاچىلانغان بالون، بېلىق، قوي گۆشى، ھەر خىل سەي - كۆكتات، نان - بولكا، پىشلاق، ئىچىملىك قاتارلىقلارنى ماشىنىدىن چۈشۈردۇق. مەن ماشىنىنىڭ كۆزۈۋېدىن كاۋابدان بىلەن ياغاچ كۆمۈرى قاچىلانغان چىپتىنى ۋە ئاشخانا سايمانلىرىنى بىر - بىرلەپ يەرگە چۈشۈرۈپ، جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ساساكى خانىم ماشىنىنىڭ رولىدا ئولتۇرۇپ چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، مېھرىبانلىق بىلەن بىللە دالا تامىقى ئېتىشكە تۇتۇندى.

مەن ۋە ئايالىم تۇنسا ئىككىمىز دېڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈن

توسما ئۈستىگە چىقتۇق.

بېتون توسما ئاستىدا پايانسىز دېڭىز چايقىلىپ ياتاتتى. مەن ئىلگىرى ھېچبىر كۆرمىگەن زەڭگەر دېڭىزنىڭ ئاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنى قەھىر - غەزەپ بىلەن بېتوندىن ياسالغان توسمىغا شالاقلاپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تېنىمسىز دېڭىز دولقۇنى ھېلىدىن - ھېلىغا كۆۋۈكلىنىپ، كۆتۈرۈلۈپ، كۆتۈرۈلۈپ گۈمبۈرلەپ كەلگەن پېتى توسمىنىڭ تۆشىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى - دە، ھالسىزلىنىپ يەنە ئارقىغا قايتاتتى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە دېڭىز ياقىسىدىكى تېيىز سايازدىن ئۇششاق قۇلۇلە چىغىناقلىرىنى، چىرىگەن دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنى، بېلىق قۇلاقلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئارقىسىدىن قىرغاقتا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يېڭى دولقۇنغا جاي بوشۇتاتتى. پۈتۈن دېڭىز دولقۇنىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈشى، بىر پەسىيىشى بىلەن تېنىمسىز ۋە دەھشەتلىك ئىدى. مانا بۇ مەشھۇر ياپون دېڭىزى ئىدى!

مەن بېتون توسما ئۈستىدە تۇرۇپ، ياپون دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ كەينىدە — يىراق، يىراقتىكى ۋەتىنىمگە نەزەر سالدىم. ئەمما، ئاپئاق بۇژغۇن كۆتۈرۈپ ئۆرلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم! ۋەتىنىمدىكى قېرىنداشلىرىم، دوست - يارەنلىرىمنى ئاڭلىسۇن دەپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. ئەمما، مېنىڭ ئاۋازىم دېڭىزنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇن سۈرەنلىرىنى قانداقمۇ بېسىپ چۈشەلىسۇن؟ ياپون دېڭىزىنىڭ بېتون توسمىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلىرىدىن چاچراپ چىققان قىرتاق سۇ تامچىلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. مەن ئىختىيارسىزلىق بىلەن ئالقىنىمدا يۈزۈمنى سۈرتتىم — دە، بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندىم.

راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ ياپون دېڭىزى ھەققىدىكى تۇنجى چۈشەنچەم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «سوسىما» دېگەن رومانىنى ئوقۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما

مېنىڭ ياپون دېڭىزى ھەققىدىكى بۇ چۈشەنچەم بىۋاسىتە شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن مەندە ھازىرقىدەك بىۋاسىتە تەسىراتلارنى قالدۇرالمىغاچقا، ياپون دېڭىزىنى بۇنداق ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. مەن: «دېڭىز بويىدا تۇرۇپ نەزەر سالسا، يىراقلاردا ئاسماننىڭ سۇ بىلەن تۇتاشقان يېرىگىچە سالماق چايقىلىپ تۇرغان كەڭ — پايانسىز، جىمجىت ۋە پاكىزە دېڭىز سۈيى كۆز ئالدىدا ئايان بولىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. ئەلھال، مانا ھەقىقىي دېڭىزنى، يەنى ھەقىقىي ياپون دېڭىزىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم ـ دە، قايسى بىر كىتابتىن ئوقىغان: «مېنىڭ ساڭا بولغان چىن مۇھەببىتىم خۇددى دېڭىزدەك چوڭقۇر، خۇددى پايانسىز دېڭىزدەك چەكسىز. . . » دېگەن قۇرلار بىردىنلا ئېسىمگە كېلىپ، ئىختىيارسىز سۆزلەپ كېتىپتىمەن.

— ھە، ياشلىقىڭلار ئېسىڭلارغا كەپ قالدىمۇ — نېمە؟ — دەپ كۈلدى بۇ چاغدا يېنىمدا مېنىڭ بىلەن بىللە ياپون دېڭىزىنى كۆرۈۋاتقان ئايالىم، — ئېسىڭلاردىمۇ، ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يازغان تۇنجى خېتىڭلاردىمۇ شۇنداق دەپ يازغانىدىڭلار!

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئوڭايسىزلاندىم، بىراق، مۇشۇ تاپتا ئەرلىك غورورۇم ئۈستۈن كېلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ سۆزىگە توغرىدىن توغرا: «ھەئە، شۇنداق دەپ يازغانىدىم» دەپ جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتىم:

— ھە، خوش، نېمە، شۇنداق دەپ يازغان بولسام، يامان بوپتۇمۇ؟ — دېدىم ئۆزۈمنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن.

ئايالىم مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى چۈشەندى بولغاي، كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. . .

مەن كۆز ئالدىمدا ھەدەپ شىددەت بىلەن دولقۇنلۇنۇپ، شالاقشىپ، تېنىمسىز چايقىلىپ تۇرغان زەڭگەر ياپون دېڭىزىغا

قاراپ، تەشۋىسىز ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بەخىباش ياشلىق چاغلىرىمنى، چىن يۈرەكتىن سۆيگەن قىزغا — ھازىرقى ئايالىمغا تۇنجى مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئاشۇ يالقۇنلۇق ياشلىق دەۋرىمنى ئەسلىدىم. ھازىرقى ئايالىم شۇ چاغدا قەشقەر تىببىي مەكتىپىنىڭ ئاكوشىرلىق سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ساددا بىر دېھقان قىزى ئىدى. مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يازغان تۇنجى خېتىمنىڭ باش قۇرلىرىدا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى «دېڭىزدەك چوڭقۇر، پايانسىز دېڭىزدەك چەكسىز» دەپ تەسۋىرلىگەنىدىم. مۇشۇ دەقىقىلەردە خىيال كەپتىرىم مېنى ئىختىيارسىز ئاشۇ يالقۇنلۇق مۇھەببەت ۋە شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان ياشلىق دەۋرىمنى ئۆتكۈزگەن ۋەتىنىم جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى گۈزەل قەشقەر دىيارىغا ئېلىپ كەتتى! . . .

مەن بىتون توسما ئۈستىدە تۇرۇپ، پايانسىز ياپون دېڭىزىغا قاراپ تويمايتتىم. بىتون توسمىنىڭ سول تەرىپىدىكى كامۇيمىساكى قىياسى خوددى ئالدىغا تۇرتۇپ چىققان، سەل - پەل ئىگىلگەن ئۇزۇن مۈڭگۈزگە ئوخشاپ، غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگەنىدى. قىيانىڭ ئەڭ ئۇچىدا قانداقتۇر بىر ئىگىز ئىمارەت چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ كۈنۈسسىمان بىر مۇنار ئىدى. ساساكى خانىمنىڭ دېيىشىچە، دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاراخوت - كېمىلەرگە يول كۆرسىتىدىغان مەشھۇر كامۇيمىساكى ماياكى ئاشۇ ئىكەن.

ياپون دېڭىزىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان نەمخۇش دېڭىز شامىلى ئېلىپ كەلگەن شورلۇق سۇ تامچىلىرىنىڭ يۈزۈمگە تىنماستىن شىپىلداپ ئۇرۇلۇپ تۇرۇشىدىن ئاخىر بەزدىم — دە، بىتون توسمىغا شالاقلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئايالىم بىلەن بىللە توسما ئۈستىدىن پەسكە يېنىپ چۈشتۇم.

بىز قايتىپ كەلگەندە ساساكى خانىم بىلەن مېھرىئاي

ئىككىسى كاۋاپدان ئالدىدا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقانىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سىلەرگە مېنىڭ ياردىمىم كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېۋىدىم. ساساكى خانىم: «بۇ يەردە سىز قىلىدىغان ئىش يوق» دېگەندەك قىلىپ، قولىنى سىلكىپ قويدى. بۇ چاغدا مېھرىئايمۇ:

— دادا، ياپونلاردا: «ئەرلەر ئوچاق بېشىغا كەلسە، بەرىكەت قاچىدۇ» دېگەن تەمسىل بار، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن يېقىن كەلمە جۇمۇ؟

مەن ياخشى كۆڭلۈمنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغىنىغا ھەيران بولدۇم - يۇ، ئەمما باشقا سۆز قىلمىدىم. سىڭىشىپ پىشقان بېلىق كاۋىپى بىلەن قوي گۆشى كاۋىپىنىڭ مېزىلىك پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. تونسا توسما ئاستىدىكى بوش يەرگە سېلىنغلىق تۇرغان كېلىونكا ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاننى ۋەتەندىن ئالغاچ كەلگەن نان - توقاچ، قەن - گېزەك، گۆلە - قاق، يېمىش - مۇراببالار ۋە ھەر خىل تاتلىق تۇرۇملار بىلەن توشقۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇ چايداندىكى قايناقسۇنى چەينەككە قۇيۇپ چاي دەملىدى. بۇ چاغدا مېھرىئاي پىشقان كاۋاپلارنى تەخسە بىلەن ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا تىزدى. بىز قوللىرىمىزنى پاكىزە يۇيۇپ، مول راستلانغان دالا زىياپىتىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە داستىخان ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇق.

غىزا يەۋېتىپ، مەن ساساكى خانىمدىن ياپونلارنىڭ ئېيىتىشقا: «ئەرلەر ئوچاق بېشىغا كەلسە، بەرىكەت قاچىدۇ!» دەپ قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى - دە، ئاندىن مېھرىئايغا:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى مېھرىئاي سىز دادىڭىزغا سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

— دادا، سەن - زە، ھەممە ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراپ بىلىۋالمىغىچە ھەرگىز بولدى قىلمايسەن جۇمۇ، — دېدى

ئۇ سەل نارازى بولغاندەك قىلىپ.

— قىزىم، ئۇيغۇرلاردا: «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېگەن سۆز بار. باشلىقنىڭ سېنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى جۇمۇ، — دېدىم مەن ئەتەي بىلمىگەن بولۇۋېلىپ.

— قىزىم، بىلگەنلىرىڭنى داداڭغا سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان ئانىسىمۇ ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىمنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ئۇ. — ياپون ئاياللىرى دۇنيادا ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ رايىش، ئەڭ ئىشچان كېلىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ياپون ئەرلىرى دۇنيادا ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى ئەڭ كۈچلۈك، ئۆيلىرىدە ھېچ ئىشقا ياردەملەشمەيدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ياپونىيىدە ئەرلىرى پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ روزىگارىنى قامدايدۇ. ھالبۇكى، ئائىلىنىڭ پۈتۈن تۆشۈك ئىشلىرى ئاياللارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. مېنىڭ سۆزۈم توغرىمۇ ساساكى سان، — دەپ سورىدى ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ساساكى خانىم مېھرىئاينىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— دېمەك، ياپون ئائىلىلىرىنىڭ شەكلى مانا مۇشۇنداق، — دېدى مېھرىئاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياپون ئەرلىرى تالادا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، جاپا تارتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە مېھنىتىنى پەش قىلىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتىشىدۇ ۋە مېنىڭ گېپىم گەپ، دەپ ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇشىدۇ؛ ياپون ئاياللىرىنىڭ بولسا ئۆيىنىڭ روزىگارىدىن بۆلەك غېمى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارمۇ ئەرلىرىمىز تالادىن لوق - لوق تېپىپ ئۆيگە ئەپكېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا خوش بېگىم، دەپ بويۇن ئېگىپ ئۆگىنىپ قالغان. دەرۋەقە، ياپونىيىدە ئەرلەر قاچانلا قارىسا تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئالدىراشلا يۈرۈشكەن. ئاياللار بولسا، بىكارچىلىقتىن

زىرىكىپ، ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈشكەن. شۇڭا، ياپونىيىدە ماگىزىنلاردىكى خىرىدارلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خوتۇن - قىزلار ئىگىلەيدۇ. . .

— ئۇنداق بولسا، بىز ياپون ئەرلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلساق، سىلەر ياپون ئاياللىرىنى ئۆزۈڭلارغا ئۈلگە قىلساڭلار، بولغۇدەك، — دەپ چاقچاق قىلدىم تۇنىساغا كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ.

— سىلەرمۇ ياپون ئەرلىرىدەك لوق - لوق تېپىپ ئەپكىرەلىسەڭلار، بىزمۇ ياپون ئاياللىرىدەك يۇمشاق - يۇمشاق ئېتىپ بېرەتتۇق! — دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي.

— ياق، ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، ھەرگىز ئۆگەنمەڭلەر! بەلكى، ياپون ئەرلىرى سىلەر جۇڭگولۇق ئەرلەرنى ئۈلگە قىلسا بولىدۇ! — دېدى ساساكى خانىممۇ مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلماي، — چۈنكى پەقەت جۇڭگودىلا ئاياللار «يېرىم دۇنيا» ئەمەسمۇ؟! . . .

— ھا!-. . . ھا!-. . . ھا!-. . .

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

كېيىن بىر كۈنى، مەن پروفېسور ئابى يىچىجى بىلەن بىللە بولغاندا بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن قايتا سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىزىق گەپنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، ياپون ئەرلىرىنىڭ ئۆمرىدە ئۈچ ئانىسى بولىدىكەن، ياپون ئەرلىرى ئۆز ئانىسىدىن باشقا يەنە، ھەمشىرىلىرىنىمۇ ئۆز ئانىسى قاتارىدا كۆرىدىكەن. ئۆيلەنگەندىن كېيىن بولسا، ئەھلى ئايالىنىمۇ ئۆز ئانىسى قاتارىدا كۆرىدىكەن. شۇڭا ياپون ئەرلىرى ئۆز ئانىسى ئالدىدا قانداق ئەركىلىگەن، بەڭۋاشلىق قىلغان بولسا، ئۆز ھەمشىرىلىرى ۋە ئەھلى ئايالىنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ئەركىلەپ، بەڭۋاشلىق قىلىشقا

ھەقلىقىمىز، دەپ ھېسابلايدىكەن. مانا بۇ ياپون ئەرلىرىدىكى بەڭۋاشلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەنبەسى ئىكەن.

مانا شۇ چاغدىلا، مەن ياپونلاردىكى: «ئەرلەر ئۇچاق بېشىغا كەلسە، بەرىكەت قاچىدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ ھەقىقىي تېگىگە يەتكەن بولدۇم.

بۇ چاغدا قىزىمىز مېھرىئاي بىز ۋەتەندىن ئالغاچ كەلگەن «تار كوچا» ناملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كىچىك ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدا قويدى. بۇ چاغدا ئۈنئالغۇدىن ياڭراۋاتقان ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ ياڭراق ساداسى پۈتۈن دېڭىز ساھىلىنى قاپلىدى.

بىزنىڭ شاكوتان يېرىم ئارىلىنىڭ كامۇيىماساكى تۇمشۇقىدىكى ساياھىتىمىز ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ۋە ئاجايىپ مەنىلىك داۋام قىلىۋاتاتتى، مۇشۇ تاپتا بىز جاھاننىڭ پۈتۈن غەم - قايغۇلىرىنى جاھاندىكى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىر پەس بولسىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان، تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن قىلچە تەشۋىشسىز ھالدا پۇخانىمىزدىن چىققىچە بەھر ئېلىۋاتقاندۇق. . .

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، خوككايدو سىزدە قانداقراق تەسىراتلارنى قالدۇردى؟ — دەپ سورىدى ساساكى خانىم مەندىن.

— خوككايدو گۈزەل ئىكەن، مەن ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەل ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردىم ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا.

— سىز قانداق ئويلىغاندىڭىز؟

ئەمدى ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەرمەي بولمىدى.

— مەن ۋەتەندىكى چاغدا خوككايدو ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان

ياپونيه ھېكايه فىلىملىرىنى كۆرگەن. مەسىلەن، سىلەردىكى داڭلىق كىنو ئارتىسلىرىدىن تاكاكۇرا باش رول ئالغان «قوغلاپ تۇتۇش»، «سېرىق قولياغلىق»؛ ياماگۇچى بىلەن ياماغۇرالار رول ئالغان «مىسلىسىز گۈزەل كوي» ۋە يوكوچى رول ئالغان «يىراقتىكى چاقىرىق» قاتارلىق كىنو فىلىملىرىدا خوككايدودا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنگەن. بىراق، بىز بۇ كىنو فىلىملىرىنى كۆرۈپ خوككايدو توغرىسىدا پەقەت ۋاستىلىق تەسىراتقىلا ئىگە بولغانىدۇق. ھالا بۈگۈن بىز بۇ گۈزەل ئارالدا يۈرۈپ، ئالدىنقى تەسىراتقا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولدۇق!

— سىز «بىۋاستە تەسىرات» دېگەندە، نېمىنى كۆزدە تۇتتىڭىز؟

— مەسىلەن، خوككايدو بىلەن قەشقەرنى ئوخشاتساق، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاللاتائالا جەننەتنى تەقسىم قىلغاندا، سىلەرگە جەننەتنىڭ ئەڭ گۈزەل، پاكىزە قىسمىنى تەقسىم قىلىپ، بىزگە ئەڭ ھاۋالىق، مېۋە - چېۋە ماكانىنى تەقسىم قىلغانىكەن.

مېنىڭ بۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىشمنى ئاڭلاپ، ھەممىسىلا كۈلۈشتى.

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، خوككايدونىڭ گۈزەل تەبىئىي مۇھىتىنى ئەينەن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ياپون خەلقىگە قانچىلىك قۇربان بېرىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— . . . ؟

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم.

— ھۆرمەتلىك ئابدۇۋەلى سان، — دېدى ساساسكى خانىم بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى، — تەبىئەتتىكى يول ئەگرى - توقاي بولسا كېرەك يوق. چۈنكى، بۇنداق ئەگرى توقاي يولدا ماڭغاندا، تەبىئەتنىڭ

گۈزەل مەنزىرىسىدىن تولۇق بەھىر ئالغىلى بولىدۇ. بىراق، جەمئىيەتتىكى يول ئەگرى - توقاي بولسا، ئىنسانلارغا زىيىنى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ! ئىنسانلار بۇنداق ئەگرى - توقاي يولدا قانچە ئۇزاق ماڭسا، قايتىپ كەلمىكىمۇ شۇنچە قىيىنلىشىدۇ!

— يەكۈنىڭىزگە بارىكاللا، ھۆرمەتلىك ساساكى سان، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر پەلسەپۋى مەنانىڭ تېگىگە يېتىپ.

— بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى، — دېدى ئۇ، — خوككايدونىڭ شىمالىي قىسمىدا يۇبارى دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر شەھەر بولىدىغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 60 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، يۇبارى ئۆزىدىن چىقىدىغان تاشكۆمۈرى بىلەن تېز تەرەققىي قىلىپ، «ياپونىيە تاشكۆمۈر پايتەختى» دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولغانىدى. بۇ بارى كۆمۈرلىكىنىڭ كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كومۇر زاپىسى 6 مىليارد توننىغا يېتەتتى. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان تاشكۆمۈر پۈتۈن ياپونىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاشكۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ %20 نى تەشكىل قىلاتتى. بىراق، بۇ يەردىكى تاشكۆمۈر مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا ئاشقانسېرى، خوككايدونىڭ تەبىئىي مۇھىتمۇ يىلدىن - يىلغا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ياپونىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى يۇبارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۆمۈر كان شاختىسىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئاۋات بولغان يۇبارىنىڭ ئەسلىدىكى ئاۋات مەركىزى شەھەرلىك مەنزىرىسى ئىككىنچىلەپ ئەسلىگە كەلمىدى. ئەسلىدە كۆمۈر قېزىش سانائىتىگە تايىنىپ جان باقىدىغان نەچچە يۈز مىڭ ئادەم بىر كېچىدىلا ئىشسىز قېلىپ، باشقا جايلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھازىر يۇبارى ئاران 12 مىڭ ئاھالىسى

بولغان كىچىك بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى. دېمەك، ئىنسانلار بىر مەھەللىك گۈللىنىشىنى دەپ، تەبىئىي مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىشىدۇ! . . .

— . . .

مەن باشقا سۆز قىلمىدىم. بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ بىرگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا، بىز قايتىش تەرەددۇتنى قىلىشقا باشلىدۇق. مەن كاۋاپدان، ئېشىپ قالغان ياغاچ كۆمۈرى، سۇ بالونى ۋە باشقا نەرسىلەرنى پاك ـ پاكىزە يىغىشتۇرۇپ ماشىنىغا سالدىم، ئاندىن ساساكى خانىمغا ياردەملىشىپ، ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىمىز پەيدا قىلغان ئەخلەتلىرىمىزنى بىر تالمۇ قالدۇرماي سېرىپ ـ سۈپۈرۈپ، تۇر ـ تۇرى بويىچە سۇلياۋ قاپقا قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتكەندىن كېيىن ئۇنىمۇ ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا سالدىم. ئەتراپىمىزنى تەپسىلىي تەكشۇرۇپ، ھېچنەرسە قالمىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتكەندىن كېيىن كۆڭلىمىز ئاندىن ئەمىن تاپتى ـ دە، ماشىنىغا چىقىپ، ساپوروغا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق. . .

## «كۆك تومۇر سانائىتى»دىن «ئەخلەتسىز» جەمئىيەتكىچە

بىز ساپورro شەھىرىگە تۇنجى قېتىم قەدەم باسقاندا، بۇ شەھەرنىڭ قىلچىمۇ چاڭ - توزانسىز، ئادەتتىن تاشقىرى پاكىزە بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدۇق. ئۇرۇمچىدە ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئاياغ مايلىماي تۇرۇپ، تالاغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ساپورrودا بولسا بىر ئايغىچىلىك ئاياغنى مايلىمايمۇ يۈرۈۋېرىش مۇمكىن. بۇ يەرنىڭ چاڭ - توزانسىز، پاكىزە بولۇشى ئېھتىمال ياپونىيىنىڭ نەم دېڭىز - ئوكيان ھاۋا كېلىماتى ۋە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ 63% گە يېتىدىغانلىقىنىڭ شاراپىتىدىن بولۇۋاتقان ئىش بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى مۇھىت تازىلىقى خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەجىر - مېھنىتىدىن ۋە ياپونلارنىڭ تازىلىق سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە!

ساپورو شەھىرىنىڭ ئاھالىسى بىر مىليون 800 مىڭدىن ئاشىدىكەن. يەر كۆلىمى 1221 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە ئۈۋاكى، شىزۇئوكا شەھەرلىرىدىن قالسىلا ياپونىيە بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. شەھەر بويىچە چوڭ - كىچىك كوچا - مەھەللە باغچىسىدىن 142 ى بار ئىكەن. بۇ باغچىلارنىڭ ئەڭ

چوڭلىرىنىڭ كۆلىمى 2000 مودىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ 100 مودىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر ئەتراپىدا ئون ئورۇندا تەبىئەت باغچىسى بار بولۇپ، ساپوررو شەھىرىنى 100 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى تەبىئىي ئورمانلىق بىلەن ئوراپ تۇرىدىكەن.

شەھەرلەردە چوڭ - كىچىك باغچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشى ياپونىيىنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن ئوخشاشمايدىغان بىر تۈپ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ باغچىلاردا دۆلىتىمىزدىكى باغچىلاردىكىدەك مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ۋە گۈزەل مەنزىرىلىك جايلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنى ئارامخۇدا دەم ئالىدىغان تىنچ، ئازادە ۋە پاكىز مۇھىت بىلەن تەمىنلەشتە بىزدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىكەن. بۇ باغچىلاردا كىشىلەرنىڭ چېنىقىشى ۋە كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ياسالغان تاق - جۈپ تورنىكلار، تۆرلۈك گارلار، كالتەك توپ مەيدانى، ئېگىزلىككە يامىشىش شوتىسى، ئارغامچا شوتا، باللار ئوينايدىغان تۈرلۈك ئويۇنچۇقلىرى تەل بولغان مەيدانلار تەسىس قىلىنغانىكەن. باغچىلارنىڭ ئاسفالتلىق تۈز ۋە تەكشى يوللىرىدا كىشىلەر ئىتلىرىنى يېتىلىشىپ، دەم ئالغاچ سەيلى قىلىپ يۈرىشىدىكەن ياكى باغچىنىڭ ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ ئاپتاپ سۈنىشىدىكەن. ھەممە ئادەم باغچىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقىنى ئاڭلىق ھالدا ساقلاپ، قىلچىمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشمايدىكەن. كىشىلەر جامائەت سورۇنى بولغان باغچىلارنىڭ تازىلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەخلەتلىرىنى، بوش ئىچىملىك قۇتىلىرىنى ۋە ئىتلىرىنىڭ گەندىلىرىنى سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئاپىرىپ تاشلايدىكەن.

باغچىلارنىڭ ئاممىۋى تازىلىقىغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەملەر بولىدىكەن. بىز باغچىلاردا قولىدا داسمال، پۇل سۈرتكۈچ، سۈپۈرگە ۋە چېلەكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان تازىلىق

خادىملىرىنى ئۇچراتتۇق. بۇ ئادەملەر پېنسىيىگە چىققان قېرىسال ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىكەن. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىگە ئىنتايىن سادىق، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر بولۇپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىشىدىكەن. يەرگە چۈشكەن بىرەر تال يوپۇرماق ياكى ئەخلەتلەرنى قىلچىمۇ ئېرىنمەستىن بىر - بىرلەپ تېرىپ ئېلىۋېتىدىكەن. ئۇلار باغچىلاردىكى سىمونت خىشلارنى پۇل سۈرتكۈچ بىلەن يۇيۇپ تازىلاپ پارقىرىتىۋېتىدىكەن. ئورۇندۇقلارنى داۋاملىق سۈرتۈپ تۇرغاچقا، ئولتۇرسىڭىز كىيىملىرىڭىز ھەرگىزمۇ توپا بولمايدىكەن. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ «ياپونلار باغچىلارنى ئۆيدىنمۇ پاكىزە تۇتىدۇ» دېيىشى بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن.

بىر قېتىم، مەن پروفېسسور ئابى يېچىجى ئەپەندى بىلەن مەخسۇس مۇھىت ئاسراش ۋە مۇھىت تازىلىقى مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدىم. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى خاربىن شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بۇ پېشقەدەم ئالىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدىكى ياپونىيە كانتون ئارمىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي - شىمال رايونىدا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھالدا باكتېرىيە ئۇرۇشى قوزغاپ، سان - ساناقسىز بىگۇناھ جۇڭگولۇقلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە ۋە مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ ياپونىيە - جۇڭگو دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتىنىڭمۇ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ مۇھىت ئاسراش، مۇھىت تازىلىقى، كېرەكسىز ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە

ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلىنىش ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، مۇھەت ئاسراش مەسىلىسىنىڭ ياپونلار ئېڭىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم.

— بىز ياپونلار تۇرلۇك ئەخلەتلەرنى ۋە كېرەكسىز سانائەت بۇيۇملىرىنى ئەزەلدىن «كېرەكسىز» دەپ قارىغان ئەمەسمىز، — دېدى ئۇ ماڭا، — چۈنكى، بۇنداق كېرەكسىز ئەخلەتلەرنى تۇرگە ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنى ئايرىۋالغاندا، بۇ «ئەخلەتلەر» قايتا پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىق مەنبەسىگە ئايلىنىش مۇمكىن. شۇڭا، بىز بىر قېتىملا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بايلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنى «قىزىل قان تومۇرى سانائىتى» دەپ ئاتىساق، كېرەكسىز ئەخلەتلەرنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنى «كۆك قان تومۇرى سانائىتى» دەپ ئاتايمىز. ئۇنىڭ رولى خۇددى تەركىبىدە كاربون ئوكسىدى بىر قەدەر كۆپ بولغان بۇزۇق قاننى تازىلاش ئۇچۇن يۇرەك ئارقىلىق ئۇپكىگە يەتكۇزۇپ بېرىدىغان كۆك قان تومۇرىغا ئوخشايدۇ. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ كېرەكسىز، تاشلاندۇق ئەخلەتلەرنى باشقۇرۇش تۇزۇمى ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا، ياپونىيىدە مۇھىتنى بۇلغاشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەلۇم بىر جايدا زاۋۇت قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ بىر ـ بىرلەپ رازىلىقىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ياپونىيىدە زاۋۇت كان ـ كارخانىلارنىڭ تارقاق ئورۇنلىشىشىدىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

پروفېسسور ئابې يىچجىننىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونىيىدە ئائىلىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىۋەتمەك بىزدىكىدەك ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىكەن. چۈنكى، ئائىلە ئەخلەتلىرىنى تۆكۈش ئۇچۇن، ئالدى بىلەن ئەخلەتلەرنى «قايتا

پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىق تىپىدىكى ئەخلەتلەر» (كېرەكسىز قەغەزلەر ۋە كېرەكسىز مېتال، ئەينەك قۇتىلار)، «كۆيدۈرۈشكە بولمايدىغان ئەخلەتلەر» (كۆيدۈرگەندە زەھەرلىك گاز ھاسىل قىلىدىغان ئەخلەتلەر) ۋە «كۆيدۈرۈشكە بولىدىغان ئەخلەتلەر» (كۆيدۈرگەندە زەھەرلىك گاز ھاسىل قىلمايدىغان ئەخلەت) دېگەن تۈرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەخسۇس ئىشلەنگەن ئەخلەت خالتىسىغا قاچىلىغاندىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئاپىرىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدىكەن. ياپونىيىدىمۇ ئاھالىلەر بىزدىكىدەك ئەخلەت پۇلى تاپشۇرىدىكەن. بىراق، ئۇلار بىزدىكىدەك ئەخلەت پۇلىنى جان سانىغا قاراپ تاپشۇرمايدىكەن. ئۇلار ئەخلەت خالتىسىنى سېتىۋالغاندىلا ئەخلەت پۇلى ئاشۇ خالتىلارنىڭ باھاسى ئىچىگە قوشۇۋېتىلگەن بولىدىكەن. شۇڭا ياپونىيىدە ئەخلەت خالتىسىنىڭ باھاسى ئادەتتىكى باشقا خالتىلارنىڭ باھاسىدىن قىممەت بولىدىكەن. ئادەتتە جان سانى تۆت كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر ئائىلىنىڭ ھەر ئايدا ئەخلەت خالتىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدىغان خىراجىتى تەخمىنەن 500 ياپون يېنىغا (تەخمىنەن توققۇز يۈەن خەلق پۇلىغا) يېتىدىكەن. سۇنۇپ كاردىن چىققان ئورۇندۇق - شىرە، كارۋات ياكى كاردىن چىققان، مودىدىن قالغان ئائىلە ئېلېكتر بۇيۇملىرىنى تاشلىماقچى بولسىڭىز، يەنە ئايرىم ھەق تۆلەيدىكەنسىز.

بىز قىزىمىز مېھرىئاينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ ھەر خىل ئەخلەتلەرنى يىغىپ ئېلىپ كېتىش ۋاقتىغا ئادەتلىنەلمەي بىر مەزگىل تازا قىينالدۇق. ساپوررو شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئائىلە ئەخلەتلىرىنى كۆرسىتىلگەن ئەخلەت تۆكۈش ئورنىغا ھەر ھەپتىدە تۆت قېتىملا تۆكۈشكە بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىمدا «قايتا پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىق

تېپىدىكى ئەخلەتلەر» نى، ئىككى قېتىمدا «كۆيدۈرۈشكە بولىدىغان ئەخلەتلەر» نى، يەنە بىر قېتىمدا «كۆيدۈرۈشكە بولمايدىغان ئەخلەتلەر» نى تۆكۈشكە بولىدىكەن.

سەي - كۆكتاتلارنىڭ ۋە مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ شۇپۇك - قالدۇقلىرى، بېلىق قىلتىرىقلىرىغا ئوخشاش ئاشخانا ئەخلەتلىرى «كۆيدۈرۈشكە بولىدىغان ئەخلەتلەر» قاتارىغا كىرىدىكەن. ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى ھەر ھەپتىدە ئاران ئىككى قېتىمدىلا تۆكۈشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئەخلەتلەرنى «ئاۋايلاپ يىغىپ ساقلاپ»، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئەخلەتخانىغا تاشلاشقا توغرا كېلىدىكەن. مۇبادا، بىخەستىلىك قىلىپ، شۇ قېتىمقى ئەخلەت تۆكۈش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالسىڭىز، يەنە بىر قېتىملىق ئەخلەت تۆكۈش ۋاقتى يېتىپ كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئۆيىڭىزدە «يىغىپ ساقلاش» قا مەجبۇر بولىدىكەنسىز. ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ تۆكۈش - ياپونىيىدە ياشايدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەزمەن ئىگىللىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر خىل تۇرمۇش ئىقتىدارى ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا، ياپونلار ئۆز بالىلىرىنى كىچىكىدىنلا بۇنداق تۇرمۇش ئىقتىدارىغا ئادەتلەندۈرۈشنى ئائىلە تەربىيىسىدىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك مەزمۇن، دەپ ھېسابلايدىكەن.

ياپونىيىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ياشايدىغان ئاھالىلەر تۈرلۈك تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ۋە ھەر خىل كېرەكسىز سانائەت بۇيۇملىرىنى مەخسۇس خالتىلارغا ئايرىپ قاچىلىغاندىن كېيىن مەخسۇس ئەخلەت تۆكىدىغان ئورۇنغا ئاپىرىپ تاشلايدىكەن. بۇ ئەخلەتلەر مەخسۇس ئەخلەت توشۇش ماشىنىلىرى ئارقىلىق ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانلىرىغا توشۇلىدىكەن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تارماقلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن. شۇڭا، شەھەر يېزىلاردىكى

ھەر قايسى ئاھالە رايونلىرىنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ تۆكۈش ۋاقتى قانۇن بويىچە مۇقىم قىلىپ بېكىتىلگەنىكەن. ئاھالىلارمۇ بۇ ۋاقىتقا ئاڭلىق تۈردە قاتتىق رىئايە قىلىدىكەن. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئەخلەتلەرنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە قالايمىقان تاشلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدىكەن. بولمىسا، قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدىكەن.

— ياپونىيە ھۆكۈمىتى، — دېدى پروفېسسور ئابى يىچىجى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — 2001 - يىلى 4 - ئايدا «ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن قايتا پايدىلىنىش قانۇنى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بۇ قانۇنغا ئائىلە ئېلېكتىرىك سايمانلىرى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى كونا نەرسىلەرنى ئەمدى كېرەكسىز بۇيۇملار سۈپىتىدە سېتىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى بۇنداق بۇيۇملارنى ئەخلەت ئورنىدا قالايمىقان تاشلىغانلاردىن ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. قالايمىقان ئەخلەت تاشلىغان بەزى «يۈزى قېلىن» ئادەملەر ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن مەتبۇئاتلاردا قىلچىمۇ يۈز - خاتىرە قىلىنماستىن، پات - پات ئاشكارىلىنىپ شەرمەندە قىلىپ تۇرۇلغاچقا، ئۆز ئىناۋىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ياپونلار بۇنداق شەرمەندىچىلىككە قالغىچە، ئەخلەتلەرنى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى ئەلا بىلىشىدىكەن! . . .

بىز خوككايدونىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا بىزدىكىدەك سېسىق پۇراپ، تۆت ئەتراپقا مىكروب - ۋىرۇسلارنى تارقىتىپ تۇرىدىغان پاسكىنا ئەخلەت دۆۋىلىرىنى ئاساسەن چېلىقتۇرمىدۇق. مۇھىت تازىلىقىغا مەسئۇل خادىملار ئەخلەتلەرنى تازىلىغاندا، بىزدىكىدەك قولىغا ئارا - گۈرجەك ئېلىپ ئىشلىمەستىن، بەلكى قولىغا ئاق پەلەي كىيىپ پاكىزە ئەخلەت خالتىلىرىنى ئەخلەت توشۇش ماشىنىسىغا بىر - بىرلەپ قاچىلىغاندىن كېيىن پاشا - چىۋىن پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەخلەتخانىلىرىنى

سېرىپ - سۈپۈرۈپ پاك - پاكىزە ئادالاپ، ئاندىن دورىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىدىكەن.

پروفېسسور ئابى يىچىجى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى 2000 - يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن دۆلەت بويىچە «21 - ئەسىردىكى ساغلام ياپونىيە» پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلاپتۇ ۋە «ناچار تۇرمۇش ئادىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەر» نىڭ ئالدىنى ئېلىشنى - بۇ پىلاندا يېتىدىغان نىشانلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ، ياپونلاردا تازىلىقنى سۆيۈشتەك ياخشى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپتۇ.

شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىدا ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ قىس بولۇشى - ئۇزاقتىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، مېنىڭچە مەلۇم بىر يۇرتنىڭ «تازىلىق سەۋىيىسى» گە قاراشتا، ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ يۇرتتىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ تازىلىقىغا قاراش كېرەك. بىز خوككايدودا تۇرغان مەزگىللەردە، مەيلى شەھەرلەردە بولسۇن، ياكى يېزىلاردا بولسۇن دېڭىز بويلىرىدا بولسۇن ياكى تاغلىق رايونلاردا بولسۇن ھەتتا يول ياقىلىرىدا بولسۇن، ياپونلارنىڭ ئاممىۋى ھاجەتخانىلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىدىن قىلچىمۇ قۇسۇر تاپالمىدۇق. ياپونىيە سۇ ئىنتايىن مول بىر دۆلەت. شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلايدىغان قۇرۇلمىلار ئورنىتىلغانىكەن. ھەمدە ھاجەتخانىلارنى كۈندە يۇيۇپ تازىلاپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم بار ئىكەن. ھاجەتخانىلاردا غەيرى پۇراق بولۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدىكەن. بىز بەزى ھاجەتخانىلاردا ھەتتا يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. ياپونلارنىڭ كىشلەر ئېڭىدا ئەڭ مەينەت ھېسابلىنىدىغان ئاشۇنداق جايلارنىمۇ پاك - پاكىزە تۇتۇپ، بېزەپ مۇھىتى گۈزەل بىر جايغا

ئايلاندۇرغانلىقى بىزنىڭ ئامىمىۋى سورۇنلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاشتا ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىدۇر.

پروفېسسور ئابى يىچىجى ماڭا يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

2002 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — ياپونىيىدە نەشىر قىلىنغان چوڭ ـ كىچىك گېزىتلەر يۈز نەچچە خىلغا يەتتى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ئومۇمىي تىراژى 70 مىليون 800 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ياپونىيىدە گېزىتلەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 1000 (ئادەم) /664 (نۇسخا) بولۇپ، شىمالىي ياۋرۇپادىكى نورۋېگىيىدىن (705/1000) قالسىلا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان گېزىت ئىستېمال چوڭ دۆلىتى بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى نەشىردىن چىقىدىغان چوڭ ـ كىچىك گېزىتلارنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مەتبەئە قەغىزىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن نەچچە يۈز مىڭ توپ ياغاچ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. بىر توننا مەتبەئە قەغىزىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.1 كۇب مېتىر ياغاچ خامئەشيا قىلىنىدۇ. بۇ 17 توپ دەرەخنى كېسىۋەتكەنگە باراۋەر دېگەن گەپ. مۇبادا، كونا گېزىت ـ ژۇرناللارنى يىغىۋېلىپ قايتىدىن پىششىقلاپ قەغەز ئىشلەپچىقارغاندا، نۇرغۇن ياغاچ ماتېرىيالىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر توننا كونا گېزىتتىن 800 كىلوگرام يېڭى قەغەز ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن. بۇ ئۈچ كۇب مېتىر ياغاچنى تېجەپ قالغانغا باراۋەر دېگەن گەپ. شۇڭا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ياغاچ ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىنىدىغان قەغەزچىلىك سانائىتىدە نوقۇل ھالدا ياغاچ ماتېرىيالىغا بولغان تايىنىشچانلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، كونا گېزىت ـ ژۇرناللارنى يىغىۋېلىپ، قايتا پىششىقلاپ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن،

دۆلەتنىڭ چەكلىك ئورمان بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، تۇرلۇك قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ياغاچ كېسىشنى قەتئىي چەكلىمەكتە.

پروفېسسور ئابى يىچىجىنىڭ ئېيتىشىچە، ياپونىيىدە دەرەخنى رۇخسەتسىز كەسكەنلەرگە ياكى قەستەنگە نابۇت قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە بېرىلىدىغان جازادەكلا ئېغىر ئىكەن.

مەن ئۇنىڭدىن: «دۆلىتىڭلاردا مۇھىتنى بۇلغايدىغان تۇرلۇك سانائەت، مۇلازىمەت ۋە تۇرمۇش سىستېمىلىرىدىن هاسىل بولىدىغان پاسكىنا، كىرەكسىز سۇلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— دۆلىتىمىزدە مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ۋە قۇرۇلغان ئىجراسى ئىنتايىن قاتتىق بولغان تازىلىق ئۆلچىمى ۋەھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولغان نازارەتچىلىك سىستېمىلىرى بولغاندىن سىرت، — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋابەن، — سانائەت، تۇرلۇك مۇلازىمەت كەسىپلىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن هاسىل بولىدىغان كىرەكسىز، پاسكىنا سۇلارنى تازىلاپ، زەھەرسىزلەندۈرىدىغان مەخسۇس زامانىۋى سۇ تازىلاش زاۋۇت — كارخانىلىرى قۇرۇلغان. كىرەكسىز، پاسكىنا سۇلار مۇشۇنداق مەخسۇس سۇ تازىلاش زاۋۇتلىرىدىكى زامانىۋى سۇ تازىلاش ئۈسكۈنىلىرى تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا تازىلىنىپ، زەھەرسىزلەندۈرۈلۈپ، تازىلىق دەرىجىسى دۆلەتنىڭ ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئاندىن دەريا ـ دېڭىزلارغا قويۇپ بېرىلىدۇ . . .

تويوخىرا گاۋا — ساپوررو شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئىنتايىن گۈزەل بىر دەريا. ئۇ بىز تۇرۇۋاتقان

شىرائىشى مەھەللىسىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن بىر كىلومېتىردەك كېلىدۇ. دەريا ساھىلىنىڭ كەڭلىكى بىر چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. دەريا ساھىلىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىگە يەنە تۈرلۈك تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسالغان. دەريا ئېقىنىدىكى ئېقمۇاتقان سۈزۈك سۇ بويىدا مەجنۇن تاللار بېشىنى ئېگىشىپ، دەريادىكى سۇغا تېگىپ تۇرىدۇ. يازنىڭ سالقىن كېچىلىرىدە كىشىلەر ھاۋالانغاچ دەريا ياقىسىدا سەيلە قىلىشىدۇ. مۇبادا، سىزمۇ يازنىڭ شۇنداق ئايدىڭ كېچىلىرىنىڭ بىرىدە تويوخسىرا دەرياسىنىڭ بويلىرىنى يورۇتۇپ تۇرغان تولۇنئاينىڭ نۇرىدا مەيىن شامال سوقۇپ تۇرغان دەريا ساھىلىنى تاماشا قىلسىڭىز، تولىمۇ گۈزەل تۇيغۇلار ئېچىگە چۆمۈپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىسىز! مەن ئەگەر پۈتۈن ساپوررو شەھىرىنىڭ تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان پاسكىنا سۇلىرى بىلەن سانائەتتىن ھاسىل بولغان كېرەكسىز سۇلارنىڭ ھەممىسى سۈزۈك دەريا سۈيىدە بېلىقلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۈزۈپ يۈرىشىدىغان مۇشۇ گۈزەل تويوخسىرا دەرياسىغا قۇيۇپ بېرىلىدۇ! (ئەلۋەتتە تازىلىنىپ پۈتۈنلەي زەھەرسىزلەندۈرۈلگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ!) دېسەم، سىز ئىشىنەرسىزمۇ؟

2002 - يىل 9 - ئايدا خوككايدونىڭ ساپوررو شەھىرىدە يېزىلدى.

2003 - يىل 5 - ئايدا خوشۇت ناھىيىسىنىڭ تېۋۈلغا بازىرىداقايتا تۈزىتىلدى.